“ئەتىكى قۇياش” ـ ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھاياجانغا سالغان ھېكايىلەر

# ئوڭ قول بىلەن باھا تالاشقان سول قول



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتاب ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوشۇمچە ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ كەم بولۇش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر جۇڭگو ۋە چەت ئەل بالىلار ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۆرنەك بولۇش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، ھېكايىلەرنىڭ ھەجمى قىسقا، ۋەقەلىكى ئاددىي ھەم قىزىقارلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك. شۇ ۋەجىدىن بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭلا قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ قالماي، بەلكى مۇشۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەننى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنداقلا بۇ كىتاب قىسقا ئەسەر يېزىش ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇشلۇق بولۇپ قالغۇسى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھاياجانغا سالغان ھېكايىلەر

# ئوڭ قول بىلەن باھا تالاشقان سول قول

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

## قىرتاق چاي ۋە كۈچلۈك شاراب


جاپالىق كۈنلەردىن خۇشاللىق ئىزدەش ........ 2
داغدا قالغان ھازىدار ........ 4
سۈپۈرۈلمەي قالغان قەبرە ........ 7
ئاسۈي ........ 10
سۇ ھەققىدە خاتىرە ........ 13
ۋىجدان سورىقى ........ 17
ئۈزۈم يېيىش ........ 23
نىكاھسىز تويىنىڭ ئاقىۋىتى ( ئامېرىكا) ........ 25
ئادەمگەرچىلىكنىڭ بەدىلى ........ 28
ئۆمۈرگە تەڭ بىر جۈملە سۆز ........ 34
ئىش ھەققى ........ 36
ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى ........ 40
ئەڭ ئاخىرقى كۈي ........ 43
ئوڭ قول بىلەن باھا تالاشقان سول قول ........ 48
تاتلىق ئۈزۈم ........ 50
مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ........ 52


## گۈلزارلىقتىن تارالغان ھىدلار


ئانام ........ 55
قۇدۇقتا ساقلانغان ئالما ........ 59
ئانامنىڭ كۆز يېشى ........ 62
ساختا بۇيۇم ........ 65

مۇھەببەتكە يېتەكلىگەن قۇياش نۇرى ........................ 69
ئانا مۇھەببىتى ........................ 71
ئاتامنىڭ ئۈچ ئېغىز سۆزى ........................ 75
مۆجىزە ........................ 78
ئانىنىڭ جاۋابى ........................ 81
ئۆگەي ئاتا ........................ 83
ئۆگەي ئاتا ( ئامېرىكا) ........................ 86
نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇس سوغۇقتا ........................ 86
تېلېفوندا قىلىشقان ۋەدە ........................ 89
ئانا — پەرىشتە ........................ 91
قىرىق توققۇز تال قىزىل ئەتىرگۈل ........................ 94
مۇھەببەتنىڭ ۋەزنى مۆلچەرلىگۈسىز ........................ 97

## قەدىمىي ئەنجۈر دەرىخىنىڭ بايانى

قىرىق بەش تال لېپاپ ........................ 100
يېرىم كىشىلىك چۈشلۈك تاماق ........................ 104
بەخت ئىزدەش ........................ 108
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ........................ 111
يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرلۇق ئاتا ........................ 117
سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالايلى ........................ 121
تاپشۇرۇق ........................ 127
تېز تاماقخانىدىكى ئۇچرىشىش ........................ 130
«ئاكا» دېيىش ھەقىقەتەن شۇنچىلىك تەسمۇ؟ ........................ 134
پەرىشتىنىڭ قانىتى ........................ 141
تاللىماي چاچساڭ ئۇرۇق، ئالغىنىڭ تىكەن بولۇر ........................ 144
ئوۋياڭنىڭ ھېكايىسى ........................ 147
ئالتە موما ........................ 150
خاراكتېر ئىمتىھانى ........................ 153
مەكتەپ پۈتتۈرۈش سوۋغىسى ........................ 156

## سەرۋى قامەتلىك بامبۇك دەرىخىنىڭ ئىزھارى


ھەركىم مۇھەببەت قويۇشقا ئەرزىيدۇ .................................. 160
شادلىق بەخش ئەتكۇچى تۆت ئېغىز سۆز .................................. 163
بىر تاغار موما .................................. 165
تۇلپارنى يىقىتقان چۆپ .................................. 169
كەمبەغەلنىڭ دەسمايىسى .................................. 172
كىتاب مەستانىسى .................................. 174
ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى .................................. 177
تەقدىرداشلار .................................. 180
چىرايىغا پۇتۇلگەن تەقدىر .................................. 182
دەس تۇرغان قېتىم سانى .................................. 184
ئاخىرقى ئالقىش .................................. 186
ئارزۇ - ئارمانىنىڭ قىممىتى .................................. 189
ئاخىرقى بىر دەستە كەترەن گۇلى .................................. 191
رەقىبىنى بىر بوتۇلكا سۇ بىلەن يەڭگەن ئادەم .................................. 194
قەلب قېتىدىكى ھاياجان .................................. 196
بىر چۆگۇن قۇدۇق سۇيى .................................. 199
مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا چۇشۇپ قالدىم .................................. 202


## ئۇستىنى قىرو باسقان قارىغاي


ئۇمىدلىك ياشاش ئىنسانىنىڭ ئىشى .................................. 206
نىشان بەلگىلەشتىن باشلانغان ھايات .................................. 209
كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ .................................. 211
ئاشۇ يىل، ئاشۇ ئاي، ئاشۇ ئىت .................................. 213
كەمتۇك ھورنان .................................. 219
شال پاخىلى .................................. 223

دورا ھىندى ........................ 226

چوڭ جىن بىلەن كىچىك جىن ........................ 230

دوك گۇلۇنىڭ كۆچەت تىكىشى ........................ 233

ئۆسمۈرنىڭ قەلبى ........................ 238


ئىرادىنىڭ كۈچى ........................ 241

جانغا تىكىلگەن خەۋپ ........................ 243

سېنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ قالسام ........................ 246

ئەر - خوتۇن ئەمالار ........................ 249


كۆڭۈل شامى ........................ 253

# قىرتاق چاي ۋە كۈچلۈك شاراب

تۇرمۇش قىرتاق چايغا ئوخشايدۇ. گەرچە چاي قىرتاق بولسىمۇ، لېكىن تامشىپ - تامشىپ ئىچسىڭىز، ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ئاغزىڭىزدىن كەتمەيدۇ؛ تۇرمۇش ئېسىل شارابقا ئوخشايدۇ، گەرچە ئېسىل شاراب گالنى ئوتتەك قىزدۇرۇپ ئۆتسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىنى شېرىن كەيپ قىلىدۇ.

تۇرمۇشقا نەزەر سالساق، كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن قىسمەتلىرى، چوڭ بولۇش داۋامىدا قالدۇرغان ئىزلار، ئۆزىمىز ئويلاپ باقمىغان ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن تولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شۇڭا، بىز تۇرمۇشنى چۈشىنىشكە، ھايات توغرۇلۇق تىرەن ئويلىنىشقا باشلايمىز ھەم بارا - بارا پىشىپ يېتىلىمىز، قىرتاق چايغا ھەم لەززەتلىك شارابقا ئوخشايدىغان تۇرمۇشنى ئىدراكىي تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋالىمىز.



تۇرمۇشتا گۈزەللىك كەم ئەمەس، ئۇنى بايقاش كەم.
ھەرقانداق ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشىدىن خۇشاللىق تاپالايدۇ.

# جاپالىق كۈنلەردىن خۇشاللىق تېپىش

جاۋ شاۋدۇڭ

مەن بىر قېتىم سەيلە ـ ساياھەتكە ئامېرىكىغا چىقتىم. ساياھەت يېتەكچىسى بىزگە سېتىلدا ئالاھىدە بىر بېلىق بازىرى بارلىقىنى، ئۇ يەردىن بېلىق سېتىۋېلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ھوزۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سەپەرداشلىرىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك قىزىقىپ قالدى.

ئۇ كۈنى، ھاۋا تۇتۇق ئىدى. لېكىن، بېلىق بازىرىدىن بېلىقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى ئەمەس، بەلكى بېلىق سېتىۋاتقانلارنىڭ شادلىق كۈلكىسى كەلدى. چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان بېلىق ساتقۇچىلار خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ماسلاشقان كالتەك توپ كوماندا ئەزالىرىدەك توڭ بېلىقلارنى بىر ـ بىرىگە ئېتىپ: «بەش تال قارا بېلىق مىننېپساتاغا كەتتى»، «سەككىز تال قىسقۇچپاقا كانزاسقا كەتتى» دەپ توۋلىشاتتى. بۇ يەر شۇ قەدەر ئىناق ھاياتقا، شۇ قەدەر ھوزۇرلىنارلىق شادىيانە كۈلكىگە تولغان ماكان ئىدى.


مەن بىر بېلىق ساتقۇچىدىن:

— سىلەر مۇشۇنداق مۇھىتتا ئىشلەپ تۇرۇپ شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك كەيپىياتنى قانداق ياراتتىڭلار؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا، ئەمەلىيەتتە، بۇ بېلىق بازىرىنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شامال ئۇچۇرتۇپ تۇرىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، كۆپچىلىك كۈنلىرىنى زارلىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، كېيىن كۆپچىلىك ئېغىر خىزمەتتىن ۋايساپ ئۆتكۈچە، تىجارەتنىڭ مەۋقەسىنى ئۆزگەرتىش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇرمۇشتىن زارلانمايدىغان، بېلىق تىجارىتىنى سەنئەت دەپ بىلىدىغان بولغانلىقىنى، كۈنلەر ئۆتكەنسىرى بىر يېڭىلىقنىڭ كەينىگە بىر يېڭىلىق، بىر كۈلكىنىڭ كەينىگە يەنە بىر كۈلكە ئۇلىنىپ، بېلىق بازىرىدا مۆجىزە يارىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

بېلىق ساتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇشۇ خىل مەشغۇلات بىلەن ئۇزۇن مەشغۇل بولغانسېرى ئۇلار ماھارەتكە پىشىپ، سېرىك ئۆمىكىدىكى ئارتىسلار بىلەن بەسلىشەلەيدىغان ھالەتكە يەتكەن. بۇنداق تىجارەت كەيپىياتى يېقىن ئەتراپتىكى خىزمەتكارلارغا تەسىر قىلغان، ئۇلار داۋاملىق بېلىق ساتقۇچىلار بىلەن بىللە تاماق يەپ يۈرۈپ، خىزمەتتىن خۇشاللىق تاپىدىغان بۇنداق كۆڭۈللۇك ھالەتنى ئۆزلىرىگىمۇ يۇقتۇرۇۋالغان. خىزمەت ئۇنۇمىنى كۆتۈرۈشكە ئامال قىلالماي يۈرگەن بىرمۇنچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلار ئالاھىتەن بېلىق بازىرىغا كېلىپ: «سىلەر قاڭسىق بېلىق پۇرىقىغا تولغان مۇشۇنداق بىر يەردە جاپالىق ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئۆزۈڭلارنى نېمىشقا مۇشۇنداق خۇشال تۇتىسىلەر؟» دەپ سورىغان. بېلىق ساتقۇچىلار ئىشى ئوڭغا تارتمىغان ئادەملەرنى غەم - قايغۇدىن خالاس قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە: «ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇش بىزگە ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى بىز تۇرمۇشقا يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىگە سەل قارىغانىكەنمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەزىدە، بېلىق ساتقۇچىلار خېرىدارلارنى بېلىق تۇتۇش ئويۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىدىكەن. بېلىقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىدىن بەش كۇنلۇك يەرگە قاچىدىغان ئادەممۇ قىزغىن چاۋاك سادالىرى ئىچىدە بۇ ئويۇننى قايتا - قايتا ئويناپ سالىدىكەن. ئوينىغانسېرى قىزىپ كېتىدىكەن. ھەرقانداق ناخۇش بىر ئادەم بۇ بېلىق بازىرىغا كىرىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ھالەتتە ئىختىيارسىز ئېلىپ سالغان بېلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ، تىرىكچىلىكنىڭ ئاز - تولا يوللىرىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ چىقىپ كېتىدىكەن.



كىشىلەر ھەممىنى — ۋاقىتنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ئۆمۈرنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان مېھىر - شەپقەتنىڭ بارلىقىنى، مۆرىتى كەلگەندە جاننىڭ نىمجان مايسىدەك ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئۇنتىدى.

# داغدا قالغان ھازىدار

گۇمۇ

مەن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزۇن بولغانىكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاتىسى ئۇ بالا چاغلىرىدىلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىلىشىپ باقمىغان. ئالاھازەل بىر يىل ئالدىدا، ئاتىسى ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ ئاتكرىتكا ھەم ئاتكرىتكىغا قوشۇپ ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشكىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىككىلىك خەت ئەۋەتكەن. ئۇلار ئاندىن خەت - ئالاقە قىلىشقا باشلىغان.

ئوغلى بالا - چاقىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئىككى ئاينى ئۆتكۈزۈپ ئاتىسىنى كۆرگىلى فلورىداغا بارماقچى بولغان، ئۇ چاغدا بالىلىرىغا تەتىل بولاتتى، ئۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ بارالايتتى. ئۇ بۇ پىلانىنى ئاتىسىغا خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئويلىدى. ئاتىسىنى كۆرگۈسى كەلگەن بۇ ئوغۇل ئاچچىق ھەم مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىچىدە خەتنى پوچتىدىن سېلىۋەتتى.

ئاتىسى خەتنى ناھايىتى تېز تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ مەشىق دەپتىرىدىن يىرتىلغان بىر ۋاراق قەغەزگە ئۆز خۇشاللىقىنى قاغا پۇتى يېزىلغان ھەم چۈشىنىكسىز جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئوغلىغا خەت يازدى. خەتتە خاتا جۈملىلەر، جايىغا قويۇلمىغان تىنىش بەلگىلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتنىڭ مەزمۇنى مۇجمەل ئىدى. ئوغلى ئاتىسىدىن نومۇس قىلدى.

ئوغلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يۈز كۆرۈشۈشنى پەقەت ئىككى قېتىملا ئويلىدى.

قىزى مەكتەپتە مەدەت بېرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ماھارەت مەشىقىگە قاتنىشىشى زۆرۈر ئىدى. ماھارەت مەشىقىگە قاتنىشىش ۋاقتى تەتىل قويۇپ بېرىلىپ بىرىنچى ھەپتىسىنىڭ ئاخىرىغا بېكىتىلگەنىدى. فلورىداغا بېرىش پىلانىنى كەينىگە سۈرۈشكە توغرا كەلدى.

ئاتىسى ئۆزىنىڭ بۇنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئوغلىغا خەت ئارقىلىق بىلدۈردى. ئەمما شۇ كۈندىن تارتىپ تىكەندەك يالغۇز بۇ ئوغۇلغا ئاتىسىدىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. ئۇلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر ـ بىرىگە ئىككىلىك خەت يېزىشىپ ياكى تېلېفون بېرىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى.

شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئوغلى ئاتىسىنىڭ قوشنىسىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالدى، قوشنىسى ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغانلىقتىن دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئوغلى سېسترالار باشلىقى بىلەن تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشتى. سېسترالار باشلىقى ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاتىسىمۇ ئۇنىڭغا تېلېفوندا:

— مەن بەك ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، مېنى يوقلايمەن دەپ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرمە، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ نەچچە كۈندە بىر قېتىم ئاتىسىغا تېلېفون بېرىپ تۇردى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئىختىيارىي پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشاتتى، بىر ـ بىرىگە: يۈز كۆرۈشمىگەن كۈنلەرگە ئاز قالدى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشاتتى. مىلاد بايرىمىدا، ئۇ ئاتىسىغا پوچتىدىن پۇل سېلىۋەتتى. ئاتىسى نەۋرىلىرىگە ئازراق سوۋغا ـ سالام، يالغۇز ئوغلىغا بىر يۈرۈش قەلەم ئەۋەتتى. سوۋغا ـ سالاملار ئەرزان پۇللۇق ئىدى، كىچىك ماگىزىنلاردىن باھا تالىشىپ تۇرۇپ سېتىۋېلىنغاندەك قىلاتتى، ئوغۇلنىڭ بالىلىرى بۇ سوۋغا ـ سالاملارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويدى. ئەمما خوتۇنىغا خرۇستالدىن ياسالغان قىممەتلىك بىر مۇزىكا قۇتىسى ئەۋەتىلگەنىدى. كېيىن بۇ قۇتىنى قەۋەت ياقتۇرۇپ قالدى. مىلاد بايرىمى كۈنى ئۇ بالىلىرى بىلەن ئاتىسىغا تېلېفون بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئاتىسى:

— ئۇ مۇزىكا قۇتىسى ئاپامدىن قالغان، — دېدى چۈشەندۈرۈپ كېلىنىگە، — ئاسراپ تۇتارسىز.

كېيىن قېيناتىسىغا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى مىلاد بايرىمىدا ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلمۇۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ ئارقىدىنلا يەنە ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق قىلالمىغانلىقىغا سەۋەب كۆرسىتىپ قېيناتىسىغا يەنە:

— بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سىزگە بەك سوغۇق تۇيۇلۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىدۇق، — دېدى.

ياندۇرقى يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇ ئاتىسىنى يوقلاش نىيىتىگە كەلدى. ئەمما

قېرىشقاندەك، خوجايىنىنىڭ خوتۇنى ئوپېراتسىيىگە كىرىپ قالدى، ئۇ ئامال-نىڭ يوقىدىن ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلەپ يۈردى. ئۇ ئاتىسىغا تېلېفون بېرىپ، تېلېفوندا ئۆزىنىڭ 3 - ئاي ياكى 4 - ئايدا فلورىداغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئۇنى جۈمە كۈنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئاخىرى كەلگەن، كەلگەندىمۇ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا كەلگەنىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە، مەن دەپنە زالىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىۋېتەي دەپ كەلسەم، ئۇ شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ مېيىتى يېنىدا ئولتۇراتتى. ئاتىسى يېڭى ھەم كۆركەم تىكىلگەن، ئىنچىكە يوللۇق كۆكۈچ شايى كىيىم كىيگەن پېتى قېنىق كۆك گىرىپتا ياتقانىدى. گىرىپنىڭ ئىچ تەرىپىنىڭ بىر يېنىغا «ئۆيگە قايتىش» دېگەن سۆز يېزىلغانىدى.

مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان ئۇسسۇلۇق بەردىم. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەسلى بالدۇرراق كېلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇنى ئاخىرەتكە غېرىب كېپەن يولغا سېلىپ قويىمىسام بولاتتى، — دېدى. ئىككىمىز كەچ كىرگۈچە بىللە ئولتۇردۇق.

شۇ كۈنى كەچ، مەن ئاتامنى ئەتە بىللە گولف توپ ئويناشقا تەكلىپ قىلدىم. مەن يېنىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ئاتا، — دېدىم.



ئادەم ياشىغانىكەن، ۋىجدان بىلەن ياشاشقا؛ دىيانەت بىلەن ياشاشقا ھەقلىق.

# سۈپۈرۈلمەي قالغان قەبرە

ۋېي چىجى

مۇنداق بىر ۋەقە بولغان. بۇ ۋەقە چوكانتال مەزگىلىدە چوڭلارنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرۈش توغرىسىدىكى پاراڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ۋەقەدىكى باش قەھرىماننىڭ فامىلىسى شى، ئەسلى ئۇنىڭ فامىلىسى شى ئەمەس. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تاشچىلىق كەسپى بىلەن روناق تاپقاچقا، يۇرتداشلىرى ئۇنى شى خوجايىن دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان. شى خوجايىن يېشى بىر يەرگە بارغان، مال - دۇنياسى كۆپ ئادەم. لېكىن ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىنىڭ روھى مېنى يۆلەۋاتىدۇ، قايسىبىر ئەجدادىم تەڭرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن خاسىيەتلىك يەردە ياتقان بولسا كېرەك، شۇڭا بېيىدىم. مۇشۇ ۋەجىدىن دۆلەت كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلايتتى. يۇرتداشلىرى بولسا ئۇنىڭ ئالدىن بېيىغانلىقىنى سىياسەتنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆرەتتى.

ھەر يىلى چوكانتال مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، شى خوجايىن ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، تىجارىتىنى تاشلاپ قويۇپ يۇرتىغا قايتاتتى - دە، يەنىمۇ بېيىشىغا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھى يۆلەك بولۇشى ئۈچۈن، چوڭلارنىڭ قەبرىسىنى ئەستايىدىل سۈپۈرۈپ چىقاتتى.

بىر يىلى چوكانتال مەۋسۇمىدا، شى خوجايىن ئادىتى بويىچە بالا - چاقىلىرىنى باشلاپ ئالايىتەن چوڭلارنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقتى. قايتاشىدا قېرىشقاندەك يامغۇردا قالدى، يامغۇرمۇ قاتتىق ياغمىغاندى. شى خوجايىن ئالدىراپ ماڭغاچقا، يىقىلىپ كېتىپ بېلىنى قايرىۋالدى. ئۇ سەل تۇرۇپ ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن بېلى بارغانسېرى ئاغرىپ، ئاغرىق دەستىدىن كارىۋاتتىن چۈشەلمەس بولۇپ قالدى. ئۆيدىكىلىرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئۇنۇملۇك دورا يېزىپ بېرەلمەي، ئاستا - ئاستا داۋالاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ يېرىم

يىلدىن كۆپرەك داۋالانغان بولسىمۇ، بىراق كېسەل ئەھۋالىدا دىگەندەك ياخشىلىنىش بولمىدى، تىجارىتىمۇ سۇغا چىلاشتى.

شى خوجايىنىڭ ئىچى بەك پۇشتى. ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ كارىۋاتتا ياتاتتى. قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭغا:

— ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىغانىدۇق. بۇ قېتىم بۇنچىلىك قاتتىق ئاغرىپ قالغىنىڭ نېمىسى؟ تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويدۇڭمۇ - يە؟ — دېيىشتى.

شى خوجايىن ئويلىنىپ قالدى: راست، مەن بېلىمنى تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قايرىۋالدىم. بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ قوشنىلىرىغا كىچىچە پال سالدۇردى، پالدا دەرۋەقە، چوڭلاردىن قايسىدۇر بىرىنىڭ قەبرىسى سۇپۇرۇلمەي قالغان، دېيىلدى.

شى خوجايىن شۇئان تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ ھەرقانچە قاپ يۈرەك بولسىمۇ، ئەجدادىغا قارا يۈزلۈك قىلىشقا قانداق پېتىنسۇن - ھە! ئۇ بارماقلىرىنى پۈتۈن ساناپ چىققان بولسىمۇ، چوڭلاردىن قايسىسىنىڭ قەبرىسى سۇپۇرۇلمەي قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.

قىزىق ئىش، شى خوجايىن شۇنچە ئويلاپمۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدى.

قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرۈپ:

— ئاتاڭدىن سوراپ باق، بۇنداق ئىشلارنى يەنىلا چوڭلار ئوبدان بىلىدۇ، — دېيىشتى. قولۇم - قوشنىلىرى ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋىدى، شى خوجايىن گەپ قىلمىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ ئاتىسىنى تاشلىۋەتكىنىگە بىرقانچە يىل بولغانىدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپلا ئاتىسىدىن تاندى. ئاتىسى بىلەن بىللە تۇرۇشتىن نومۇس قىلدى - دە، خوتۇنى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ ئاتىسىنى يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويغانىدى. ئاتىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن تۇرۇقلۇق ئەمدىلىكتە بېشىغا كۈن چۈشۈپ ئاتىسىنى ئىزدەپ بارسا، ئاتىسى ئۇنىڭغا چىراي ئاچارمۇ؟

ئويلىنا - ئويلىنا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئامالىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن شى خوجايىن قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ يۆلەپ مېڭىشى بىلەن چىشىنى چىشلەپ ئۆزىگە يوچۇن بولۇپ كەتكەن يۇرتىغا باردى.

ئاتىسىنى كۆرمىگىنىگە بىرنەچچە يىل بولغان شى خوجايىن بۇ قېتىم يۇرتىغا بېرىپ ئاتىسىنىڭ بەك قېرىپ كەتكەنلىكىنى، چاچلىرىنىڭ تامام ئاقى-

رىپ، ئالدىغا ئېگىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئاتىسىنىڭ قورۇقلار بىلەن تولغان چىرايىنى كۆردى. ئاتىسىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى «ۋاللىدە» چاقناپ، يەنە شۇ زامات بۇرۇنقى ئەكسىگە قايتتى. شى خوجايىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئاتىسىنىڭ چىرايىغا قايسى يۈزى بىلەن قاراشنى بىلمەي، «شاققىدە» تىزلاندى.

— ئاتا، ئوغلۇڭ ئەبلەخ، ئوغلۇڭ كۆيۈمسىز، ئوغلۇڭ بۈگۈن ئالدىڭغا گۇناھىنى تونۇغىلى كەلدى! — دېدى.

ئاتىسىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن پۇرچاقتەك ئىككى تامچە ياش تۆكۈلدى. ئاتىسى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان ئوغلىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدى. مانا ئوغلى راستتىنلا كەلدى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدە قانداق مۇددىئا بارلىقىنىمۇ قىياس قىلالمىدى. ئاتىسى ھاڭۋېقىپ تۇراتتى، ئاغزىنى ئۆمەللەيتتىيۇ، ئەمما سادا چىقمايتتى.

شى خوجايىن ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى تونۇغاندىن كېيىن، چوڭلاردىن قايسىبىرىنىڭ قەبرىسىنى سۈپۈرمەي قويغانلىقىنى دەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ ئاتىسىغا يالۋۇردى.

ئاتىسى بىلمەمدۇ ياكى بىلسىمۇ دەپ بەرگۈسى يوقمۇ؟ شى خوجايىن بىتاقەت بولۇپ:

— ئاتا، ساڭا باش ئۇرىمەن، دەپ بەرگىن! — دەپ توۋلاپ كەتتى. ئۇ قولۇم - قوشنىلىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاتىسىغا يەنە باش ئۇردى. بىر قېتىم، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ بولۇپ، ھەرقانچە قىلسىمۇ قوپقىلى ئۇنىماي يەردە پاقىدەك يېتىۋالدى.

بۇ چاغدا شى خوجايىن «غىرىس» قىلغان ئاۋاز بىلەن بېلىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدى. بېلىم ئاغرىمايدىغۇ؟ ئۇ ئورنىدىن تۇردى، بېلىنى ئاستا رۇسلاپ مېڭىپ باقتى.

شى خوجايىن ھەيران بولدى ھەم بىردىنلا ئەقلىگە كەلدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، پۇتىنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلىدى. سۈپۈرۈلمەي قالغان قەبرە ئاتىسى ئەمەسمۇ؟ ئاتىسى مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى، ئۇ ئۆزىنى تىرىك پېتى قەبرىگە كۆمۈۋېتىلگەن دەپ يۈرگەن ئەمەسمىدى!

ئادەم سەممىيەت بىلەن كۆكلەيدۇ. بۈگۈنكى مۇشۇ جەمئىيەتتە مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرۇشنى ئويلىغان ھەربىر ئادەم سەممىي بولسۇن.

# ئاسۇي

ليۇ خۇيرەن

پۇتۇن ئائىلە بويىچە سەيلە - ساياھەتكە چىقىپ قايتىپ كەلسەك، قوشنىمىز ماڭا يىلان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئېغىر بىر سومكىنى بەردى. بۇنى ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ياشلىق سەھرالىق بىر ئايال بىزگە بېرىپ قويۇشنى تاپىلاپ بەرگەنىكەن.

ئۇ، چوقۇم ئۇ كەپتۇ!

ئۇ ئايال يۇرتدىشىم ئاسۇي ئىدى. ئاسۇي بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن تۇرمۇشىمىزغا بۆسۈپ كىرگەنىدى. ئاسۇي مۇشۇ شەھەردىكى بىر قۇرۇلۇش ئورنىدا ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرگە كۆز - قۇلاق بولۇپ ئىشلەيتتى. خوجايىن ئىشچىلارنىڭ نەچچە ئايلىق مائاشىنى نېسى قالدۇرغاچقا، ئۇ بىرقانچە خىزمەتداشلىرى بىلەن مەن ئىشلەۋاتقان گېزىتخانىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلغىلى كەلگەنىدى، گېزىتخانىدىكىلەر ئۇلارنى كۈتۈشكە مېنى مەسئۇل قىلىپ قويدى. ئاسۇي كۆرۈپلا مېنىڭدىن:

— سىز ليۇ كەنتىدىكى ئارەنخۇ دەيمەن، مەن يۇرتىمىزدىكىلەردىن سىزنىڭ گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان، — دېدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ياڭ جەمەتى كەنتىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاسۇينىڭ ئىشى ئەتىسى مۇخبىرنىڭ تەكشۈرۈش شەكلىدە يازغان ماقالىسى ئارقىلىق گېزىتكە بېسىلدى، ئاسۇي نېسى قالغان مائاشنى ناھايىتى تېزلا ئالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاسۇي ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە خىزمەتداشلىرى بىرمۇنچە ئالما كۆتۈرۈپ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىزنىڭكىگە كەلدى. يۇرتۇمدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراق شەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان سەۋەبلىك، يەرلىك ئاھاڭدا قىلىنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغىنىمغىمۇ تالاي يىل بولغانىدى. ئاسۇي مەن بىلەن يەرلىك ئاھاڭدا يۇرتىمىزنىڭ ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن دىلىم قەۋەت سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا،

ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن: ۋاقتىڭىز يەتكەندە كېلىپ تۇرۇڭ، دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن، ئاسۇي ۋاقتى يەتسىلا بىزنىڭكىگە كېلەتتى، ئىككىمىز ساپلا بۇرۇنقى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتۇق. چۈنكى بۇ شەھەردە، ئىككى-لىمىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغان بىرەر يۇرتلۇقنى تېپىشىمىز تولىمۇ تەس ئىدى. ئاسۇي بەزىدە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىمىزگە قارىشاتتى، شۇ چاغدا خوتۇنۇم ئېغىرئاياغ بولغاچقا، بىزگە بىر ياردەمچى بەك لازىم ئىدى، ئاسۇي جىق مۈشكۈلىمىزنى ئاسان قىلىپ بەردى.

مەن ئاسۇينىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقتۇم: ئاسۇي قوشنا كەنتتىكى بىرىگە ياتلىق بولۇپ، ئىككى باللىق بولغان. ئېرى بىر شىركەتنىڭ يۈك ماشىنىسىنى ھەيدەيدىكەن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى يامان ئەمەس ئىكەن. كېيىن ئېرى قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلىپ كېتىپتۇ. ئىككى بالىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن، باللىرىنى ياشانغان قېيناپىسىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى نائىلاج يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانىكەن.

مەن ئاسۇيگە ھېسداشلىق قىلاتتىم. خوتۇنۇممۇ ھېسداشلىق قىلاتتى، لېكىن ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ شەھەردە چوڭ بولغاچقا، ئاسۇينىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى ھېس قىلالمايتتى. مەن ئاسۇينى بالا باققۇچىلىققا تەكلىپ قىلماقچى بولدۇم. لېكىن خوتۇنۇم ئاسۇينى سەھرالىق، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، بالىغا ياخشى قارىيالمايدۇ، دەپ ئۇنىماي قويدى.

ئاسۇي كېيىن بىر ئاشخانىدىن چىنە - قاچا يۇيىدىغان خىزمەت تاپتى، ئەمما خوجايىن ھەمىشە مائاشنى ۋاقتىدا بەرمەيتتى. تىرىكچىلىك ئېھتىياجىدىن ئاسۇي داۋاملىق مەندىن تۆت - بەش يۈەن ياكى نەچچە ئون يۈەن ئۆتنە ئالاتتى، جىق سورىغاندا بىرەر يۈز يۈەن سورايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلماي قەرز بېرەتتىم، چۈنكى ئۇ مائاشنى ئالغان ھامان پۇلنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

بىر قېتىم، ئاسۇي بىزنىڭكىگە ئالدىراش كەلدى ۋە چوڭ بالىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل لازىم بولۇپ قالغان-لىقىنى دەپ قاتتىق خىجىل بولغان ھالدا مەندىن سەككىز يۈز يۈەن سورىدى، مائاش بەرگەن ھامان بېرىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر خەير-خاھلىق قىلىش يۈزىدىن سەككىز يۈز يۈەننى ئىككىلەنمەي بەردىم. شۇ چاغدا مېنىڭ بىر ئايلىق مائاشىم سەككىز يۈز يۈەن ئىدى.

ئاسۇي مەندىن پۇل قەرز ئېلىپ شۇ كەتكەنچە بىزنىڭكىگە كەلمىدى. خوتۇنۇم بۇنىڭغا چىدىماي مېنى ئەيىبلىدى: ئۇنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكىدىن

بۇرۇنلا گۇمانلانغانىدىم، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ قىلىپ كېتەرمەدى؟ بۇنداق ياخشى ئادەملەرگە جىندىن باشقا ئادەملەر ئىشەنمەيدۇ، دەيتتى ئۇ پات - پاتلا.

بۇرۇنمۇ قەرز ئېلىپ ئەكېلىپ بەرگەنغۇ، دەيتتىم مەن ئۇنىڭغا.

خوتۇنۇم ئاچچىقىغا پايلىماي: «ئۇ سىزنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىڭىزدىن پايدىلاندى، مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئادەمنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلار جەمئىيەتتە ساماندەك، ھېلىمۇ گېزىتخانىدا ئىشلەپ قالغىنىڭىز سىزنىڭ، ھىم!» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئاسۇينى ھەقىقەتەن كۆرمىدۇق. بىرنەچچە قېتىم يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ ئىشلىگەن ئاشخانىغا كىردىم، لېكىن ئۇنى كۆرمىدىم. كېيىن ئاشخانىدىكى بىرەيلەن ماڭا: نېمە سەۋەبتىندۇر، بىر كۈنى ئاسۇينىڭ ھېچكىمگە «خوش» دەپ قويماي ئالدىراش كەتكەنلىكىنى دېدى.

مەن يىلان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن سومكىنى ئاچتىم، ئىچىدىن يەل - يېمىش، تاتلىقياغۇدىن ياسالغان پىنتوزا قاتارلىق بىرمۇنچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى چىقتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا بىر لېپاپ قىستۇرۇلغان، لېپاپقا سەككىز ۋاراق يېپىپېڭى يۈز يۈەنلىك پۇل سېلىنغان، لېپاپنىڭ كەينىگە قىڭغىر - سىڭغىر خەت يېزىلغانىدى. ئاسۇي ئەسلىدە دوختۇرلار بالىسىنى ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان دېگەچكە، بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ھېچكىمگە خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالغان. گەرچە ئۇ يۇرتىغا قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك تېز بارغان بولسىمۇ، بالىسىنى داۋالىتىشقا پۇلى بولمىغانلىقتىن، بالىسىمۇ ئېرىنىڭ ئارقىدىن قازا قىلىپ كەتكەن. شۇ چاغدا، ئۇ مەندىن يەنە پۇل سورىماقچى بولغان، ئەمما قايتۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قايتا ئېغىز ئاچالمىغان. شۇ تاپتا ئۇ كىچىك ئوغلى بىلەن بىر - بىرىگە ھەقەمسايە بولۇپ تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. مۇشۇ سەككىز يۈز يۈەن پۇلنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بالىسى بىلەن ئالتە يىلنى تۇمشۇق تىرەپ ئۆتكۈزۈپتۇ. مانا ئەمدى پۇلنى قايتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ يېنىكلەپ قاپتۇ…

خوتۇنۇم ئىككىمىز يۇرتۇم تەرەپكە نەزەر سېلىپ يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپتىمىز. بىراق، پولات چىۋىق ۋە بېتون بىلەن قەد كۆتۈرگەن ئېگىز بىنا ئالدىمىزنى قەۋەتمۇقەۋەت توسۇپ، نەزىرىمىزنى ئۈزۈپ قويدى. ئاسماننىڭ پەقەت ئالىقانچىلىك بىر بۇرجىكىنىلا كۆرۈپ تۇراتتۇق.

كۆزلىرىگە قاچانلاردا ياش ئالدىكىن بىلمىدىم، بىر چاغدا قارىسام خوتۇنۇمنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش سىمابتەك لىغىرلاپ تۇراتتى.

ئىبرەتلىك سىگنال توختىماي ياڭراۋاتىدۇ. ھوشىنى تاپمىغان ئادەملەر بۆكىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلانسۇن. خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن بىر پىيالە سۇنىڭ تۇتىيا سانىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر تېمىم سۇغا قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسۇن…

# سۇ ھەققىدە خاتىرە

ۋېي لېي

بەزى ئىشلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە كاللىمىزغا چوڭقۇر ئورناپ، ھايات مۇساپىمىزدە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ. شۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمىزدە چوڭقۇر خىيالغا، تۈرلۈك - تۈمەن ھېسلارغا چۆمۈلىمىز. مېنىڭ ھاياتىمدا بىر پىيالە سۇ ئېقىپ ئۆتكەن، شۇ بىر پىيالە سۇدىن يېشىللىقنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك، ھاياتنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. بىر تېمىم، بىر تېمىم سۇ تامچىلىرى كاللامنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ئوينايدۇ، يېقىملىق ھەم يېقىن تۇيۇلغان شۇ سۇ تامچىلىرى ماڭا ھەرۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايان قىلىدۇ.

يازلىق تەتىل مەزگىلى ئىدى. مەركىزىي شەھەردە بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەنلىكىم سەۋەبىدىنمۇ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن دوستلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا غەربكە سەپەر قىلىش قارارىغا كەلدىم. ماشىنا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېگىز دامبىسى ئۈستىدە قوڭغۇزدەك ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى.

قاغجىراپ ياتقان دەريا ئېقىنى كۆز ئالدىمىزدا گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ پەيدا بولۇپ قالاتتى. نەگىلا قارىسىڭىز ھەممە يەر كۆزىڭىزگە بەزىدە قىزغۇچ، بەزىدە ئاقۇچ كۆرۈنەتتى، بۇ رەڭلەر كىشىگە گويا تۇتقان ھامان قولنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان، ئازراقلا شامال چىقسا «لاپلا» قىلىپ ئوت ئېلىپ، گۈرۈلدەپ يېنىپ كېتىدىغان يېڭىلا تۇتاشقان كوكسىنىڭ رەڭگىنى ئەسلىتەتتى.

ھاۋا تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. يۈز - كۆزلىرىمىزدىن تەر يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دوقمۇشىدا تولىمۇ تەستە بىر كەنتنى ئۇچراتتۇق. بۇ كەنتنىڭ نامى دەل - دەرەخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كەنت

«بەشياغاچ كەنتى» دەپ ئاتىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقىلارنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈن كەنتتە بەش تۈپ دەرەخلا يىلتىز تارتىپ ئەي بولۇپ قالغانىكەن. ھازىر كەنتنىڭ ئەتراپىغا كۆپ كۆچەتلەر تىكىلگەن، تىكىلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ئاجىز بۇ كۆچەتلەر شامالغا بەرداشلىق بېرەلمىسىمۇ، خۇاڭخې دەرياسىغا ئاز - تولا يېشىل ھاياتلىق ئاتا قىلغانىدى.

كەنتنىڭ بېشىدا بىر كۆچەتزارلىق بار ئىدى. بۇ يېشىللىق ئۇزۇن يولدىن كەلگەن بىزگە ئاز - تولا سالقىنلىق بەخش ئەتتى. ئالاھىدە ياسالغان چوڭ بىر نوگاي تۇتقان بىر قىز كۆزىمىزگە چېلىقتى. نوگاينىڭ بېشى تەرىپىگە ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن شلانكا ئورنىتىلغان. ئۇ قىز شۇ شلانكىدىن سۇ تامچىتىپ ھەربىر كۆچەتنى ئېھتىيات بىلەن سۇغىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇيقۇلۇق بوۋاقنى يېنىك پەپىلەۋاتقان ئانىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى.

— قىزچاق، بىزگە ئازراق سۇ بېرەمسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭغا يۈز - كۆزۈمدىكى ھەرقانچە ئېرتقان بىلەنمۇ تۈگىمەيدىغاندەك تۇيۇلغان تەرنى لۆڭگە بىلەن ئېرتقاچ. مەن شۇ تاپتا يۈز - كۆزۈمدىكى تەرنى سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىشكە ئالدىراپ تۇراتتىم. قىزچاق ئىككىلىنىپ سەل تۇرۇپ قالدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كۆچەتزارلىقنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ئۆيدە ياشانغان بىر ئايال ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ چىرايىدا بولىدىغان تەمكىنلىك بايقىلىپ تۇراتتى. قىزچاق ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر دېدى. ياشانغان ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ، بېلىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ ئالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆي بىلەن كۆچەتزارلىق ئوتتۇرىسىدا سۇ ساقلاش ئورىكى بارلىقىنى بايقىدىم. مەن ئىلگىرى سۇ ساقلاش ئورىكىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ بايلىق ئورنىدا سانايدىغانلىقىنى، ئەگەر بىرەر ئائىلىنىڭ ئوغلى لايىق تاپماقچى بولسا، لايىق تېپىشتۇرغۇچىغا ئۆزلىرىنىڭ سۇ ساقلاش ئورىكىدىن بىرنەچچىسىنىڭ بارلىقى بىلەن ماختىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. چۈنكى بۇ يەردە سۇ مايدىنمۇ قىممەت ئىدى.

قىزچاق يەڭگىل مېڭىپ سۇ ساقلاش ئورىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئەپچىللىك بىلەن چويۇن قۇلۇپنى ئاچتى. ئۇ ئورەكتىن كىچىك ياغاچ چېلەك بىلەن ئاۋايلاپقىنە ئازراق سۇ ئېلىپ، پاكىز ھەم ئاپئاق پىيالىگە قۇيدى، ئاندىن ئۇنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئالدىمغا كەلدى ۋە :

— ئۇزۇن يول يۈرۈپ ئۇسساپ كەتكەنسىز، قېنى ئىچىڭ! — دېدى.

پىيالىگە شۇنداق قارىسام، سۇدا ئۇششاق نەرسىلەر لەيلەپ، سۇمۇ دۇغ پېتى

تۇراتتى. مەن ئەسلى مۇشۇ سۇدا يۇز - كۆزۈمنى يۇيۇپ ئازراق سالقىندىۋېلىش-
نى خىيال قىلغانىدىم، ئىچىشكە ئېلىۋالغان بىر تالاي مىنېرال سۇ بار ئىدى.
بۇ سۇنى زادىلا ئىچىشكە بولمايتتى. قىزچاق كەينىگە ئۆرۈلۈپ سۇ ئورىكىدىن
ساۋاقداشلىرىمغا سۇ ئېلىپ بېرىشكە تەمشىلىشىگە، مەن ھېلىقى پىيالىدىكى
سۇنى ساۋاقداشلىرىمغا دەپ قولۇمغا قۇيدۇرۇپ، يۇز - كۆزۈمنى يۇيۇشقا
باشلىدىم.

سۇنىڭ يەرگە تۆكۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھېلىقى ياشانغان ئايال بىلەن
قىزچاق تەڭلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىزگە غەزەپلىك ھومايدى. ياشانغان ئايال
«شاققىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇلچىنى كەڭ يېيىپ «گۇناھ!» دەپ ۋارقىرى-
غىنىچە، سەنتۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. قىزچاق ياشانغان ئايالنى يۆلىمەي،
چىرقىرىغان پېتى يېنىمغا كېلىپ، قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقان ھەمراھىم-
نىڭ قولىدىن ئاپئاق پىيالىنى «غاچچىدە» تارتىۋالدى، ئاندىن ئايىغىمغا تىزلى-
نىپ ئىككى قولى بىلەن ئايىغىم ئاستىدىكى نەمدەلگەن توپىنى تاكى قۇرۇق
توپا كۆرۈنگۈچە كولىۋالدى، نەم توپىنى ئالدى - دە، كۆچەتزارلىقنىڭ ئەتراپى-
غا يېڭىلا تىكىلگەن كۆچەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، چوڭقۇر ئورەك
كولاپ، نەم توپىنى كۆچەتنىڭ يىلتىزىغا كۆمدى. قىزچاق بۇ ئىشلارنى تۈگى-
تىپ بولۇپ، ئاندىن «ئانا» دېگىنىچە ياشانغان ئايالنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتى-
لىپ بېرىپ، ئۇنى ئاستا يۆلەپ ئورۇندۇققا ئالدى.


مەن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ دەماللىققا
نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپلا قالدىم. ياشانغان ئايالنىڭ ئاقساق ئىكەنلى-
كىنى شۇندىلا بىلدىم. ئۇ بايام شۇ سەۋەبتىن يىقىلغانىكەن. ئىكەن. ئۇ مېيىپ
پۇتىنى سىلاپ ئازابلىق ئىڭرايتتى. ھەممىمىز ئالمان - تالمان ئالدىغا بېرىپ
ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدۇق. ئۇ چىرايىنى تۇرۇپ بىزگە قاپىقىنى ئاچمىدى.
قىزچاق بولسا ھەدەپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتاتتى.

ياشانغان ئايالنىڭ ئۈنسىز قەھر - غەزىپى يۈرىكىمگە پىچاق بولۇپ سان-
جىلدى. ناۋادا سەۋەنلىكىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولسا، پۈتۈن كۈچۈم
بىلەن تىرىشقان بولاتتىم. ياشانغان ئايالنىڭ غەزەپتىن يانغان كۆزلىرى بايام
قىزچاق كولىغان ئورەككە تىكىلگەنىدى، چىرايىدىن قايغۇ - ھەسرەت چىقىپ
تۇراتتى. خېلىدىن كېيىن، قىزچاقنىڭ ئاغزىدىن ياشانغان ئايالنىڭ ئىلگىرى
كەنت كادىرى بولغانلىقىنى، ياشىنىپ قالغاندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن كەنت
بېشىدىكى مۇشۇ كۆچەتزارلىققا كېلىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇق. كەنت ئەتراپىدىكى

ۋە خۇاڭخې دەرياسى دامبىسىدىكى كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ياشانغان ئايال بىر تال ـ بىر تالدىن تىككەنىكەن. ئۇدا نەچچە يىل سۇ قىس بولۇپ كەتكەچ، بۇ سۇ ساقلاش ئورىكىنى مۇشۇ ئايال كولىغانىكەن. بۇلتۇر ئېغىر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، سۇ ساقلاش ئورىكىدە سۇ ساقلىماق تەس بولۇپ كەتكەنىكەن. يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنى ئەي قىلىش ئۈچۈن، ياشانغان ئايال تاغ ـ داۋان ئېشىپ، يىگىرمە چاقىرىم يىراقلىقتىن سۇ توشۇغان، بىر قېتىم سۇ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ئويلىمىغاندا يىقىلىپ كېتىپ ئاقساق بولۇپ قالغانىـكەن... ياشانغان ئايال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ مەنىلىك قىلىپ:

— بالىلىرىم، مېنى كۆزى كىچىككەن دەپ قالماڭلار، مۇشۇ تومۇز كۈنلەردە، مۇشۇ كۆچەتزارلىقىمنى بىر كۈندە ئۆزۈم ياسىۋالغان مۇشۇ نوگايدا ئاران بىر نوگاي سۇ بىلەن سۇغىرىمەن. سۇ ئىچمەكنىڭ تەسلىكىنى سىلەر بىلمەيسىلەر. سۇنى بۇنداق خارلىساڭلار مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ! — دېدى.

مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرىمەن. كۆزلىرىمدە لىققىدە ياش. چۈنكى بۇ دۇنيادا ئاۋات شەھەرلەردىن باشقا، خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدا چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلۇققا تەشنا بولۇۋاتقان يېزىلارنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدىم.



ۋىجدان بىزنىڭ قەلبىمىزنى باھالايدىغان مىزان. ۋىجدان بىزنىڭ روھىي ـ ھالىتىمىزنى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىمىزنى ئۆلچەيدىغان تارازا. ۋىجدان بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى قارىغا ئالغۇچى ئۈۋۈچى.

# ۋىجدان سورىقى

لۈي شىنجيەن

ۋۇ چياڭ ئالاھىدە رايونىدىكى «سەنلى» پرىبور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كېچىلىك ئىسمېنىدىن چۈشۈپ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. يولدا ئەلپازىدىن قاراملىقى چىقىپ تۇرغان ئۈچ مەست ئەبلەخنىڭ ئورۇق بىر ئەرنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ھېلىقى ئورۇق ئەر ناھايىتى ئاجىز ئىدى. ئۇ يېقىن ئەتراپقا جايلاشقان قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن مەدىكاردەك قىلاتتى. ھېلىقى قارام ئەبلەخلەرنىڭ تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ يەرلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

تاياق يەۋاتقان ھېلىقى ئورۇق ئەر ۋۇ چياڭنى كۆرۈپ ھاپىلا ـ شاپىلا:

— بۇرادەر، ئۇلار مەست بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، رەھىم قىلىپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولساڭ ...— دەپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلدى.

ھېلىقى قارام ئۈچ ئەبلەخنىڭ ئۆزلىرىدىن تەپ تارتماستىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنىمۇ قاتتىق دۇمبالاپ كەتتى ۋە:

— سەن «قارا توڭگۇز»نى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمىز! — دەپ تىللاپ كېتىشتى. ۋۇ چياڭ قارام ئۈچ ئەبلەختىن:

— ئاكىلار، ئۇنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

ھېلىقى قارام ئۈچ ئەبلەخ ۋۇ چياڭنىڭ مەيدىسىدىكى زاۋۇت ئىزنىكىگە تىكىلىپ قارىۋېتىپ ئاندىن:

— يوقىلاڭ ئىشقا ئارىلاشما! بولمىسا ساڭىمۇ ياخشى كۈن يوق! — دېدى.

تاياق يەۋاتقان ئورۇق ئەر:

— بۇرادەر، بايام كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇلارغا سوقۇلۇپ كەتكەنىدىم، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن مېنى ئۇرۇپ كەتتى ...— دەپ چۈشەندۈردى.

ۋۇ چياڭ ئىپادە بىلدۇرە - بىلدۇرمەيلا ھېلىقى قارام ئۇچ ئەبلەخ:

— ماڭماي تۇرسەڭغۇ؟ سىنىڭمۇ ئۇچاڭ قىچىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ! — دەپ دېۋەيلەپ كېلىشكە باشلىدى.

ۋۇ چياڭ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئىشچى ئىكەنلىكىنى ئويلىدى، يەرلىك مۇتتەھەملەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا، ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىپ ئۇنى زاۋۇتتىمۇ تۇرالماس قىلىپ قويىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇرسىنىپ قويۇپ ئورۇق ئەرنىڭ ئۆتۈنۈش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن قاراشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، چىراغ يورۇقىنىڭ سايىسىگە ئۆتتى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

ۋۇ چياڭ نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭماي ھېلىقى ئورۇق ئەرنىڭ:

— بۇرادەر، خۇش بولۇپ كېتەي، ساقچىخانىغا مەلۇم قىلىپ قويسىڭىز ...— دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ۋۇ چياڭنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا تېلېفون بوتكىسى تۇراتتى. ئۇ توختىدى، لېكىن بۈگۈن مەن تاياق يېگەن بولسام، بىرەرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ماڭا ياردەم قىلارمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاخىر ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ نەق مەيداندىن ئايرىلدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ۋۇ چياڭ ئىشتىن چۈشۈپ ۋاقىتقا قارىدى، ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر تاللا بازىرىغا يېمەكلىك ئالغىلى كىردى. پۇل تاپشۇرۇۋاتقان چاغدا، ۋۇ چياڭ تاللا بازىرىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە ئورۇق بىر ئەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شۇ چاغدا ھېلىقى ئورۇق ئەر مېنى بىرىگە ئوخشىتىۋاتقان چېغى دەپ بەك ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. ئۇ ياتىقىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىختىيارسىز كەينىگە قارىدى، ھېلىقى ئورۇق ئەر ئۇنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىختىيارسىز كۆڭلىدە: «ئۇ نېمە قىلماقچى؟» دەپ غۇدۇراپ قويدى. بىردىنلا، ۋۇ چياڭنىڭ كاللىسىدىن: «ھېلىقى كۈنى قارام ئۇچ ئەبلەختىن دۇمبا يەپ ئۆزىدىن ياردەم سورىغان ھېلىقى ئەر شۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى.

«ئۇ نېمىدەپ كەينىمگە كىرىۋالىدۇ، شۇ كۈنى ياردەم قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن مەندىن ئۆچ ئالماقچىمۇ - يە؟» دېگەن ئويغا كەلگەن ۋۇ چياڭنىڭ كۆڭلى «لاسسىدە» بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنە كەينىگە قارىدى، ھېلىقى ئورۇق ئەر غايىب بولغانىدى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ۋۇ چياڭ ئىككى قېتىم ئىشقا كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ كەينىگە چۈشكەن ھېلىقى ئورۇق ئەرگە يولۇقۇپ قالدى. ۋۇ چياڭ ھەر قېتىم ئەتراپقا نەزەر سالغاندا، ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ۋۇ چياڭ بارا ـ بارا چۈشىنىكسىز بېسىم ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئورۇق ئەرنىڭ قانداق «ئۆچ ئالىدىغان» لىقتىن، ئۆزىگە بىرەرنى سالامدۇ ياكى باشقا قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى.

بىر كۈنى ۋۇ چياڭ يۈرگىنى شياۋ لى بىلەن تونۇشقىنىغا يۈز كۈن بولغان خاتىرە كۈن ئىدى. ئۇ شياۋ لى بىلەن بۇرۇنلا دېيىشىپ قويغان، ئىشتىن چۈشۈپ ئىككىسى يېقىن ئەتراپىدىكى سىچۇەن ئاشخانىسىدا تاماق يېيىشتى. لېكىن، ۋۇ چياڭ شياۋ لى بىلەن تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز ھېلىقى ئورۇق ئەرنىڭ خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى ئەينىكىنىڭ سىرتىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ۋۇ چياڭ چىدىيالماي، ئاشخانا سىرتىغا ئېتىلىپ چىقتى، بىراق ھېلىقى ئورۇق ئەر كۆرۈنمەيتتى.

شياۋ لى كەينىدىن چىقىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدى؟ بايام سىرتتا تۇرغان ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى.

ۋۇ چياڭ خۇرسىنىپ قويۇپ شياۋ لىغا ھەپتە ـ ئون كۈن ئىلگىرى ئىشتىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ ئۆزى يولۇققان ھېلىقى ئىشنى دەپ بەردى.

شياۋ لى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن رەنجىگەن تەلەپپۇزدا:

— شۇ چاغدا نېمىشقا ساقچىخانىغا مەلۇم قىلمىدىڭىز؟ — دېدى.

ۋۇ چياڭ:

— مەن باشقىلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ قالىدىغان ئادەم ئەمەس. شياۋ لى، بىز يۇرتىمىزدىن مەدىكارچىلىق قىلغىلى چىققان، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقاندىن كۆرە سىڭگەن ناننى يەپ يۈرگەن ياخشى ... — دېدى.

شياۋ لى ۋۇ چياڭغا گويا ئۇنى تونۇمايدىغاندەك كۆزلىرىنىمۇ چىمچىقلاتماي ساق بىر مىنۇت قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مىختەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ۋۇ چياڭنىڭ ۋۇجۇدىنى سۇر باستى. شياۋ لى ئاخىر ھەسرەتلىك ئاۋازدا:

— مەن تويدۇم، قالغان تاماقنى ئۆزۈڭ يالغۇز يېگىن، — دېگىنىچە، ۋۇ چياڭنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەي، تاكسىدىن بىرنى توسۇپ كەينىگىمۇ قارىماستىن كېتىپ قالدى. ۋۇ چياڭ ئورنىدا ئۆزى يالغۇز بۇتتەك قېتىپ

تۇرۇپ قالدى.

ۋۇ چياڭ شياۋ لىدىن ئاغرىنمىدى، كەينىگە چۇشكەن ھېلىقى ئورۇق ئەردىن بىزار بولدى! ئەتىسى ئۇ پەيتنى ئاخىر تاپتى، كەينىگە چۇشكەن ھېلىقى ئورۇق ئەرگە:

— سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ ئادالەتنى ياقلىماسلىق ھەقىقەتەن نومۇس ئىش، لېكىن قانۇنغا خىلاپ ئەمەستۇر - ھە؟ — دېدى.

ئورۇق ئەر ۋۇ چياڭنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تىنىپ قويدى - دە:

— ئۈچ يىلدىن ئاشتى، يۈرىكىم بىر تۇرلۇك ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. سەن توغرا ئېيتتىڭ، ئادالەتنى ياقلىماسلىق قانۇنسىزلىق ئەمەس. لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايىغى بېسىققاندا، مەن ھەمىشە تۇرۇپلا ئاشۇ مەنزىرىنى ئويلايمەن. ۋىجدانىم ئازابلىنىپ كېتىدۇ… يېقىندىن بېرى سېنىڭ كەينىڭگە چۈشۈشۈمدىكى مەقسەت: مەن «زىيانكەشلىك» قىلغان ھېلىقى ئادەم سەن شۇمۇ - ئەمەسمۇ، مۇشۇنى ئېنىقلاش ئىدى. تۈنۈگۈن جاۋغىيىڭدىكى تارتۇقنى ئېنىق كۆردۈم. كەينىڭدىن زاۋۇتۇڭغا بېرىپ، يوشۇرۇنچە يۈرتۈڭنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاندىن بىلدىم. مەن ئۆزۈڭدىن بۇيان ئىزچىل ئىزدەۋاتقان ھەم يۈزلىشىشتىن قورققان ئادەم دەل سەن شۇ ئىكەنسەن… — دېدى.

ۋۇ چياڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى گاڭگىراپ كەتتى، ئۇ ئورۇق ئەرنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ:

— سەن زادى ماڭا نېمە دېمەكچى؟ — دېدى. ئورۇق ئەر:

— بىلىمەن، كېچىكىپ دېيىلگەن «كەچۈر» ئارقىلىق ئىلگىرى قىلىنغان زىيانكەشلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈپ، ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن «كەچۈر» دېيەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاجايىپ خۇشالمەن! — دېدى.

ۋۇ چياڭ يەنىلا ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي:

— ماڭا «كەچۈر» دەۋاتامسەن؟ گېپىڭنى ئېنىقراق قىلمامسەن؟ — دېدى.

ئورۇق ئەر تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ ۋۇ چياڭغا:

— سەن بايا تېخى «ئادالەتنى ياقلىماسلىق» دېگەن گەپنى قىلىۋاتاتتىڭ، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، نېمە؟ — دېدى.

ئەسلىدە، ئورۇق ئەر تىلغا ئالغان ئىشنى ۋۇ چياڭ راستتىنلا «ئۇنتۇپ»

قالغانىدى: بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئاۋۋال، ۋۇ چياڭ يۇرتى سىچۈەندىن مەدىكارچىلىقتا ماڭغان چاغدا، يېزا بازاردىن شەھەرگە قاراپ يولغا چىققان ئاپتوبۇستا، ئۇ بىر يانچۇقچىغا يولۇقۇپ قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ سېزىۋالدى. يانچۇقچى ۋۇ چياڭنىڭ يانچۇقىدىن يېڭىلا سۇغۇرغان ھەميانىنى «شاققىدە» قىلىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتتى. ئۇ ۋۇ چياڭنىڭ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغ ئىدى، ئۇ يانچۇقچىنى راۋۇرۇس ئەدەپلەپ قويۇش نىيىتىدە، شوپۇرغا ماشىنىنى يېقىن ئەتراپتىكى ساقچىخانىغا ھەيدەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما شوپۇر ئۇنىڭ تەلىپىگە مىت قىلىپمۇ قويمىدى. شوپۇرنىڭ ئىنكاسىنى كۆرگەن يانچۇقچى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ۋۇ چياڭنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغان پېتى:

— ئاناڭنى، ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل، كىم يانچۇقچىكەن؟ — دەپ ۋۇ چياڭنى تىللىدى. ۋۇ چياڭ يېنىدا تۇرغان ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق ئەر كىشىگە قارىدى. ئۇنىڭ بايام بولغان ھەممە ئىشنى ئېنىق كۆرگەنلىكى ۋۇ چياڭغا ئايان ئىدى. لېكىن ھېلىقى ئورۇق ئەر بەستىلىك كەلگەن، بەئەينى قاۋانغا ئوخشايدىغان يانچۇقچىنى كۆرۈپ قورققان ھالدا:

— مەن كۆرمىدىم ...— دېدى. شۇنىڭ بىلەن يانچۇقچى ئۆزىگە «تۆھمەت» چاپلىغان ۋۇ چياڭنى خەلقئالەم ئالدىدا ئۇرۇپ - دەسسەپ پېتىقدۇۋەتتى...

ئورۇق ئەر ۋۇ چياڭغا:

— شۇ چاغدا سېنىڭ يېنىڭدا تۇرغان ھېلىقى ئادەم مەن ئىدىم، دېسەم مېنى مازاق قىلىپ كەتمىگىن، مەن تېخى كۈندە دەرس ئۆتۈپ ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئۇستاز ئىدىم... كۆپ يىللاردىن بۇيان، ۋىجدانىم مېنى ئەيىبلەپ كەلمەكتە. ھەمىشە پۇرسەت بولسا، ساڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن «كەچۈر» دېيىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدىم. بۇ قېتىم، ئىنىمنى باشقىلار ئۇرۇۋېتىپتىكەن، شۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى كېلىپ، ھېلىقى كۈنى سېنى تاسادىپىي ھالدا تاللا بازىرىدا ئۇچرىتىپ قالدىم ...— دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋۇ چياڭنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمىدى...

شۇ ئەسنادا ۋۇ چياڭ يەنە قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ ئورۇق ئەردىن:

— سەن بايام، خەقتىن تاياق يېگەن ئىنىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى كەلدىم دېدىڭ، سەن ئىنىڭغا بەك ئوخشىمىسەن - قانداق؟ — دەپ سورىدى.

ئورۇق ئەر:

— ھەئە، بۇنى سەن قانداق بىلىسەن؟ بىز قوشكېزەك، — دېدى.
ۋۇ چياڭ:
— ئىنىڭ قارام ئۈچ ئەبلەختىن تاياق يېگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ئورۇق ئەر:
— شۇنداق، سەن قانداق بىلىسەن؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.
ۋۇ چياڭ ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئورۇق ئەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ:
— مېنى ئىنىڭنىڭ يېنىغا باشلاپ بارامسەن؟ — دېدى. ئورۇق ئەر ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:
— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. ۋۇ چياڭ:
— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش. ۋىجدان سورىقىغا قالغان ئادەمنىڭ روھىمۇ خاتىرجەم بولالمايدىكەن. مەن ئىنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئۇنىڭغا «كەچۈر» دېيىشكە تېگىشلىك ئادەم…… — دېدى.



ئۈزۈمنىڭ تەمى بىر خىل ھەم بىر خىل ئەمەس، ئاچ-
چىق - چۈچۈك ياكى شېرىن - تاتلىقلىقىنى ھەرقانداق
ئادەم تېتىپ باقسىلا بىلىدۇ.

# ئۈزۈم يېيىش

شياۋ جيەن

جاڭ سەن بىلەن لى سى ئۈزۈمگە بەك ئامراق ئىدى. ئىككىسى ئۈزۈم يەۋېتىپ، جاڭ سەن قىزىق بىر ھالەتنى بايقىدى - دە، قىزىقچىلىق قىلىپ لى سىغا:

— ئىككىمىزنىڭ خاراكتېرىدە ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىكەن ئە-مەسمۇ! — دېدى.

— بۇنى قانداق بايقىدىڭ؟ — دەپ سورىدى لى سى جاڭ سەندىن. جاڭ سەن ئالدىدىكى ئۈزۈمنى كۆرسىتىپ:

— ئۈزۈم يېيىش ئۇسۇلىمىزدىن بايقىۋالدىم: مەن ھەر قېتىم ساپاقتىن ئەڭ چوڭ ئۈزۈمنى ئۈزۈپ يەيمەن. سەن بولساڭ، ئەڭ كىچىكىنى ئۈزۈپ يەيسەن، — دېدى.

لى سى ئۈستەلگە قارىۋىدى، دېگەندەك جاڭ سەن ئۈزۈمنىڭ ئەڭ چوڭىنى تاللاپ يېگەن. ئۆزى بولسا ئەڭ كىچىكىنى تاللاپ يېگەن. ئۇ:

— مانا بۇ خاراكتېر دەيمىز، — دېدى. جاڭ سەن:

— ماڭا قارا، مەن ھەر قېتىم ئۈزۈمنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يەيمەن. سەن بولساڭ، ھەر قېتىم ئەڭ ناچىرىنى يەيسەن. قارىغاندا، سەن تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدىكەنسەن، — دېدى. لى سى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ تۇرمۇشتىن ھەقىقىي لەززەتلىنىشنى بىلمەيدىغان ئادەم سەن. توغرا، سەن ھەر قېتىم ئۈزۈمنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى يەيسەن، لېكىن تەتۈرىنى ئويلايلى، سەن يېگەنسېرى ئۈزۈم شۇنچە چۈچۈمەل تېتىيدۇ، ئاخىرى بېرىپ يېگۈڭ كەلمەي قالىدۇ - دە، شۈمشىيىپ كېتىسەن. مەن يېگەنسېرى ئۈزۈم شۇنچە تاتلىق تېتىيدۇ - دە، يايراپ كېتىمەن، — دېدى. جاڭ سەن:

— سەن ئايرىم ئولتۇرۇپ يېگەن چاغدىكى ئەھۋالنى دەۋاتىسەن. ناۋادا

بىر ساپاق ئۆزۈمنى ئىككىمىز تەڭ يېسەك، مەن پايدا ئالامدىمەن؟ — دېدى.
لى سى كۈلۈپ تۇرۇپ خۇرسىنغان ھالدا:
— بۇنىڭدا سەن ئۆزۈڭنىڭ بىچارە ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلىسەن. سەن بىلەن بىر قېتىم ئۈزۈم يېگەن ئادەم، ئىككىنچى قېتىم يەنە سەن بىلەن ئۈزۈم يەرمۇ؟ سەن كۆپ بويى دوستلىرىم ئاز دەپ قاقشايسەن. لېكىن بۇنىڭ دەل تۈپ سەۋەب ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن! — دېدى.



قانۇنسىز نىكاھ چېچەكى يوق گۈلگە ياكى مېۋىسى يوق دەرەخكە ئوخشايدۇ. قانۇنلۇق نىكاھ چېچەكلەيدۇ، گۈللەيدۇ، ئەتراپقا خۇشبۇي پۇرىقىنى تارقىتىدۇ.

# نىكاھسىز توينىڭ ئاقىۋىتى

[ئامېرىكا] كورا دانېرسېن

مەن بۇ مەخپىيەتلىكنى ئالتىنچى سىنىپقا چىققاندا ئاندىن بىلدىم. بىر كۈنى، مەن دەرستىن چۈشۈپ بىر ساۋاقدىشىمنىڭكىگە بارماقچى بولدۇم. بىز شۇنداق دېيىشىپ قويغاندۇق. لېكىن ئۇ شۇ كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنى ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، باشقا بىر كۈنگە توغرىلاشقا مەجبۇر بولدى. مەن دوستۇمنى ئوبدان چۈشىنەتتىم. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى مانخاتتوندا نىكاھتىن ئاجرىشىش مودىغا ئايلانغانىدى. مېنىڭ بۇ دوستۇمنىڭ ئاتا - ئانىسى مېنىڭ ئاتا - ئانامغا ئوخشاش «دەرقەم» دە ئىدى. سىنىپىمىزدا بىزگە ئوخشاشلار ساناقلىق ئىدۇق. شۇڭا ئاتا - ئانىلارنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەي بولمايتتى. شۇ كۈنى تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم: مەن نېمىشقا ئاتا - ئانامنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنگە ئاتاپ ئۇلارغا بىرەر تال ئاتكرىتكا سوۋغا قىلىپ باقمىدىم؟

بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تولىمۇ ئىناق ئۆتەتتۇق. ئاتام ئىسمېنا ئالمىشىپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئىشتىن چۈشەتتى. ھەممىمىز جەم بولۇپ كەچلىك تاماقنى چۈشتىن كېيىن تۆت يېرىمدا يەيتتۇق. ھەر شەنبە كۈنى، تۆتەيلەن — ئاتام، ئاپام، مەن ۋە ئىنىم تۆتىمىز ۋېلىسىپىتلىك ھاۋا يەيتتۇق. ئەمما بىزنىڭ ئۆيدە ھېچقاچان ئاتام - ئاپامنىڭ توي قىلغان خاتىرە كۈنى تەبرىكلىنىپ باقمىغانىدى. مەن مەكتەپتىن كېلىپ ئاپامدىن سورىدىم. ئاپامنىڭ چىرايى بىلىنەر - بىلىنمەس قىزىرىپ ماڭا ئاتام ئىككىسىنىڭ ھازىرغىچە نىكاھ قىلدۇرمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئاتام بىلەن ئاپام 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى تونۇشقان ئىكەن. شۇ چاغلاردا ئىككىلىسى نيۇيوركتا تاكسى ھەيدەيدىكەن. ماشىنىلىرىنى بىر ماشىنا قويۇش ئۆيىگە قويىدىكەن. ئاتام نېگىر ئىدى، ئاپامدىن ئون تۆت ياش چوڭ. ئاپام يەھۇدىي ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېكايىسى ئاتام ئاپامنى قەھۋە ئىچىشكە تەكلىپ

قىلغان كۈندىن باشلانغان. ئاپام ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن قەھۋە ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى قەھۋەنى چايغا ئۆزگەرتىش توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشقان. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئون تۆت سېكۇنت ئۆتە - ئۆتمەي مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغان. ئون ئالتە سېكۇنتتىن باشلاپ، ئىككىسى تەگىشىپ قالغان. بۇنداق تۇرمۇش قېلىپى ئۇلارغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ كەلدى.

ئاپام خالىمىغانلىقى سەۋەبلىك ئاتام ئىككىسى نىكاھ قىلدۇرمىغانكەن. ئاپام ئىككى ئادەم بىر - بىرىنى ياخشى كۆرسە، بۇنداق مۇھەببەتنى قانۇننىڭ ئاسارىتىدە قالدۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان، بىر پارچە توي خېتىسىز ئاپام بىلەن ئاتامنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ ساپلىشىپ، مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدۇ، ئاپام مۇشۇنداق ئويلىغان.

مەن چوڭ بولۇش داۋامىدا، ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ قارارىغا باشقىچە تۇيغۇدا بولدۇم. ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئۆيدىن ئايرىلغان چاغدا، مەن تۇرمۇشتا مۇتەئەسسىپرەك ئىدىم. ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ «باشقا تىپ»قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن قەۋەت پەخىرلىنەتتىم. كېيىن ئۆزۈمگە ئوخشاش نېگىر قىزلىرىنىڭ تۇل ئانىلاردىن بولۇپ كۇنسايىن نامراتلىق ۋە قالايمىقان تۇرمۇش ئىسكەنجىسىگە كۆپلەپ مەھكۇم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «تاپتىن چىققان» ئاتا - ئانامنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدىغان بولدۇم.

ئالاھازەل بەش يىلنىڭ ئالدىدا توي قىلدىم. تويدىن ئاۋۋال توي مۇراسىمىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن تەپسىلاتلارنى چېۋەرلىك بىلەن ئاپامدىن يوشۇردۇم. بۇ مەن ھەم ئاپام ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىدى. مېنىڭ ھەقىقەتەن ئاپامنى خۇش قىلغۇم بار ئىدى. مەن تۇتقان بۇ سوۋغىنى ئاپامنىڭ ياقتۇرۇپ قېلىشىنى خالايتتىم.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، ئاتامنى ئەزرائىل ئەكەتتى، ئاپام ئاخىر ئاتامدىن ئايرىلدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئوتتۇز يىل مېھماندەك ئۆتكەنىدى. بىزگە ئوخشاش بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆمرىدە بۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت بىرگە ئۆتەلمەس. ئاتا - ئاپامنىڭ قولىدا توي خېتى بولمىغانلىقتىن، ئاتام قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى مىراسخورى ئاپام ئەمەس، بەلكى مەن بولۇپ قالدىم. باللارنىڭ چوڭى مەن ئىدىم. مەن ئاپامنىڭ ئورنىدا ھۆججەتلەرگە بىر - بىرلەپ قول قويدۇم. ھەر قېتىم ئۆزۈمنى ئاتام بىلەن ئاپامنى بىر - بىرىدىن گويا مەن ئايرىۋەتكەندەك ھېس

قىلدىم.

ئاتام ئەسكەر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئارمىيە تەرەپ ئاجايىپ تەنتەنىلىك ئۇزاتتى. ھەربىي كاناي چېلىنغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەر جەسەتكە يېپىلغان دۆلەت بايرىقىنى ئاتامنىڭ تۇغقانلىرىغا بەردى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ماڭا بەردى. مېنىڭ بايراقنى پەقەتلا ئالغۇم يوق ئىدى. ئەسلى ئاپامغا بەرسە بولاتتى. لېكىن ئۇ ئاتامنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى ئەمەس ئىدى. ئارمىيە تەرەپ بۇنىڭغا ئۇنىمايتتى.

رېئاللىق ئالدىدا، ئاپامنىڭ ئاتام ۋە ئۆزى ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇھەببىتى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بۇنداق چاغدا بىزنىڭ شەنبە كۈنلىرى بىللە ۋېلىسىپىتلىك ھاۋا يەيدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرىدىن ئىكەنلىكىمىزنى ھېچكىم ئويلىمايتتى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاپام، ئىنىم ۋە مەن يول بويى بىر - بىرىمىزگە گەپ قىلمىدۇق. ئۆي تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەن يېقىن - يورۇقلار بىلەن تولغانىدى. ئاپام قۇلىقىمغا پىچىرلاپ ئۆزىنىڭ نىكاھ قىلدۇرماي توي قىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىدىغانلىقىنى دېدى. ئەگەر ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولسا، ئۇ چوقۇم نىكاھ قىلدۇرغان بولاتتى.

ئاپام پەقەت دەپنە مۇراسىمى ۋە ھېلىقى دۆلەت بايرىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇ ئۆزى بىلەن ئاتام ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى پۈتكۈل جاھاننىڭ كۆرۈپ تۇرغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن، ئەمما ئۇ بۇ پۇرسەتنى تۇتۇپ ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنىدى. نەتىجىدە دۇنيا ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە سەل قارىدى.



ئادەمگەرچىلىك ئۇچۇن گۈزەل ھايات مانا شۇنداق ئۆتۈپ كەتسە، بۇ تولىمۇ ئەرزىمەس ئىش، ھايات ئەزەلدىن قىممەتلىك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

# ئادەمگەرچىلىكنىڭ بەدىلى

جى فېڭشەن

بىر كۈنى، شاۋجىڭ مەكتەپتىن قايتىپ، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىرىپلا ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسە توغرۇلۇق پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. چىرايىدىن ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ئىشقا يولۇققانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

شاۋجىڭ بۇ يىل ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى چېچەن بالا ئىدى. ئۇ ئاتىسى بىلەن ئاپىسىغا مۇنداقلا سالام قىلىپ قويۇپ، ئەدەپ بىلەن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. شاۋجىڭ سومكىسىنى قويۇپ، سومكىسىدىن دەرسلىك كىتابىنى ئېلىپ، بىرنەچچە كۈنۈكمىنى ئىشلەۋېتىپ، بىردىنلا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تاپشۇرمىسىنى يادىغا ئالدى ـ دە، غەيرەتكە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— ئاتا، ئەتىلىككە مەكتەپ فورمىسى ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە يۈەن تاپشۇرىدىكەنمىز، — دېدى.

ئاتىسىنىڭ ئۆڭۈپ شاۋجىڭغا ۋارقىراپ كېتىدىغىنىنى كىم بىلسۇن. ئاتىسى:

— پۇل، پۇل، يەنە شۇ پۇل، ئوغرىلىق ياكى بۇلاڭچىلىق قىلامدىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

شاۋجىڭ ئاتىسىنىڭ بۇنچىلىك چېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاچقا، دىلى ئازار يېدى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— بالىغا نېمە ئاچچىق گەپ قىلىسەن؟ — ئاپىسى شۇنداق دەپ ئېرىگە ئالايدى ـ دە، شاۋجىڭنى يېنىغا تارتىپ بەزلەپ تۇرۇپ، — ئاتاڭنىڭ گېپىنى كۆڭلۈڭگە ئالما، ئاتاڭغىمۇ ئامال يوق، — دېدى.

شاۋجىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ، ئاتىسىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئاپىسى شاۋجىڭغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ كېتىپ،` ئاخىر

خۇرسىنغان ھالدا:

— ھەي، بۇ ئاي ئادەمگەرچىلىك ئۇچۇن يەنە تۆت - بەش يۈز يۈەن چىقىم قىلىدىغان ئوخشايمىز. ئاتاڭ ئىككىمىز بىر تىيىن مائاش ئالغىنىمىز يوق، — دېدى. شاۋجىڭ ئاپىسىدىن:

— ئادەمگەرچىلىك ئۇچۇنمۇ؟ — سورىدى. ئاپىسى بېشىنى لىڭشىتىپ، يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئادەمگەرچىلىك قەددىمىزنى پۈكىلىۋەتتى! ئاتاڭ بەكمۇ ئابرۇي-پەرەس، — دېدى.

شاۋجىڭنىڭ شۇنداق ئېنىق يادىدا ئىدىكى، يېقىندىن بۇيان ئۇلار توختىماي باغاق تاپشۇرۇۋالدى، بۇ باغاقلارنى ئۇلارغا ئاتىسىنىڭ ياكى ئاپىسىنىڭ ئىدارىسىدىكى تاغا - ھەدىلەر ئەكېلىپ بەرگەنىدى. ساپلا جاڭ فامىلىلىك يېڭى ئۆي چېپىغا، لى فامىلىلىك مومىسىنىڭ يەتمىش ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاش مەرىكىسىگە، توي - تۆكۈن ۋە بۆشۈك تويىغا تەكلىپ قىلىنغان باغاقلار كۆپ ئىدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسى ئىككى - ئۈچ كۈندە قىزىل لېپاپىنى كۆتۈرۈپ تۈرلۈك زىياپەتلەرگە باراتتى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئىدارىسىنىڭ تاپقان پايدىسى ئاز بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مائاشى تۆۋەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

شاۋجىڭ بېشىنى سالغان پېتى ھوجرىسىغا كىرىپ شىرەنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، تاپشۇرۇقلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن كىتابىنى ئېچىپ تۇرۇشىغا، سىرتتا بىرى ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى «گوم - گوم» قىلىپ ئۇردى. شاۋجىڭ ئالدىراش بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ناتونۇش سېمىز بىر تاغاش تۇراتتى. ئۇ تاغاش شاۋجىڭدىن:

— كىچىك دوست، ئاتاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شاۋجىڭ جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاتىسى ئۆيدىن چىقىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە كۈلۈپ قاراپ:

— سەن ئىكەنسەنغۇ، پور كۆتەك، ئۆيگە كىر، — دېدى.

— بولدى، سىلەرنى كېلەر ئاينىڭ 6 - كۈنى ئوغلۇمنىڭ قىرىقى تولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان چايغا چاقىردىم، — سېمىز تاغاش شۇنداق دەپ ئاتامغا بىر باغاقنى بەردى. ئاتام خۇشال بولۇپ:

— ماقۇل، ماقۇل، چوقۇم بارىمەن، — دېدى.

ئاتىسى بىلەن ئاپىسى سېمىز تاغاشنى ئۇزىتىۋەتتى، ئۇلار بىر ئېغىز گەپ

قىلمىدى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا شاۋجىڭ بۇزدى. ئۇ:

— بىز نېمىشقا بۇ ئادەمگەرچىلىكنى جەزمەن ئادا قىلىمىز؟ — دېدى.

ئاتىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ شاۋجىڭغا قارىدى، ئۇ بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما يەنىلا گەپ قىلمىدى. ئاپىسى:

— شاۋجىڭ، سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى چوڭ بولغاندىن كېيىن بىلىپ قالىسەن، — دېدى، ئاندىن ئېرىگە قاراپ، — كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، بىرەرىدىن قەرز ئال، شاۋجىڭنىڭ مەكتەپ فورمىسىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەيلى، — دېدى يەنە.

ئاتىسى بېشىنى لىڭشىتتى. شاۋجىڭ ئالمان - تالمان:

— ئاتا، ئاپا، مەن ئەتە مۇئەللىمگە دەپ، مەكتەپ فورمىسى تىكتۈرمەي-مەن، — دېدى.

— ئۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ. ساۋاقداشلىرىڭ ھەممىسى يېڭى مەك-تەپ فورمىسىنى كىيسە، سەن كىيمىسەڭ، ئەستا، — دېدى ئاپىسى ئىلاجى-سىزلىقتىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي.

ئاتىسى قولىدىكى باغاقنى پىرقىرىتىپ ئۈستەلگە تاشلىدى ۋە:

— مەن قەرزنىڭ ئېپىنى قىلىپ باقاي، — دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ قاراڭغۇ كېچە قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، ئاتىسى تېخىچە قايتىپ كەلمىدى، شاۋجىڭنىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە ئاتامغا بىرەر ئىش بولۇپ قالماس، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ گاراڭ ھالەتتە ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، شاۋجىڭ ئاتىسىنىڭ قەرز ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سورىماي سومكىسىنى ئېسىپ ئۆيدىن چىقىشقا تەييارلاندى. ئاپىسى ئۇنى چاقى-رىپ تەڭلىكتە قالغان تەرزدە:

— شاۋجىڭ، مۇئەللىمگە دېگىن، مەكتەپ فورمىسىنىڭ پۇلىنى نەچچە كۈندىن كېيىن تاپشۇرىمىز، — دېدى شاۋجىڭغا.

— ماقۇل، — شاۋجىڭ شۇنداق دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ غەمكىن ھالەتتە مەكتىپىگە ماڭدى.

چۈش ئىدى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. شاۋجىڭ تېخىچىلا قايتىپ كەلمىدى. بۇ ھال ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى تاقەتسىزلەندۈرۈپ قويدى. ئىككىسى دەرھال مەكتەپكە باردى. خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى كىشى

باللارنىڭ دەرستىن چۇشۇپ كەتكىنىگە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. مەكتەپ قورۇسىدا بىرمۇ ئوقۇغۇچى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار چوڭ كوچىغا چىقىپ بالىسىنى بۆلۈنۈپ ئىزدەشكە باشلىدى. ئاپىسى ئۇياق - بۇياققا قاراپ پەرىشان قىياپەتتە كېتىۋاتاتتى. توساتتىن ناھايىتى تونۇش بىرىنىڭ سېيماسى كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. توغرا، ئۇ دەل ئۇنىڭ قىزى شاۋجىڭنىڭ سېيماسى ئىدى. شاۋجىڭ ئەخلەت چېلەكى يېنىدا كونا ئۇرېئا خالتىسىنى كۆتۈرۈپ بىر تال شاخ بىلەن ئەخلەت چېلەكىنى تاتىلاۋاتاتتى. ئاپىسى ھەممىنى چۈشەندى. ئوقتەك بېرىپ قىزىنى باغرىغا تاڭدى، كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلەتتى.

— ئۆيگە كېتەيلى، مەن بىلەن قايت، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ.

شاۋجىڭ ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ:

— ئاپا، سەن بىلەن بىللە ئۆيگە كېتىمەن. يىغلىما، — دېدى. گېپىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا ئۆزىنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ قىزىرىشقا باشلىدى.

شاۋجىڭ ئاپىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەلدى، ئاتىسىمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇ شاۋجىڭنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چېچىلاي دېيىشىگە خوتۇنى ئۇنىڭغا هاي بەردى. خوتۇنىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ ئورۇندۇقتا ھالسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن:

— سەن ئوقۇشۇڭنى بىل، ئوبدان ئوقۇ، ئۆيدىكى ئىشلاردا ئاپاڭ ئىككىمىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەر قانچىلىك پۇلغا يارايتتى؟ — دېدى. شاۋجىڭ تەرەپباللا:

— نېمىشقا ئاشۇ تاغا - ھەدىلەر بىزگە ئادەمگەرچىلىك قىلمايدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن. ئاتىسى:

— ئادەمگەرچىلىك خاتا ئەمەس. بىز ھازىر قانداق نام بىلەن مېھمان چاقىرىمىز؟ — دېدى. شاۋجىڭ بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ:

— توغرا، كېلەر ھەپتە مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم بولىدۇ، — دېدى خۇشال بولۇپ.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، تۇغۇلغان كۈن ئون ياش، يىگىرمە ياش، ئوتتۇز ياشتا خاتىرىلىنىدۇ. سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ توغرا كەلمەيدۇ، — ئاتىنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ قەلبىدە «ۋىلىلىدە» يانغان ئۈمىد ئۇچقۇنىنى «شاپپىدە» ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. ئاپىسى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

— مەن خەقلەرنىڭ يالغاندىن ئاجرىشىپ، كەينىدىن يېنىشىپ مېھمان چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغان، — دېدى. شاۋجېڭنىڭ ئاتىسى ئورۇندۇقتىن «لىك-كىدە» تۇرۇپ خوتۇنىغا ئالايدى - دە:

— يالغاندىن ئاجرىشىش، مەن قەلەندەر بولۇپ كەتسەممۇ بۇنداق شەرمەندە ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى. ھەممىسىنىڭ ئۈنى ئۆچتى.

بىر كۈنى چۈشتە شاۋجېڭ ئۆيگە قايتىپ كەلدى، ئۇ ئاپىسىنىڭ ئون يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك بىر تۇتام پۇلنى ئاتىسىغا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاپىسى ئاتىسىغا:

— يۈز يۈەنلىك پۇلغا تېگىشكىن، لېپاپقا سالساڭمۇ كۆركەم تۇرىدۇ، — دېدى. شاۋجېڭنىڭ ئاتىسى «ھىم» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شاۋجېڭ ئاپىسىدىن ئاتىسىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— بىر خىزمەتدىشىنىڭ ئاتىسى قازا قىلىپ كەتكەنىكەن، ئاتاڭ شۇنىڭكە-گە ئۆلۈم ئۇزىتىشقا ماڭدى، — دېدى. شاۋجېڭ ئاپىسىغا بۈگۈن مۇئەللىمىنىڭ نەچچە قېتىم مەكتەپ فورمىسى پۇلىنى سۈيلىگەنلىكىنى دېمەكچىدى، بىراق بايىقى كۆرۈنۈشنى ئويلاپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى.

شۇ كۈنى لەختە - لەختە مەست بولۇپ كەتكەن ئاتىسىنى بىركىملەر ئۆيگە ئەكىلىپ قويدى. شاۋجېڭنىڭ ئاتىسى ئادەتتە ھاراق ئىچمەيتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇ قېتىم قائىدىنى بۇزغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

ئەتىسى، ئاپىسى ئىشقا چۈشۈپ ئىككى يۈز يۈەندىن ئارتۇق ئىش ھەققى ئالدى. كۆڭلىدە شاۋجېڭنىڭ مەكتەپ فورمىسى پۇلىنىڭ ئورنى چىققانلىقىنى پەملىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئاز - تولا سوۋغا - سالام ئېلىشقىمۇ پۇل چىقىش قىلاتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز بىرى ئالمان - تالمان:

— تېز بول، تېز، قىزىڭغا بىر ئىش بوپتۇ، — دەپ توۋلىدى ئۇنى. شاۋجېڭنىڭ ئاپىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۇنىڭدىن:

— كىمنىڭ؟ كىمنىڭ قىزىغا بىر ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— سىنىڭ، سىنىڭ قىزىڭغا بىر ئىش بوپتۇ، — دېدى. شاۋجېڭنىڭ ئاپىسى بېشىغا تۇيۇقسىز ئېغىر بىر نەرسە چۈشۈپ كەتكەندەك ئايلىنىپ قالاي دېدى، ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا ھېلىقى كىشىدىن:

— شاۋجىڭغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى:

— ئاڭلىسام مەكتەپ بىناسىدىن يىقىلىپ كېتىپتۇ، ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇشتا ئىكەن، — دېدى.

شاۋجىڭنىڭ ئاپىسى ۋېلىسىپىتكە قانداق مىندى، دوختۇرخانىغا قانداق كېلىپ قالدى، ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئۇ دوختۇرخانىغا كەلگەندە پۇت - قولى يۇمشاپ كەتكەنىدى. ئاپىسى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ ھۆڭرەپ يىغلىغان پېتى قىزىغا ئۆزىنى ئاتتى. شاۋجىڭ كارىۋاتتا ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايى سامانىدەك تاتىرىپ كەتكەن، كىيىملىرى قان ئىدى. ئاپىسى ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالغانلىقتىن كەينىگە ئۇچۇپ كەتمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر چەتتە تۇرغان دوختۇرنى كۆردى - دە «شاققىدە» تىزلىنىپ:

— دوختۇر، قىزىمنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئۇنى تېز قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — دېدى.

دوختۇر ئەپسۇسلانغان هالدا بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ چاغدا شاۋجىڭنىڭ ئاتىسىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ يۈرەكلەرنى ئېزىپ تاشلايدىغان نالىسى ئەتراپتىكىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى لەختە - لەختە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قار يامغۇر ياش تۆكۈلەتتى.

كۆپچىلىك قايغۇ - ئازاب ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، بىرى بىردىنلا:

— قاراڭلار، ئالىقىنىدا بىر نەرسە تۇرىدۇ، — دەپ توۋلاپ سالدى.

ئەتراپتىكىلەر شاۋجىڭنىڭ قولىغا سەپسالدى، بالىنىڭ ئالىقىنىدا بىر نەرسە سىقىمدالغان ھالەتتە تۇراتتى. شاۋجىڭنىڭ ئاپىسى تەلۋىلەردەك ئېتىلىپ بېرىپ، قىزىنىڭ ئالىقىنىنى ئېچىپ ھېلىقى نەرسىنى ئالدى. ئۇ توختىماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قانغا بويالغان قەغەزنى ئاچتى. قەغەزگە:

«ئاتا، ئاپا، مەن بىنادىن ئۆزۈم سەكرىدىم. سىلەر ئەمدى ئاشۇ تاغا - ھەدىلەرنى ئادەمگەرچىلىك قىلـىـشقا چاقىرسـاڭـلار بولـىـدۇ» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

كۆپچىلىك بۇ خەتنى كۆرۈپ شۈركۈنۈپ كېتىشتى. بۇ خەتنىڭ تېگىگە نېمە يوشۇرۇنغانلىقى ئۇلارغا مەلۇم ئىدى.

— ياق، قىزىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلدى، قىزىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلدى، — شاۋجىڭنىڭ ئاپىسى تۇيۇقسىز ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ كەتتى...

سەمىمىيەتنىڭ باھاسى يوق. بىلىش كېرەككى: سەمىمىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ دۇنيادا مەۋجۇت بولغىلى بولماس.

# ئۆمۈرگە تەڭ بىر جۈملە سۆز

چېن ۋېنجي

نەچچە كۈن ئىلگىرى، «بايلىق ۋە كىشىلىك ھايات» مەزمۇنىدىكى تېلېۋىزىيە سۆھبەت پروگراممىسىغا كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ياش كارخانىچى مېھمان سۈپىتىدە قاتناشتى. پروگرامما ئاخىرلاشقان چاغدا، قائىدە بويىچە رىياسەتچى ئۇنىڭغا ئاخىرقى بىر سوئالنى قويدى. رىياسەتچى بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن مۇنداق سورىدى:

— مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدا سىز قايسى پەزىلەتنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايسىز؟

ئۇ ياش بىر پەس ئويلىنىپ كېتىپ، رىياسەتچىنىڭ سوئالىغا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، بەلكى ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتقان ھالدا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن، بىر ياش تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ فرانسىيىگە باردى. ئۇ شۇ يەردە يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇپ، چەت ئەلدىكى ئوقۇش ھاياتىنى باشلىدى.

ئۇ ئاستا - ئاستا شۇ يەردىكى بېكەتلەرنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى، بېلەت تەكشۈرۈش ئورنى قويۇلمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئارىلاپ تەكشۈرىدىغان ئىشلارنىڭمۇ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكىگە تايىنىپ مۇنداق ئېھتىماللىقنى — بېلەت ئالماسلىق بىلەن بېلەت ئالماي تۇتۇلۇپ قېلىش نىسبىتىنىڭ ئاران ئون مىڭدە ئۈچ پىرسەنت ئىكەنلىكىنى ئېنىق مۆلچەرلەپ چىقتى. ئۇ ئۆز كەشپىياتىدىن مەغرۇرلىنىپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن داۋاملىق بېلەت ئالماي ئاپتوبۇسلارغا چىقىدىغان بولدى. ئۇ يەنە، مەن دېگەن بىر ئوقۇغۇچى، ئازراق پۇل تېجەپ قالىدىغان ئىش بولسا تېجەپ قالغان تۈزۈك، دەپ كۆڭلىنى ياساپ يۈرۈۋەردى.

تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ شۆھرەتلىك نامى ۋە ئەلا ئوقۇش نەتىجىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى كۈچەيدى. ئۇ پارىژدىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرگە پات - پات يولۇقۇپ، گىدىيىپ تۇرۇپ

ئۆزىنى تونۇشتۇردى. لېكىن، نەتىجىسى ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. ئۇنى قىزغىن كۇتۇۋالغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى سىلىق سۆزلەر بىلەن رەت قىلغانىدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن چۈشىنىكسىز بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى.

ئاخىر بولماي، ئۇ بىر شىركەتنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورىغا ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن قوبۇل قىلىنماي قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ بىر پارچە ئېلېكترون پوچتا يوللانمىسى ئەۋەتتى. شۇ كۈنى كەچ، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالدى. جاۋاب مۇنداق ئىدى:

«چېن ئەپەندى، بىز سىزنىڭ تالانتىڭىزغا ئىنتايىن قايىل. بىراق بىز سىزنىڭ ئىشەنچلىك خاتىرىڭىزنى ئەكېلىپ كۆرۈپ تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنى بايقىدۇقكى، ئىشەنچلىك خاتىرىڭىزدا سىزنىڭ ئۈچ قېتىم ئاپتوبۇسقا بېلەتسىز چىقىپ، جەرىمانە تۆلىمىگەنلىكىڭىز توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغاندەكەن. بۇ ئىش مۇنداق ئىككى ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دەپ قارايمىز: بىرىنچى، سىز قائىدىلەرنى ھۆرمەتلىمەيدىكەنسىز، ئىككىنچى، سىز ئىشىنىشكە ئەرزىمەيدىكەنسىز، شۇ سەۋەبتىن شىركىتىمىز سىزنى قارامىلىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا پېتىنالمىدى، كەچۈرۈڭ.»

ئۇ شۇندىلا ئەقىل ـ ھوشىغا كېلىپ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن بەك ئۆكۈندى. قارشى تەرەپنىڭ جاۋاب خېتىدىكى «ئەخلاق ھامان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كەم قالغان يېرىنى تولدۇرالايدۇ، ئەقىل ـ پاراسەت ئەخلاقنىڭ كەم قالغان يېرىنى تولدۇرالمايدۇ» (دانت) دېيىلگەن ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئەتىسى ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلدى.

ھېكايە تۈگىدى. نەق مەيداندا بىر پەس ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. رىياسەتچى گاڭگىرىغان تەرزدە ئۇنىڭدىن:

— مۇشۇ ھېكايە سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزدىكى سىرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە! چۈنكى ھېكايىدىكى ئاشۇ ياش مەن بولىمەن، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۈگۈنكىدەك كۈنگە ئۇلاشتىم. چۈنكى مەن تۈنۈگۈن بىر «توخۇ» ئىدىم، مانا بۈگۈن بىر «شۇڭقار»غا ئايلاندىم.

نەق مەيدان گۈلدۈراس چاۋاك ئاۋازلىرىغا تولدى...

كىشىلىك ھايات ھامان مۇرەككەپ بولىدۇ. داۋلى ناھايىتى ئاددىي. تولا چاغلاردا بىر جۈملە سۆز بىر كىشىنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىگە تەڭ بولىدۇ.

رىقابەتلىشىشنى، ئۆزىنىڭ ھەققانىي مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆگەنگەندىلا، جەمئىيەتتە كۆڭۈلدىكىدەك يا-شىغىلى بولىدۇ.

## ئىش ھەققى

خۇڭ تاۋ K

ۋاڭ شاۋچۇن ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ نامرات تاغلىق رايوندىن كەلگەن. ئائىلىسى بەك يوقسۇل بولۇپ، ئۆيدىكە-لىرى ئۇنى ئۆزلىرى غورىبەتچىلىكتە ياشاپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتاتتى. شۇڭا ۋاڭ شاۋچۇن ئۆگىنىشتە تىرىشچان، ئادەتتە مەكتەپتىمۇ بەك ئىقتىسادچىل ئىدى، ئارتۇق بىرەر تىيىن پۇل خەجلىمەيتتى.

بىر يىلى يازلىق تەتىل يېتىپ كەلدى، ۋاڭ شاۋچۇن ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەتمەي، شەھەردە قېلىپ مەدىكارچىلىق قىلىش قارارىغا كەلدى.

ۋاڭ شاۋچۇن شەھەردە ئىككى - ئۈچ كۈن پىرقىراپ يۈرۈپ ئادەم ئىشلە-تىدىغان ئورۇنلارنى تاپالمىدى. بىر كۈنى، ئۇ «خاۋزەيلەي» مەيخانىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، مەيخانىنىڭ ئىشچى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ روھلىنىپ مەيخانىغا كىردى.

ۋاڭ شاۋچۇن ئۆزىنىڭ خوجايىن تەرىپىدىن ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار-نى قىلىش ئىدى: چىنە - قاچا يۇياتتى، يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا چاپاتتى، تاماق توشۇيتتى، كۆكتات ئادالايتتى. ئاشپەزلەر ئۇنى نېمە ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇ شۇ ئىشنى قىلاتتى. ئايلىق مائاش بەش يۈز يۈەن بولسىمۇ، شارائىتى ناچار ئىدى، ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن كەچ سائەت توققۇزغىچە ئون ئىككى سائەت ئىشلەيتتى، يەكشەنبىسى يوق ئىدى. ۋاڭ شاۋچۇن چىشىنى چىشلەپ ماقۇل بولدى.

ۋاڭ شاۋچۇن جاپا ئىچىدە چوڭ بولغان بالا بولغاچقا، مەيخانىغا كەلگەندىن كېيىن، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي جاپالىق ئىشلىدى. ئۇ جاپاغا كۆنۈك، ئارتۇق گېپى يوق بولغاچقا ئاشپەزلەرنىڭ ۋە باشقا خىزمەتداشلىرىنىڭ

ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ھەش - پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كېتەي دېدى. خوجايىن ئۇنىڭغا تېخىچە ئىش ھەققىنى بەرمىدى. يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇش باشلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاڭ شاۋچۇن چىشىنى چىشلەپ ئىش ھەققىنى ئالغىلى ئۇستۇنكى قەۋەتكە خوجايىننىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى.

خوجايىن چىرايىدىن چىپچەنلىكى چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئىدى. ئۇ ئادەتتە قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرەتتى، قول ئاستىدىكىلەرگە بەك قاتتىق قول ئىدى، مەيخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى. ۋاڭ شاۋچۇن خوجايىننىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئىشخانىغا كىردى. خوجايىن سافادا سىڭايان يېتىپ بەھۇزۇر گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. خوجايىن ۋاڭ شاۋچۇننىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ، پۇتلىرىنى ئالماپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بىلەن كىرگەنلىكىنى سورىدى.

ۋاڭ شاۋچۇن قىزارغان پېتى خوجايىنغا ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ئالغىلى كىرگەنلىكىنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى. خوجايىن ۋاڭ شاۋچۇننىڭ چىرايىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىش ئۇستىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ تارتمىدىن بىر لېپاپنى ئالدى. ئۇ لېپاپنى پۇلاڭلىتىپ ۋاڭ شاۋچۇنگە:

— بۇ سېنىڭ ئىش ھەققىڭ، ھە، ئۇكا، سەن يامان ئەمەس ئىشلىدىڭ، ئىش ھەققىڭ بەش يۈز يۈەن، ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىگىنىڭگە بىر يۈز ئەللىك يۈەن بەردىم، جەمئىي پۇل ئالتە يۈز ئەللىك يۈەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاڭ شاۋچۇن ئىچىدە خۇش بولدى. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم قان - تەر بەدىلىگە تاپقان پۇل ئىدى. ئۇ لېپاپقا ئەمدىلا قول ئۇزىتىشىغا خوجايىن:

— توختا ...— دېدى - دە، ئۇستەلدىكى بىر خاتىرىنى ئېچىپ، — سەن مۇشۇ بىر ئايدا ئۈچ قاچىنى چېقىۋېتىپسەن، سەندىن ئەللىك يۈەن تۇتۇلىدۇ. ئۆتكەندە خېرىدارلار بىلەن تەگىشىپ قاپسەن، ئەللىك يۈەن تۇتۇلىدۇ، بىر قېتىم بالدۇر كېتىپ قاپسەن، ئەللىك يۈەن تۇتۇلىدۇ، قورۇمىلارنى ئەكېتىپسەن، ئەللىك يۈەن تۇتۇلىدۇ... — مۇشۇلارنى ئوقۇپ بولۇپ، مائاشىڭدىن پەقەت ئىككى يۈز يۈەنلا قالدى، — دېدى.

ۋاڭ شاۋچۇن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرلىگەن ئاچچىق تامىقىغا كېلىپ قالدى. ئۇ: ھەي، باغرى قاتتىق خوجايىن! ماگىزىندا ئۈچ قاچا ناھايىتى ئون نەچچە يۈەنگە كېلىدۇ. يەنە كېلىپ مەن قەستەنگە چېقىۋەتمە-

دىم، مۇشۇنىڭغا مەندىن ئەللىك يۇەن تۇتۇپ قالامسەن؛ ھېلىقى قېتىم خېرىدارلار بىلەن ئېتىشىپ قالغىنىم راست، چۈنكى بىر مەست خېرىدار مۇلازىم قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلدى، مەن غەزىپىمنى باسالماي، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلدىم؛ شۇ كۈنى ئالدىراش ئىشىم چىقىپ قالغاچقا بالدۇرراق كەتتىم، ئۆزۈڭ ماقۇل بولغان؛ مەيخانىدىن قورۇملارنى ئەكېتىپسەن دېدىڭ، ئۇ دېگەن خېرىدارنىڭ ئالدىدىن ئاشقان توخۇ گۆشى، ئاشپەزلەر ئەكەتكىن دېگەن… مۇشۇلارنى ئويلىدى. پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن ۋاڭ شاۋچۈن خوجايىنغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى. خوجايىن چىرايىنى تۇرۇپ پىت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئۇستەلگە ئۇرۇپ:

— سەن خوجايىنمۇ ياكى مەنمۇ؟ مەن تۇتۇۋالىمەن دەيمەن، تۇتۇۋالىمەن، ھۇ ئاناڭنى، خوجايىن بىلەن جاۋابلاشقانىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ قال! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى خوجايىن.

ۋاڭ شاۋچۈننىڭ خوجايىننىڭ قاپقارا جۇدەڭگۇ چىرايىغا قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ تەستىكىگە ئىككى شاپىلاق سالغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇ ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ دېگەن ھېكمەتنى ئويلاپ، خورلۇققا لېۋىنى چىشلەپ چىدىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇل سېلىنغان لېپاپنى خوجايىننىڭ قولىدىن «شارتتىدە» تارتىۋېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭدى. ۋاڭ شاۋچۈن ئەمدىلا ئىشىك تۇۋىگە بېرىشىگە، خوجايىننىڭ:

— توختا، توختا دەيمەن! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ۋاڭ شاۋچۈن كەينىگە ئۆرۈلۈپ خوجايىنغا غەزەپلىك تىكىلدى. خوجايىن:

— ئۇكا، سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوخشىمامسەن؟ — دېدى. ۋاڭ شاۋچۈن:

— سەن قانداق بىلدىڭ؟ — دېدى ھاڭۋېقىپ. خوجايىن كۆرەڭلەپ تۇرۇپ:


— يېڭى كەلگەن چېغىڭدا، قول تېرەڭنىڭ يۇمرانلىقىغا، گەپ - سۆزلىرىڭگە قاراپ، ئىش تاپقىلى كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنمەن، — دېدى، ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ھاياجانلانغان سىياقتا ۋاڭ شاۋچۈنگە، — سەن نېمىشقا مۇشۇنداقلا كېتىپ قالىسەن؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئاقلاپ ئۆز قارىشىڭدا چىڭ تۇرمايسەن؟ نېمىشقا يېنىكلىك بىلەن مۇشۇنداق تېز مۇرەسسە قىلىسەن؟ ئۇكا، بىلىپ قال، بۇ كەسكىن رىقابەتكە تولغان جەمئىيەت، سەۋر - تاقەتنى، جاپاغا چىداشنى ئۆگەنگەن بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ،

قارشىلىششنى ئۆگەن! ئۆزۈڭگە تەۋە بولغان نەرسىدە جەزمەن چىڭ تۇر، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمە! قارشىلاشماي، مۇرەسسە قىلساڭ، رىقابەتتە باتۇر بولمىساڭ، خەقلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايسەن، مەڭگۈ چوڭ ئىش قىلالمايسەن. ئۇكا، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ سۆزلىرىمنى يادىڭدا تۇتۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن! — دېدى يەنە.

خوجايىن شۇنداق دەپ تارتمىدىن يەنە بەش يۈز ئەللىك يۈەننى ئېلىپ، پۇلنى ۋاڭ شاۋچۈننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ:

— ئۇكا، راستىنى ئېيتاي، سەن بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى ئەڭ جاپاغا چىداملىق ئىشلەمچى، مانا ماۋۇ يۈز يۈەن، مېنىڭ ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم! — دېدى.

ۋاڭ شاۋچۈن ھاڭۋېقىپ قالدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، كۆزلىرى ياشاڭغىرىغان ھالدا پۇلنى قولىغا ئېلىپ «رەھمەت» دېگىنىچە چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدى. ئۇ مەيخانىدىن چىقىپ كۆڭلىدە ئۆز - ئۆزىگە: «بۈگۈن بۇ خوجايىن كىشىلىك ھايات مۇساپەمدە ماڭا ئىنتايىن مۇھىم دەرس ئۆتتى، بۇ دەرس مەن ئۈچۈن قولۇمدىكى مۇنۇ ئىش ھەققىمدىنمۇ قىممەتلىك» دېدى.



ئادەملەر رىقابەتلىشىشكە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جەمئىيەتتىكى كەسكىن رىقابەتكە قاتنىشىشقا موھتاج. شۇنىڭدا ئادەملەر ئىلگىرىلەيدۇ، جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلالايدۇ.

ئادەملەر ئىش - ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى ئەقىل - پاراسەت ئۈستىدە ئىزدەنسە، تۇرمۇش «ئاۋارىچىلىقلىرى» دىن پەلسەپىگە ياتىدىغان ئەقىل - پاراسەتنى تاللىۋالالىسا، تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ ھەم ئۈمىدلىك ياشايدۇ.

## ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى

جاۋ ۋېنخۇڭ

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلىرىدە شەنياڭ ئەتراپىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ يەتمىش نەچچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى تېتىك ھەم تىمەن ئىكەن. ئۇنىڭ مىڭ مولاپ يېرى، ئۇيۇر - ئۇيۇر ئات - كالىلىرى بار ئىكەن.

بىراق، بۇ باينىڭ يۈرىكىگە قادالغان بىر دەرد - ئەلىمى بار ئىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى ئىستەيدىكەن. لېكىن قېرىلىق يېتىپ كېسەلچان بولغاچقا، سەپەرگە چىقىشقا سالامەتلىكى يار بەرمەيدىكەن. ئۇ غوجىدارنى شەنياڭ ۋە شىئەنگە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر كەپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ يوشۇرۇن دەرد - ئەلىمىنى يېشەلمەپتۇ.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. باينىڭمۇ چاچلىرى كۈنسېرى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، باي ئەڭ ئاخىرقى قارارغا كەپتۇ. غوجىدار چەبدەس ئون بىر چاكارنى تاللاپ، تىزىق - تىزىق كۈمۈش پۇللارنى، يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئېلانلارنى ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئايماق ۋە ناھىيىلەرگە ئۈچقاندەك تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كېتىپتۇ.

باينىڭ ئېلانلىرى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ شەھەر-

لەرنىڭ كوچىلىرىغا چاپلىنىپتۇ. بۇ ئېلانلار باينىڭ ئىقلىمىدىكى ئەڭ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قورۇقىغا مېھمانغا تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانلار ئىكەن.

پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەر بۇ ئىشتىن شۇئان خەۋەر تېپىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ باينىڭ مۇددىئاسىنى بىلەلمەپتۇ. ھەرقانچە بولسىمۇ تىنچ ھەم گۈللەنگەن مۇشۇنداق بىر زاماندا يۇركىنى قاپتەك قىلىپ ئەتراپىغا ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنى توپلاپ ئوردىغا پو ئاتىدىغان ئالا كۆڭۈل ناكەسلەر چىقارمۇ دەپ ئوردا پايلاقچىلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى باينىڭ قورۇقى ئەتراپىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئېلان چىقىرىلىپ يېرىم ئايدىن كېيىن، باينىڭ قورۇقىغا نۇرغۇن زاتلار، مەشھۇر ئالىملار كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. يىل ئاخىرىسىدا، باي كېلىدىغانلارنىڭ ئاساسەن كېلىپ بولغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مېھمانلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىدىن ئون ئالتىسىنى تاللاپ قورۇقىغا ئېلىپ قاپتۇ. قالغان مېھمانلارغا كاتتا زىياپەت بېرىپ، يول خىراجىتىنى قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

قېپقالغان ئون ئالتە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ گاھىبىرلىرى شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرى، گاھىبىرلىرى قەدىمكى ۋە ھازىرقىدىن تولۇق خەۋەردار دانىشمەنلەردىن ئىكەن، يەنە گاھىبىرلىرى ئەرشئەلادىن تارتىپ تەھتى سەھرانىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى ئەقىلدارلار ئىكەن. باي بۇ كىشىلەرنى تۈرلۈك - تۈمەن ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى ھەم بارلىق ئەقىل - پاراستىنى ئىشلىتىپ ئېلىپ قالغانىدى. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن:

— مەن سىلەرنىڭ ماڭا بىر يىل ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستىگە دائىر بىر پارچە پاراسەتنامە تۈزۈپ بېرىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن، بۇنى ئەۋلادلىرىمغا قالدۇرماقچىمەن، — دەپتۇ.

شۇ چاغلاردا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلمىغانىكەن. بۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشى، شۇ زامانغا نىسبەتەن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىكەن. بۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر باينىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولۇشۇپتۇ.

بۇ ئون ئالتە كىشى باينىڭ قورۇقىغا ئورۇنلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا جىددىي كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر يىللىق مۇددەت توشۇپتۇ. ئۇلار مەزمۇن-

غا باي ھەم ئۇزۇن ئالتە ئورام پاراسەتنامىنى پۈتتۈرۈپتۇ.

باي بۇ ئالتە ئورام پاراسەتنامىنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇلارغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. باي:

— بۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. لېكىن بەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەۋلادلىرىمنىڭ ئوقۇپ تۈگىتىشكە تاقىتى يوقلۇقىدىن ئەنسىرەيمەن. مالال كۆرمەي يەنىمۇ قىسقارتىپ بەرگەن بولساڭ-لار، — دەپتۇ. ئۇلار يەنە بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىخچاملاش، چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق ئاخىرى ئالتە ئورام پاراسەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى بىر ئورامغا يىغىنچاقلاپ چىقىپتۇ.

باي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، خېتى بەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قاراپ، ئۇلاردىن يەنىمۇ ئىخچاملاشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇلار يەنە شۇ باينىڭ قورۇقى-دا ھەر كۈنى جەم بولۇپ قايسى سۆز - جۈملىلەرنى چىقىرىۋېتىش توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشىپتۇ. ئۇلار بەزىدە تالاش - تارتىش قىلىشىپ قىزىرىشىپمۇ قېلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئاستا - ئاستا بىر ئورام بىر باب، بىر باب بىر بۆلەككە قىسقىراپ، ئاخىرى بېرىپ بىر جۈملە سۆزگە ئىخچاملىنىپتۇ. باي بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئوقۇپ خۇشاللىقىدا شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ-تۇ. ئۇ ناھايىتى مول كەچلىك زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەربى-رىگە شاراب تۇتۇپتۇ. زىياپەت ئاياغلىشىدىغان چاغدا باي رازىمەنلىك بىلەن:

— سىلەر يۇغۇرۇپ چىققان بۇ بىر جۈملە سۆز ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانغا ماس كېلىدىغان ئەقىل - پاراسەتلەرنىڭ جەۋھىرى! — دەپتۇ.

ئوردىنىڭ ئىككى پايلاقچىسى ئىشنىڭ نەتىجىسى چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇدا نەچچە ئاخشام يوشۇرۇنچە باينىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇلار غۇۋا ئاي يورۇقىدا كارىۋاتنىڭ بېشىدا تۇرغان قىممەتلىك قۇتىنى كۆرۈپتۇ - دە، تەتقى-قات مېۋىسى جەزمەن شۇنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلاپتۇ. مەخپىي پايلاقچىلار قىممەت-لىك قۇتىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئېلىپ يۈگۈرۈك ئاتلارغا مىنىپ كېچىلەپ جىددىي يول يۈرۈپ ئوردىغا كەپتۇ.

ئەتىسى، پادىشاھ قۇتىنى ئېچىپ كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپتۇ.

قىممەتلىك بۇ قۇتىدا باشقا نەرسە يوق ئىكەن، قۇتىدا يىپەك رەختكە ئىنتايىن نەپىس چاپلانغان بىر پارچە ھۆسنخەت بار ئىكەن. ھۆسنخەت: «دۇن-يادا بىكارلىق چۈشلۈك غىزا يوق» دەپ يېزىلغانىكەن.

مەيلى بىز يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق يوقسۇل ياكى بايلىقى ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان دۆلەتمەن بولايلى، بىزدە ئۆزىمىزگە تۇشلۇق غۇرۇر ھەم سەمىمىيەت بولسۇن.

# ئاخىرقى كۈي

جيەن لىن

رېنو ئەپەندى مۇزىكا ئەسۋابلىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى، بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرۇشىغا، دۇكانغا ئوتتۇرا ياشلىق ئەبگار بىر ئەر كىرىپ، قولىدىكى ئىسكىرىپكىنى رېنو ئەپەندىگە بەردى. رىنو ئەپەندى بۇ ئەرنىڭ ئۇستۇېشىغا سەپسالدى، ئۇ ئۇچىسىغا كونا قارا پىلاش كىيگەن، قورۇق باسقان چىرايى ئىپادىسىز ھەم سۇنۇق ئىدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئىسكىرىپكىنى كۆرسىتىپ ئېھتىيات بىلەن:

— سىزنىڭچە بۇ ئىسكىرىپكا قانچە پۇلغا يارار؟ — دېدى رېنو ئەپەندىگە.

رېنو ئەپەندى قولىدىكى ئىسكىرىپكىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارىۋېتىپ، ئاندىن ئىسكىرىپكىنىڭ قېپىنى چېكىپ باقتى - دە، بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بولىدىغان ئىسكىرىپكا ئىكەن، لېكىن قېپىنى قۇرت - قوڭغۇز تېشىپ قويغاندەك قىلىدۇ، يامالغان بولسىمۇ باھاسىنى ئوبدانلا چۈشۈرمەي بولمايدۇ، بەش يۈز يۈەن باھا قويالايمەن، — دېدى.

— نېمە ئاران بەش يۈز يۈەن؟ — دېدى ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئىسكىرىپكىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۇ ئىسكىرىپكىنى يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق تۇتتۇم، داڭلىق ئۇستىنىڭ ئەسىرى دەڭا بۇ...

رېنو ئەپەندى ئىسكىرىپكىنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ:

— مەن بۇنىڭغا كۆپ بولغاندا بەش يۈز ئەللىك يۈەن بېرەلەيمەن، ساتامسىز - ساتمامسىز ئىختىيارىڭىز، — دەپ پوكىينى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ھېلىقى ئەر بىردەم جىمىپ كېتىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاخىر:

— ساتتىم ...— دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى چىقاردى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر پۇلنى ئېلىپ ئىسكىرىپكىسىغا تارتىشىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى، ئۇ ھايال ئۆتمەي يەنە ئىتتىكلا كىرىپ، ئۆتۈنگەن تەلەپپۇزدا:

— خوجايىن، مەن ... سىزگە ئاخىرقى كۈينى چېلىپ بەرسەم بولامدۇ؟ — دېدى.

رېنو ئەپەندىنىڭ ماقۇل بولغۇسى يوق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر تىنىۋەتكەندىن كېيىن، چېلىشقا باشلىدى. بۇ مېلودىيىسى چىرايلىق كۈي ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چېلىشى ئادەتتىكىدەك ئىدى، ھەتتا تولۇق ئالالمىغان يەرلىرى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. رېنو ئەپەندى ئاڭلىغاچ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ چېلىپ بولۇپ بۇ يەردىن بالدۇرراق چىقىپ كېتىشىنى تىلەيتتى. كۈي تۈگىدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەرنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن ياش سىرغىيتتى. ئۇنىڭ كامالچە تۇتقان قولى توقسان گرادۇس ئېگىلىپ، قولىدىكى كامانچە «پاققىدە» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. رېنو ئەپەندى ئالمان - تالمان بېرىپ يەردىن كامانچىنى ئالدى، لېكىن ئۇنىڭ قولىغا چىققىنى كامانچىلا ئەمەس، يەنە ئەرنىڭ ساختا قولى، يالغان ساختا قول ئىدى! رېنو ئەپەندى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندى، قولىڭىز ...— دەپ توۋلىۋەتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. رېنو ئەپەندى ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ يېقىملىق تەلەپپۇزدا:

— ئەپەندى، سىز ياردەمگە موھتاجمۇ؟ — دېدى.

— ياق، رەھمەت، — دېدى ئاستا - يىغىسى پەسلىگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەگەر خالىسىڭىز، سىزگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرسەم.

رېنو ئەپەندى بۇ ئەرگە قىزىقىپ قالدى، ئۇنىڭغا قەھۋە دەملەپ بېرىپ:

— ماقۇل، ئەمىسە قېنى باشلاڭ، — دېدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر قەھۋەدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مۇزىكا مەكتىپىدە ناھايىتى مۇنەۋۋەر بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئۇ ئىسكىرىپكىنى تولىمۇ ئوبدان چالاتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. شۇ مەكتەپتە كومپوزىتورلۇقنى ئۆگىنىۋالغان بىر قىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ شۇنداق چىرايلىق بىر مۇزىكا ئىشلىدى، بايام سىز ئاڭلىغان مۇزىكا شۇ.

ھېكايىنى زوقلىنىپ ئاڭلاۋاتقان رېنو ئەپەندى:

— ھەقىقەتەن بەك رومانتىك ئىكەن، — دېدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئاچچىق كۇلۇپ قويۇپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

بىراق، ھېلىقى ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ نەزىرى ئۇستۇن، ھېچكىمنى كۆز-گە ئىلمايتتى. ھەتتا ھېلىقى قىزنىڭ مۇھەببىتىنى قاپتىلىغىمۇ ئالمىدى. ئۇ ھېلىقى قىزنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرەتتى. ئوقۇش پۇتتۇرۇش ئالدىدا، مەكتەپ كاتتا مۇزىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا، ھېكايىنىڭ قىزىق يېرى ئاندىن باشلاندى:

ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن باشقا ماھىرلارنىڭ پەرقى زور بولغاچ-قا، ئۇنىڭ بىرىنچىلىكنى ئېلىشى شەكسىز ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئوقۇغۇچىلار-نىڭ ئالدىدا لاپ ئۇرۇپ، ناۋادا بىرىنچىلىكنى ئالالمىسا، ئوڭ قولىنى كېسىۋې-تىپ قەتئىي ئىسكىرىپكا چالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم قىلدى. مۇسابىقە باشلانغان كۈنى، ئۇ سەھنىگە چىقتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇ ئورۇنداۋاتقان كۈي ئۇ ئۆزى بۇرۇن ئورۇندىغاندەك سەۋىيىدە چىقمايۋاتاتتى. ئۇ تېنەپ قالدى، تېنىگەنسېرى نوتىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى كەينىدىن سانىغاندا بىرىنچى بولدى. ئۇ پەرىشان ھالدا ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، يولدا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئوڭ قولىدىن ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمدىلا باشلانغان سەنئەت ھاياتى ئاخىرلاشتى.

— ئاخىرىچۇ؟ ھېكايە مۇشۇنداق تۈگەمدۇ؟ — دەپ سورىدى رېنو ئەپەندى تاقەتسىزلىنىپ.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ياق، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش تېخى كەينىدە. سىز بايام ئىسكىرىپكىنىڭ قېپىدا كۆرگەن تۆشۈك يادىڭىزدىمۇ؟ ئۇ قۇرت - قوڭغۇزنىڭ ئىشى ئەمەس، بىرىنىڭ قەستەن قىلغان ئىشى، — دېدى.

رېنو ئەپەندى ئوتتۇرا ياشلىق ئەرگە ھەيران بولۇپ قارىدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ھېكايىسىنى يەنە باشلىدى:

ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى قىز ئۇنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى. ئەسلىدە، ھېلىقى ئوغۇل بالىنى ئەدەپلەپ قويۇش، ھېچ-

كىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسكرىپكىنىڭ قېپىنى شۇ قىز تېشىپ قويغانىكەن. ئەمما ئاقىۋىتىنىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ھېلىقى ئوغۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر ئېغىز گەپ قىلماي قولىدىكى داكىنى يەشتى. ھېلىقى قىز ئوغۇلنىڭ بىلىكىنىڭ مۇرىسىدىن «چورت» ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھۆكىرەپ يىغلاپ بالىنىتسىدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كېتىپ، دوختۇرخانىغا قايتا ئاياغ باسمىدى. ھېلىقى ئوغۇل دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۇ ئەمدى سەھنىلەرگە چىقالمايتتى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەكەببۇرلۇقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ بىردىنلا ھېلىقى قىزنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ قىزغا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتى. ھېلىقى ئوغۇل شۇ قىزنى بىر ئۆمۈر ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، ئىسكرىپكىنى ئېلىپ سۆيگىنىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ھەربىر يەرگە بارغاندا، ئىسكرىپكا بىلەن ھېلىقى كۈينى يالغان قولى بىلەن ھەرقانچە چالسىمۇ بۇرۇنقىدەك پۇراق چىقىرالمىدى. ھېلىقى قىزنىڭمۇ تاكى ھازىرغا قەدەر ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ھېلىقى ئوغۇل نامراتلىق دەستىدە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، نائىلاج بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى.

ھېكايە تۈگىدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر يەڭگىل تىنىپ، قەھۋەنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ ئىسكرىپكىنى رېنو ئەپەندىگە بېرىپ، ئاندىن كۆزلىرىدىكى ياشنى ئېرتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بۇ گەپچە ··· ھېلىقى ئوغۇل سىز ئىكەنسىزدە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن رېنو ئەپەندى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر قەدىمىنى توختىتىپ، بېشىنى لىڭشىتتى. رېنو ئەپەندى:

— توختاپ تۇرۇڭە، — دېدى يەنە ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ ئىسكرىپكىنى ھېلىقى ئەرگە تەڭلەپ، — بەل قويۇۋەتمىسىڭىزلا ھېلىقى قىزنى تېپىۋالارسىز. ئىسكرىپكىنى ئەكېتىڭ. پۇلنى قايتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ھاياجانلىنىپ رېنو ئەپەندىگە قارىدى ـ دە، ئىسكرىپكىنى ئېلىپ يولىغا ماڭدى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى، رېنو ئەپەندى خوتۇنى بىلەن بىر دوستىنىڭكىگە تاماققا باردى، ئۇ دوستىمۇ مۇزىكا ئەسۋابلىرى تىجارىتى قىلاتتى. داستىخان ئۈستىدە ھېلىقى دوستى رېنو ئەپەندىگە قىزىق بىر ئىشنى سۆزلەپ، چولاق

بىر ئەر كىشىنىڭ بىر ئىسكىرىپكىنى ساتقىلى دۇكىنىغا كىرگەنلىكىنى، ئالتە يۈز يۈەنگە پۈتۈشكەنلىكىنى، ھېلىقى ئەرنىڭ ئاخىرقى كۈينى ئورۇنداپ بەرسەم دېگەن تەلەپنى قويغانلىقىنى، ئاخىرقى كۈينى ئورۇنداپ بولۇپ ئېچىنىشلىق بىر ھېكايە ئېيتقانلىقىنى، ھېكايە بەك تەسىرلىك بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىسكىرىپكىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى ھەم ئىسكىرىپكىنىڭ پۇلىنىمۇ قايتۇرۇۋالمىغانلىقىنى دەپ بەردى.

دوستىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ رېنو ئەپەندى «لىككىدە» ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پەرۋەردىگارىم، شۇ، چوقۇم شۇ ...— دەۋەتتى. دوستى ئۇنىڭدىن:

— نېمە بولدى؟ ئۇ ئەرنى سەنمۇ تونۇمسەن؟ ئۇنىڭ ئىسكىرىپكىسى پۇلغا يارىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ياق، — دېدى رېنو ئەپەندى شىرەگە كېلىپ، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئاندىن قولىغا رومكىنى ئېلىپ، — مېنىڭچە، ياخشى ھېكايە، مۇشۇ باھاغا يارايدۇ. بۇ تەسىرلىك ھېكايە ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

رېنو ئەپەندى شۇنداق دەپ رومكىدىكى قىزىل ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.



كاللىسى ئازراق سەگەك ھەرقانداق كىشىگە ئايانكى، تارىخ پەقەت دەرسلىك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس.

## ئوڭ قول بىلەن باھا تالاشقان سول قول

ياڭ خەنگۇاڭ

مەشھۇر كىشىلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىش مەيدانىدا كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن ئىدى. جۇ فوخەينىڭ بىر پارچە خېتى تالاشتا قېلىپ يىگىرمە مىڭ يۈەن يۇقىرى باھادا سېتىلدى.

باھا تالاشتۇرۇشقا قويۇلغان يەنە بىر خەتكە باھا قويۇشقا كۆپ كىشىلەر قىزىقمىدى، پەقەت ساناقلىق بىرنەچچەيلەن بىلەن چەكلەندى. ئىككى - ئۈچ قېتىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئورۇق ھەم ئېگىز بىر بوۋايدىن باشقا باھا قويغۇچىلار جىم ئولتۇرۇۋالدى، قويۇلغان باھا شۇنداق تۆۋەن ئىدىكى، ئاران بىر مىڭ بەش يۈز يۈەن ئىدى.

بوۋاي ئۆزى بىلەن باھا تالىشىدىغان ئادەم چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېنىدىكى بىر ياشنى نوقۇپ:

— يىگىت، ماڭا ياردەم قىل، تاختاينى كۆتۈرۈپ مەن بىلەن باھا تالاشقىن، — دېدى.

ياش يىگىت بۇ بوۋاينى ھاۋالىچى دەپ بىلگەن چېغى «غاچچىدە» تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدى، بوۋايغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى.

بوۋاي ئۆزىگە ياردەمچى تاپالماي جىددىيلەشتى، بىر پەس تېگىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ، ھېچكىم ئويلىمىغان بىر ئىشنى قىلدى: ئۇ سول قولىدا بىر تاختاينى كۆتۈرۈپ، ئىككى مىڭ يۈەن دەپ ۋارقىرىدى. سول قولىدىكى تاختاينى چۈشۈرمەي تۇرۇپلا، ئوڭ قولىدا يەنە بىر تاختاينى كۆتۈرۈپ، ئۈچ مىڭ يۈەن دەپ باھا قويدى ...

بوۋاي بىردەم سول قولىدا، بىردەم ئوڭ قولىدا تاختاي كۆتۈرۈپ باھا قويۇپ يۈرۈپ ھېلىقى خەتنىڭ باھاسىنى ھەش - پەش دېگۈچە ئون سەككىز مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈۋەتتى. مەيداندىكىلەر ئۈنىگدىن، خۇددى تاشقى پلانېتىدىن كەلگەن ئادەمدەك كۆزلىرىنى ئۈزۈۋالالمىدى. باھا تالاشتۇرۇپ سېتىشقا رىيا-

سەتچىلىك قىلىۋاتقان ئادەممۇ توختاپ قالدى. ئوڭ قول بىلەن سول قول باھا تالاشقان مەنزىرىنى ئۇمۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى.

بوۋاينىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە:

— مېنىڭ ئوڭ قولۇم، سول قولۇم بىلەن نېمە كارىڭ؟ پۇلنى مەن بېرىدىغان تۇرسام! باھانى ئېلان قىلىل، بولمىسا نارازىلىق بىلدۈرىمەن، — دېدى.

— ئون توققۇز مىڭ يۈەن! يەنە ئون توققۇز مىڭ يۈەن! — دەپ باھا ئېلان قىلدى رىياسەتچى نائىلاج.

بوۋاي باھا تاختىسىنى يەنە كۆتۈردى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر كىشى بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى تارتقۇچلاپ:

— بوۋا، بولدى كۆتۈرمەڭ، — دېدى.

بوۋاي ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ:

— تاختاينى مەن كۆتۈردۈم، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ — دېدى. ئوتتۇرا ياشلىق ئەر:

— مەن مۇشۇ خەتنىڭ ئىگىسى، — دېدى. بوۋاينىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى ۋە:

— سەن گاۋ قوماندانىنىڭ ئەۋلادىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

ئوتتۇرا ياشلىق ئەر بېشىنى لىڭشىتىپ:

— بوۋا، سىز مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ماڭا ياردەم بەرمەكچىمۇ؟ مەن ھەرقانچە كەمبەغەل بولۇپ كەتسەممۇ، سىزنىڭ ياردىمىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى. بوۋاي بېشىنى چايقاپ:

— ساڭا ياردەم بېرىۋاتقىنىم يوق، مەن گاۋ قوماندانىنىڭ شان ـ شەرىپى ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئۇ ئەينى يىللاردا كۆك ئاسماندا قان تۆكۈپ، بىر قېتىم ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ بەش ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن. مۇشۇنداق بىر قەھرىمانىنىڭ خېتى نېملا قىلغان بىلەن ۋەتەن خائىنىنىڭ خېتىدىن بەكرەك پۇلغا يارايدۇ! — دېدى.

بوۋاي شۇنداق دەپ ئاخىردا باھا تاختىسىنى قوش قوللاپ كۆتۈرۈپ، يىگىرمە بىر مىڭ يۈەن باھا قويۇپ توۋلىدى. پۈتكۈل مەيداننى جىمجىتلىق باستى. رىياسەتچى ھاڭۋاققان ھالەتتە بوۋايغا قاراپ، باھا ئېلان قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

بىردەمدىن كېيىن، چاۋاك ئاۋازلىرى گۈلدۈرمامىدەك ياڭراپ كەتتى.

ھەرقانداق مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىپ، كىشى-لەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارغا ھەم ئۆزىگە كۆيۈنگەنلىكتۇر.

# تاتلىق ئۈزۈم

يى مىڭ

بىر كۈنى، بىرى موناستىرنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىلدىتىپ قاقتى. دەرۋازى-ۋەن پاراگان دەرۋازىنى ئاچتى، موناستىرنىڭ يان تەرىپىدىكى باغنىڭ باغۋىنى مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان بىر ساپاق ئۈزۈمنى تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا تۇراتـتى، ئۇ بۇ ھالنى كۆرۈپ بىر تۇرۇپ ھەيران بولدى، يەنە بىر تۇرۇپ خۇش بولدى. باغۋەن:

— مۇشۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى سىزگە ئەكەلدىم، ھەر قېتىم موناستىرغا كەلسەم سىز ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلىسىز. رەھمىتىمنى مۇشۇ بىر ساپاق ئۈزۈم بىلەن بىلدۈرەي دېدىم، — دېدى.

دەرۋازىۋەن مىننەتدارلىق تۇيغۇسىغا تويۇنغان سوۋغا ئۈچۈن باغۋەنگە رەھـمەت - ھەشقاللا ئېيتتى ۋە:

— موناستىردىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بىر ساپاق ئۈزۈمىڭىزگە خۇشاللىق بىلەن ئېغىز تېگىدۇ، — دېدى باغۋەنگە.

باغۋەن مەمنۇن بولغان پېتى موناستىردىن ئايرىلدى. دەرۋازىۋەن ئۈزۈمنى پاكىز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى ئۈزۈمگە خۇرسەن بولغىنىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بىردىنلا، ئۇ كۆڭلى ھېچنېمىگە تارتماي ياتقان بىر بىمارنى يادىغا ئالدى ھەم ئىشتىھاسى ئېچىلىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلاپ، بۇ بىر ساپاق تاتلىق ئۈزۈمنى شۇنىڭغا بېرىشنى لايىق كۆردى.

شۇنىڭ بىلەن دەرۋازىۋەن ئۈزۈمنى كۆتۈرۈپ نىمجان بىمارنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كەلدى، بىمار ئۈزۈمنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا:

— مادىياس، بۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى ماڭا بىرى ئەۋەتىپتۇ. لېكىن كۆڭلۈڭنىڭ ھېچنېمىگە تارتمايۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. مۇشۇ ئۈزۈمنى يەپ ئىشـتىھايىڭ ئېچىلىپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى.

مادىياس ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار بولدى، ئۆزىنىڭ ئۇنى مەڭگۈ

ئۈنتۈپ قالمايدىغانلىقىنى، قازايىقەدەر يېتىپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا، جەننەتتە تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەرۋازىۋەن پەتنۇستىن بىرنى ئەكېلىپ، بىمارنى ئېغىز تەگسۇن دەپ ئۈزۈمنى پەتنۇسقا قويدى. ئۆزى بولسا ئىشنىڭ چالىسىنى قىلىشقا ماڭدى. بىمار ئۈزۈمنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان، كېچە - كۈندۈز ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان جاپاكەش سېستراغا مۇشۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى بەرسە، كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىدى.

بىمار سېسترانى چاقىردى، سېسترا بىمارغا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، شۇئان ئۇنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا كەلدى. بىمار ئۇنىڭغا:

— ئىستىرۋان، دەرۋازىۋەن كېسىلىمدىن غەم قىلىپ، ئېغىز تەگسۇن دەپ بۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى ماڭا ئەكەپتۇ. مەن ئاغزىمغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىدىم. بۇنى يېسەم ئاشقازىنىمغا زىيان قىلىدۇ. بۇ ئۈزۈمنى سىزگە بېرىشنى لايىق كۆردۈم. چۈنكى سىز ماڭا بەك ياخشى قاراپ كېلىۋاتىسىز، — دېدى.

سېسترا: سىز ئېغىز تېگىڭ دېگەن گەپتە چىڭ تۇردى. لېكىن ئۇ چىڭ تۇرغانسېرى بىمار ئۇنىڭ پىكرىنى قەتئىي رەت قىلدى. سېسترا كۆزىنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان بۇ سوۋغا ئۈچۈن بىمارغا رەھمەت ئېيتتى - دە، بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ بىمارنىڭ يېنىدىن چىقتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، بۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى موناستىردىكىلەر ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئاشپەزگە بېرىش كېرەك دەپ ئويلىدى. سېسترا ئاشپەز ئېيتناۋىنتورانى ئاشخانىدىن تاپتى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ يۈرىكىڭىز مەي باغلاپ پىشقان مۇشۇ بىر ساپاق ئۈزۈمگە ئوخشاش ئېسىل، شۇڭا مۇشۇ بىر ساپاق ئۈزۈمنى سىزگە ئەكەلدىم، — دېدى.

ئاشپەز سېسترانىڭ ھىممىتىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى. بۇ بىر ساپاق ئۈزۈم ئاخىر كۆپچىلىك ئۈچۈن جاپا چېكىپ كېلىۋاتقان موناستىر باشلىقىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر ساپاق ئۈزۈم پۈتكۈل موناستىرنى چۆرگىلەپ چىقىپ، ئەڭ ئاخىرى يەنە دەرۋازىۋەننىڭ قولىغا يېنىپ كەلدى. ئۇ ھەيران بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭغا بۇ بىر ساپاق ئۈزۈم يەنە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلدى - دە، دېلىغۇل بولۇپ تۇرماي ئۈزۈمنى يېيىشكە باشلىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى ئۆمرىدە بۇنداق تاتلىق ئۈزۈمنى يەپ باقمىغاندەك ھېس قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا مۇھەببەت ئەسلا كەم ئەمەس، كەم بولۇۋاتقىنى تەسىرلەندۈرۈش.

# مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى

يەن يۇ

مۇنداق بىر ۋەقە بولغانىكەن.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئادەتتىكى قىياغا يامىشىش مۇسابىقىسى ئامېرىكىدىكى ئادەتتىكى بىر جايدا ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. كالىفورنىيە شتاتى قىياغا يامىشىش كۇلۇبىدىكى روفمان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى مولىياس تەڭلا قىياغا يامىشىپ، بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. روفماننىڭ قىياغا يامىشىش سۈرئىتى خوتۇنىنىڭكى سۈرئىتىدىن تېز ئىكەن. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خوتۇنى ئېرىنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ. شۇ قېتىمقى مۇسابىقە ھېچقانداق مۇھاپىزەت ئەسلىھەلىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئۆتكۈزۈلگەنىكەن. روفمان قىيانىڭ چوققىسىغا ئاز قالغان چاغدا تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا، روفمان ئايانچلىق ۋارقىراپ ساپتۇ. ئەسلىدە، ئۇ تېيىلىپ كەتكەنىكەن، روفمان ھاۋادا پۇلاڭلاپ قاپتۇ. ئېرىنىڭ ئايانچلىق ۋارقىرىغان ئاۋازىنى خوتۇنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئېرىنىڭ پەسكە قاراپ ئوقتەك چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مولىياس، قىيادىن قولىنى قويۇۋېتىپ غولىچىنى كېرىپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئېرىنى چەبدەسلىك بىلەن «شاپپىدە» تۇتۇۋاپتۇ.

مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى روفمان بىلەن مولىياسنىڭ بىر - بىرىگە چىڭ يېپىشىپ كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭغا ئاققان يۇلتۇزدەك چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

مۇشۇ دەقىقە، مۇشۇنداق بىر ئېچىنىشلىق مەنزىرە نەق مەيداندىكى بىر فوتوگرافنىڭ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. مولىياسنىڭ ھاۋادا ئېرىنى تۇتۇۋالغان چاغدىكى ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئارىدا پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر كلاسسىك كارتىنا قىلىپ بېكىتىلىپتۇ.


نەق مەيداندىكى بىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاۋادىن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا پەقەت ئوتتۇز سېكۇنت ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئوتتۇز سېكۇنت

ۋاقىت ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كىشلىك ھاياتتا بىر - بىرىگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھەمراھ بولغان ۋاقتى ئىكەن.

بەلكىم، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ تۇرلۇك كۆڭۈلسىز چاغلىرى بولغاندۇر، بەلكىم، ئۇلار توي قىلغان كۈندىن تارتىپ تاكى قىياغا ياماشقۇچە بىر - بىرى بىلەن ئېجىل، ئىناق ئۆتكەندۇر. مەيلى نېمە بولسۇن، كىشلىك دۇنيادىكى ئاددىي مۇھەببەت شۇ تاپتا يۇكسەكلىككە كۆتۇرۇلگەندى.

بۇگۈنكى كۈندە، ئايدىڭ كېچىلەرگە باغلىق بولغان ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلاپ كەتتۇق. «سېنى مەڭگۇ ياخشى كۆرىمەن» دەپ ئېيتىلغان گەپلەرنى دېمەيلى قويايلى، ئازابلىق جۇدالىقتىن تامامەن ئادەم بىزار، «ئەر - خوتۇنلار ئەسلىدە بىر ئورماننىڭ قۇشلىرى، باشقا ئاپەت كەلگەندە ئايرىم ئىكەن يوللىرى. » بۇ گەپكىمۇ بولدى بەس. ئەمدى جىمىمدە ئولتۇرۇپ كارتېنا توغرۇلۇق ئويلىنايلى!

ھايات قۇشى تەن قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغان ئاخىرقى مىنۇتلار يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ رىشتى چىڭ ھەم ئۇزۇلمەس بولىدىكەن.



# گۈلزارلىقتىن تارقالغان ھىدلار

كەترەنگۈل ئانا مۇھەببىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ مېھرىبانلىق-
نىڭ ۋە سەمىمىيلىكنىڭ سىمۋولى؛ كۆركۆمگۈل چەكسىز مۇھەببەت-
كە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ پاكلىقنىڭ ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سىمۋو-
لى؛ ئەتىرگۈل مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ جۇش-
قۇنلۇقنىڭ ۋە قىزغىنلىقنىڭ سىمۋولى.

تۇرمۇشتا بەزى نەرسىلەر بىزنى ھامان ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ.
قېرىنداشلىق مېھرى؛ مەڭگۈلۈك دوستلۇق؛ رومانتىك ھەم ھاياجانلىق
مۇھەببەت. ئېچىلغان ھەم توزۇغان چاغدا گۈللەردىن تارقالغان خۇش-
بۇي پۇراقلاردىن، گۈللۈكلەردە ئاڭلانغان مۇھەببەتلىك شېرىن سۆ-
خەنلەردىن بىللە بەھرىلىنەيلى.



ئانىمۇ ئوخشاشلا چۈشىنىشكە ھەم كۆيۈنۈشكە موھ-
تاج. ئانا بەدەل تۆلەشكە ھەم قۇربان بېرىشكە ھەقلىق دەپ
قاراش يولسىزلىقتۇر.

# ئانام

چېن جياپىڭ

مېنىڭ ئانام دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ شۇنداق ئاددىي ـ ساددا. ئۇ گويا نەم يەرگە سىڭىپ كېتىدىغان يامغۇر تامچىسىدەك، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرىدىغان قار ئۇچقۇنلىرىدەك، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ھەم كىشىنىڭ دىققىتى-نى تارتمايدىغان چاڭ ـ توزانلىرىدەك ئاددىي ھەم تۈز ئايال. كىشىلەر ھەمىشە باشقا يەرگە قاراپ، كۆز ئالدىدىكى ۋە يېنىدىكى شەيئىلەرگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئاسانلا ئايرىلىپ قالىدۇ. مەن بۇ نۇقتىنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلمىغاندىمەن دېگەن ئۈمىدتە.

ئانامنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئوقۇش پۇرسى-تى نېسىپ بولمىغان، شۇڭا ئۇ ساۋاتسىز بولۇپ قالغانىدى. نۇرغۇن قۇربان بېرىشلارنى «تېگىشلىك» دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى. ھەتتا ئانام بۇنىڭ «قۇربان بېرىش» ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

بىزنىڭ ئۆيدە ئانامدىن باشقا ھەممىمىز سەيلە ـ ساياھەتكە چىقىپ باققان. ھەر قېتىم سەيلە ـ ساياھەتكە چىققاندا، ئانام ئۆيدە يالغۇز قالاتتى. مەن ئانامغا:

— ئانا، بىللە بارايلى! — دەيتتىم. ئانام:

— مەن بارمايمەن، مەنمۇ كەتسەم قويلارغا كىم قارايدۇ؟ — دەيتتى.

ئانام شۇنداق دېگەچكە، بىز خاتىرجەم ھالدا ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، سەيلە ـ ساياھەتكە يۈرۈپ كېتەتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز بۇ ئىشقا كۆنۈپ قالدۇق.

1998 ـ يىلى چاڭجياڭ دەرياسىغا كەلكۈن كەلدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تارمىقى بولغان مىڭجياڭ دەرياسى ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريا ئەتراپى لاتقىلاردىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك ئىدى، تۆت ئەتراپى ساپلا سۇ بولغاچقا، سۇ ئاپېتى ناھايىتى ئاسان يۈز بېرەتتى. شۇ كۈنلەردە ھاۋا تۇتۇق

ئىدى. ھاۋادىن «راۋاقنى قاپلاپ بوران، كەلدى يامغۇر شەپىسى» دېگەندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ھەر كۈنى يېڭى سۇ بېسىپ كەتكەن شەھەرلەر توغرۇلۇق خەۋەرلەر بېرىلەتتى. تۇزلەڭلىكتىكى كىشىلەر دەككە ـ دۈككىدە قالدى. نۇرغۇن كىشىلەر قىممەتلىك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى باشقا جايغا يۆتكەشكە باشلىدى. بىزمۇ شۇنداق قىلدۇق. ئاتام ئۆيىمىزدىكى پۇلغا يارىغۇدەك بىساتلارنى قارشى قىرغاقتىكى ياۋ تاغامنىڭكىگە يۆتكىدى. ھەممىمىز ھەر كۈنى كەچتە شۇ يەردە قونۇپ قالاتتۇق. ئارىمىزدا پەقەت ئانىملا يوق ئىدى.

بىر كۈنى، ھەممىمىز يەنە ياۋ تاغامنىڭكىگە كەتتۇق. ياۋ تاغامنىڭ ئۆيى ئالتىنچى قەۋەتتە ئىدى. مەن بالكوندا تۇرۇپ پۈتكۈل تۈزلەڭلىككە قارىدىم. تېپتىنچ ئېقىۋاتقان رايىش مىڭجياڭ دەرياسى مېھرىبان ئانىغا ئوخشايتتى. بىردىنلا ئاسماندا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ، كۆك ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن شامال چىقىپ، لاپاسنى تاراقشىتىۋەتتى. ئاتام كەچقۇرۇن قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆيىمىز يىراقتا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريا بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقى نەچچە يۈز مېتىرلا چىقاتتى! ئانام شۇ تاپتا شۇ يەردە ئىدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنى قورقۇنچ باستى. مىڭجياڭ دەرياسى ئۆزىنىڭ رايىشلىقىنى يوقىتىپ قۇتراپ كەتسە، ئەتە ئۆيىمىز سۇ ئاستىدا قېلىپ، ئانامنى كۆرەلمەي قالارمەنمۇ دەپ بەك قورقتۇم. بىز نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقىمىز، ئانام نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. بىزنىڭ جېنىمىز ئانامنىڭ جېنىدىنمۇ ئەتىۋارمىدۇ؟

كۆڭلۈم شامال سوققانسېرى تېز ئايلىنىشقا باشلىغان چاقپەلەكتەك ھەرقانچە قىلساممۇ تىنچلىنالمىدى. شامال كۈچەيگەنسېرى ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتىم.

مەن كېتىدىغانلىقىمنى دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدىم. ئاتام ھېچنېمىنى چۈشەنمەي ماڭا:

— كەچ كىرىپ قالاي دېدى، ھېلىلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ، ئەتە بىللە كېتەيلى، — دېدى.

مەن ئاتامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئاستىنقى قەۋەتكە بوراندەك ئېتىلىپ چۈشۈپ كەتتىم، بىر ئۆي ئادەم نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قېلىشتى.

دەريا بويىدىكى كېمىچى ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى، ھاۋا تەكشى تۇتۇلغانىدى. شامال ئارىلاش ياغقان بىرنەچچە تامچە يامغۇر يۈزۈمگە ئەمەس، بەلكى

يۈرىكىمگە تەگكەندەك بولدى. مەن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇزلاپ باققان ئەمەس، ھەربىر ھۈجەيرەمگە ئېقىپ كىرگەن سوغۇق دەستىدىن ۋۇجۇدۇم تاسقىلىۋاتقاندەك تىترىمەكتە ئىدى.

جېنىم تاقىلداپ كېتىۋاتاتتى. تاقەت قىلالماي يۇقىرى ھەق بېرىپ بىرلا سەكرەپ بىر بېلىقچىنىڭ كېمىسىگە چىقتىم.

دەريادىن ئۆتتۇم، يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. مەن بېشىمنى چاڭگاللىغان پېتى ئۆيگە قاراپ چاپتىم. ئىشىكنى قاقتىم، ئانامنىڭ:

— كىم؟ — دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. مەن:

— مەن، — دېدىم.

ئۆيدە چىراغ ئۆچۈك ئىدى، كەشنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى كەلدى. ئانامنىڭ دېرىزە پەردىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قايرىغان چاغدىكى گۇمان ئارىلاش قورقۇش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن چىرايىنى كۆردۈم. ئۇ ماڭا سەپسېلىپ قاراپ مەن ئىكەنلىكىمنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئالدىراش ئىشىكنى ئاچتى. شۇ چاغدا ئىشىككە يوغان بىر ياغاچ تىرەپ قويۇلغانلىقىنى بايقىدىم ـ دە، ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. كۆز ياشلىرىم بېشىمدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ يوغان ياغاچ ئىشىككە تىرەلگەن دېگەندىن كۆرە، يۈرىكىمگە تىرەلگەن دېگەن تۈزۈك ئىدى. مەن بىلدىم، ئانام قورققاندى. كىشى ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىدۇ؟ كىشى ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشتىن، ئىسسىق جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايدۇ ··· يالغۇزلۇقتىن، ۋەھىمىدىن قورقىدۇ. ئانام ئۆزىنىڭ بۇنداق يالغۇزلۇقتا ۋە ۋەھىمىدە نەچچە قېتىم قالغانلىقىنى ئۇقمايدۇ. ئانامغا قاراپ ئۆكۈنۈش ھەم خىجىللىق ھېس قىلدىم.

ئاتام ماڭا ياۋ تاغامنىڭكىگە بېرىپ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز دېسە، مەن ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىمايدىغان بولدۇم. پەقەت ئامال بولمىغاندا:

— ئانامچۇ؟ — دەيتتىم.

ئانام بولسا ئۆي ئىللىقلىققا ھەم ئاسايىشلىققا تولاتتى، ھەرقانچە بوران ـ چاپقۇندىنمۇ قورقمايتتىم. بىرنەچچە قېتىم ئانامنىڭ قوشنىلىرىمىزغا ماختىنىپ تۇرۇپ:

— جياڭپىڭ بالام ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ، بەك كۆيۈمى بار بۇ بالىنىڭ! — دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئانىلار مانا مۇشۇنداق ناھايىتى ئاسان قانائەتلىنىدۇ.

ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئۆيدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى، ئانامدىن ئايرىلىشنى كۆز ئالدىمغا ئەكېلىشكە پېتىنالمىدىم. ئانام ھەر قېتىم تېلېفون بېرىپ ماڭا ئۆزىنىڭ مېنى سېغىنغانلىقىنى، ئۇنۇمنى ئاڭلىغۇسى كەلگەنلىكىنى ئېيتاتتى. مەن ئانامدىن:

— ئاتام قېنى؟ — دەپ سورىسام، ئانام:

— ياۋ تاغاڭنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا كەتتى، ھەممىسى شۇ يەردە، — دەيتتى. بۇرنۇم سەل ئېچىشقاندەك بولۇپ يەنە:

— سەن نېمىشقا بارمىدىڭ؟ — دېسەم، ئانام شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىكتەك:

— مەن بارسام ئۆيگە كىم قارايدۇ ...— دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئانام مېنىڭ بىر قىسىم بولۇپ قالغانلىقىمنى سېزىپ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەلەپپۇزدا:

— بارغان بىلەن يېگۈدەك تۈزۈك نەرسە يوق. يەنە يېسە يەنە شۇ تاماق ...— دەيتتى. مەن ھاجەتخانىغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئەينەكتىن مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى كۆرەتتىم. پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى تىرەپ بوش ئاۋازدا يىغلايتتىم. ساۋاقداشلىرىمنى چۆچۈتۈۋەتكۈم يوق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ دەرد - ئەلىمىنى، ئازابىنى ھەم بالىلارغا خاس ئاجىزلىقىمنى يالغۇز ئىپادىلەيتتىم.

توختىماي ئۆز - ئۆزۈمگە قەسەم قىلاتتىم: ئانامنى چوقۇم سەيلە - ساياھەتكە ئاپىرىمەن، قانغۇچە سەيلە - ساياھەت قىلدۇرىمەن. ئانامنى ئاخىرقى ئۆمرىدە جەزمەن بەختلىك قىلىمەن.



ئاتا مېھرى چوڭقۇر ھەم ئەبەدىي، ئۇ چاڭقىغان زېمىننىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى ئۈن - تىنسىز قاندۇرغان باھار يامغۇرىغا، قەدىمىي قۇدۇقتىكى قۇرىماس بۇلاققا ئوخشاش بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ھامان تاتلىق سۈيى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ دىلىنى ياشارتىدۇ.

# قۇدۇقتا ساقلانغان ئالما

دىڭ لىمېي

قىز بالا ئاتىنىڭ ئالدىنقى ھاياتىدىكى يۈرگەن قىزىغا ئوخشايدۇ دېگەن گەپ بار. بۇ دېگەنلىك، قىز بالا ئاتىسىغا بەك ئامراق بولىدۇ، ئاتىمۇ قىز بالىغا قەۋەت كۆيۈنىدۇ دېگەنلىك. بۇ يەردە گەپ بىر قىزبالىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىشلىرى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاتامغا تولىمۇ ئامراق ئىدىم. ئامراق بولۇپلا قالماي، چوقۇناتتىم. چوقۇنغاندىمۇ تەڭدىشى يوق باتۇرلارغا چوقۇنغاندەك چوقۇناتتىم. ئۇ چاغلاردا مۇشۇنداق بىر ئاتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قالتىس چاغلاپ، مېنىڭ ئاتام ئۇنداق، مېنىڭ ئاتام بۇنداق دېگەن گەپلەر ئاغزىمىزغا رام بولۇپ كەتكەنىدى.

ئاتامغا ئامراقلىق قىلسام ئانام «قىزغىنىپ» قوياتتى. بىر كۈنى يامغۇر ياغدى. ھەممىمىز ئۆيدە ئىدۇق. ئاتام غېجىكىنى ئوڭشىغاچ، ئانام خەينىڭ چەمىنى تىككەچ، مەن چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئانام توساتتىن چوڭ بولۇپ قولۇمغا پۇل كىرگەندە كىمگە تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ بېرىدىغانلىقىم توغرۇلۇق مەندىن سوراپ قالدى. مەن ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئاتامغا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئانام مەندىن يەنە ئۆزىگە نېمە ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بىر چەتتە ئويناپ ئولتۇرغان ئۇكامنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا ئۇكامنىڭ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدىم. ئۇكامنىڭ ماڭا ئوخشاش جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، ئۇمۇ ئاتامغا تاتلىق - تۈرۈم ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېۋىدى، ئانامنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، مېنى بىكارغا باققانلىقىنى ئېيتىپ، مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.
ئاتا — كىچىك بالا دېگەن نېمە بىلىدۇ، دەپ ئانامنى مازاق قىلدى. ئۇنىڭ

تەلەپپۇزىدىن ئېيتقۇسىز مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى.

چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاتام بىلەن ئانچە كارىم بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھەر قېتىم ئۆيگە قايتقاندا، ئانام بىلەن پاراڭىمىز تۈگىمەيتتى، سىرلىرىمنىمۇ ئانامغا دېگۈم كېلەتتى. ئاتام بىلەن ئاندا ـ ساندا پاراڭلىشىپ قوياتتىم. ئۇ ھازىر جاۋاب ئەمەس ئىدى، ئۇنى ـ بۇنى سوراشتىن ئېرىنەتتىم. قانداقلا ئىش بولسا ئانامدىن سورايتتىم.

ئۆيگە سوۋغا ـ سالام ئالغاچ باراتتىم، ئاتامغا ئاتىغانلىرىم تولىمۇ ئاز بولاتتى. كىيىم ـ كېچەك ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ساپلا ئانامغا ئاپىرىپ بېرەتتىم. ئاتام ياسانمايدۇ، كۆل رەڭ ياكى ئاق كۆڭلەك بىلەن كۆك ئىشتان بولسا، ئۇ شۇنى كىيىپ يۈرۈۋېرىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىر قېتىم مەكتەپتە تەنتەربىيە يىغىنى بولدى، مەكتەپ ھەربىر ئوقۇغۇچىغا بىردىن ئاق مايكا تارقىتىپ بەردى. مەن ئېرىمگە دەپ ئەرەنچە مايكىدىن بىرنى تاللىدىم. لېكىن ئېرىمغا چوڭ كېلىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىم ياراتماي قويدى. ئۆيگە قايتقان چاغدا، مايكىنى سومكامغا سېلىپ ئاپىرىپ ئاتامغا بەردىم.

ئاتامنىڭ مايكىنى قولىغا ئالغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇنىڭ بۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇ باشتا تەئەججۇپلەنگەندەك بولدى، ئاندىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، مايكىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترەشكە باشلىدى. ئاتام خېلى بىر ھازاغىچە كۆلۈپ ئاندىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مەندىن:

— ماڭا كىيىم ئېلىش قانداقلارچە خىيالىڭغا كېلىپ قالدى؟ — دەپ سورىدى.

ئەسلىدە بۇ ئىشقا ئاتامنىڭ خېلىدىن بېرى ئىچى پۇشۇپ تۇرغانىكەن. بۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن سەل قاراپ كەلگەنىكەنمەن.

شۇ كۈنى ئاتام مەن ئەكەلگەن مايكىنى كىيىپ، توختىماي گەپ قىلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. ماڭا ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر تېلېفون قىلىدىغان، مەن بىلەن مۇڭدىشىدىغان ھەم پات ـ پات ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشۇمنى دەيدىغان بولدى.

يازلىق تەتىل مەزگىلىدە، ئاتامدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوندا ناھايىتى خۇشال تەلەپپۇزدا بۇ يىل ئالىملارنىڭ بەك ئوخشاپ كەتكەنلىكىنى، مېنىڭ ئالمىغا ئامراقلىقىمنى، ئۆيگە بارغان چېغىمدا تويغۇچە ئالما يەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن شۇ چاغدا ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن زاكاز ماقالىلەرنى قولۇمغا يېزىۋا-

تاتتىم. ئېرەنشىمىگەن هالدا ئاتامغا، ۋاقتىم چىقسا بارىدىغانلىقىمنى دېدىم. ئاتام «ھىم» دېدى ـ دە، تەلەپپۇزىدىكى بايامقى خۇشاللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى، ماڭا ئۇ «لاسسىدە» بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئاتام يەنە ئۇنتۇپ قالماي ئۆيگە بالدۇرراق بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن «ماقۇل» دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىلىقتا يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيگە بېرىش توغرۇلۇق ئاتامغا ماقۇل بولغانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، تۇيۇقسىز ئاچامدىن تېلېفون كەلدى. ئاچام مەندىن:

— ئاتام سېنى كېلىدۇ دەۋاتاتتى، نېمىشقا تېخىچە كەلمەيسەن، — دەپ سورىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم ئۇنىڭدىن، ئاچام ماڭا:

— ھېچقانداق ئىش بولمىدى، ئاتام قايتىپ كېلىپ ئالمىلارغا ئېغىز تېگىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى.

مەن تېلېفوندا كۈلۈۋەتتىم ۋە:

— ئاتامۇ قىزىقكەن. ئالما دېگەن بازاردا تولا ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

ئاچام:

— بۇ ئالمىلار بازاردىكى ئالمىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاتام ساڭا ئالايىتەن ئاتاپ گەردىن چىنىدەك ئون نەچچە تال ئالمىنى تاللاپ ساقلاپ قويدى، زېدە بولۇپ قالمىسۇن دەپ چېلەككە سېلىپ مۇزدەك پېتى قۇدۇقتا ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى.

يۈرىكىمگە قانداقتۇر بىر نەرسە شىددەت بىلەن تەگكەندەك بولدى. ئاتامۇ قىزىق ئىكەن، دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايمەن، ئاغزىمغا بۇنىڭدىن بۆلەك گەپ كەلمەيدۇ. قۇدۇقتا ساقلاۋاتقان ئۇ ئالمىلار ئالما ئەمەس، بەلكى ئاتىسىنىڭ قىزىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى ئىدى.



ئانام ئۆزىنىڭ مەزمۇت قەددى بىلەن مەن ئۈچۈن تىنىق ئاسماننى تىرەپ تۇردى. قەيسەر ھەم كۆڭلى - كۆكسى كەڭ خاراكتېرى بىلەن روھىمنى ئۇرغۇتتى ھەم مېنى لەرزىگە سالدى.

# ئانامنىڭ كۆز يېشى

شې چىنچىن

مەن كېتىۋاتىمەن، مەن مېڭىپ كېتىۋاتقان ئېتىز قىرى ئانامنىڭ يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىغا؛ ياكى كۆز ئالدىمدا ئېقىۋاتقان سۇزۇك ئېقىن ئانامنىڭ مېھرىبان كۆزلىرىگە؛ ياكى بۇ ئەگمە كۆۋرۈك ئانامنىڭ پۈكۈلگەن قەددىگە ئوخشايتتى.

مەن قەدىمىمنى توختاتتىم. مەن نېمىشقا يەنە ئانامنى تەڭلىككە قويىمەن؟ دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم. كۆك ئاسمان شۇ قەدەر ئېگىز ھەم شۇ قەدەر سىرلىق ئىدى. كەچكى شەپەقنى كۆردۈم. قىزغۇچ شەپەق يېنىۋاتقان يالقۇنغا ئوخشايتتى. ئىختىيارسىز شەپەق كەبى گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم يادىمغا كەلدى.

مەن ئادەتتىمۇ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەرگە ئىنتىلەتتىم. چەت - ياقىغا جايلاشقان نامرات تاغلىق كەنتكە تۇتاشقان مۇشۇ ئېگىز - پەس چېغىر يولدا يىرقىراپ يۈرۈۋاتقىنىمغا ئۈچ چۈشتىن كېيىن بولغانىدى. مەن ئاخىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ دېگۈدەك ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم ...

ئۆيگە بارسام ئىشىك ئادەتتىكىدەك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تاغ ئۈستىدىكى نەچچە كۋادرات مېتىر چىقىدىغان، ئۇمىدكە تولغان ئېتىزلىققا قاراپ يول ئالدىم. چۈنكى شۇ يەردە ھەمىشە ئانامنىڭ سىيماسىنى كۆرەتتىم. ئېتىزلىققا بارسام، ئانام پۇرچاق تېرىۋاتقانىكەن.

— ئانا.

— چىنئېر، قايتىپ كەلدىڭمۇ! يەنە شۇ ئىمتىھان ھەققىنى ئالغىلى كەلگەنسەن! — شۇنداق دەپ ئانامنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئانامنىڭ چارىسىزلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن چىرايىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بېشىمنى كۆتۈرگۈم كەلمىدى. قىسقا پاراڭدىن كېيىن ھەر ئىككىمىزلا جىمىپ كەتكەنىدۇق. ئېتىزلىقتا ئوتىغۇچ-

نىڭ قاتتىق يەرگە تەگكەن چاغدىكى ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئانامنىڭ ماڭلىيىدىن چىپىلداپ ئاققان تەر قاغجىراپ ياتقان يەرگە تۆكۈلەتتى.

جىمجىتلىقنى ئانام بۇزدى.

— چىنىئېر، بۇ ئىشنى ساڭا دېمىسەم ئوبدان بولاتتى. ئۆگىنىشىڭگە تەسىر يېتىپ قالامدىكىن دەيمەن. نەچچە كۈن ئىلگىرى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ چوڭ ئاپاڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى. چوڭ ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، تۈنۈگۈن ئاتاڭ ئانامدىن بىر تالاي قەرز ئالدى. تاغىلىرىڭنىڭ هال - كۈنى ياخشى ئەمەس ··· ئاچا - سىڭىل ئۈچىڭلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن بىز قەرز ئالمىغان يېقىن - يورۇقلار قالمىدى. بۇ پۇلنى باشقا ساۋاقداشلار تاپشۇردىمۇ؟ بىرنەچچە كۈن كېيىنگە سۈرسەك بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئانامنىڭ غېمىنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىش ئۈچۈن قانداق جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي ئېتىز بېشىدا گەپ قىلماي تۇرىمەن. بۈتتەك تۇرغانلىقىمنى كۆرگەن ئانام قانداقتۇر بىر خىل شەكىلسىز كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قولىدىكى ئوتىغۇچنى تاشلىۋېتىپ، ئېتىزلىقنىڭ ئۇ بېشىدا ئىشلەۋاتقان بىر كەنتتىكىلەرنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. يىراقتىن كۆرۈپ تۇرىمەن. ئانام ئۇلاردىن قەرز سورىدى، ئۇلار بېشىنى چايقاشتى. ئانام يېنىپ كەلدى. پېشانىسىدىكى رەھىمسىز يىللار قالدۇرغان قورۇقلار كۆزۈمگە گويا چەكسىز ئازاب ۋە چارىسىزلىق دەستىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئانام قاتمۇقات تاغلار قوينىدا ياتقان كەنتكە قاراپ ئۆز - ئۆزىگە: «قايسىبىر ئائىلە قىزىنىڭ ياراملىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق - دە!» دېدى.

ئانام قولىغا ئوتىغۇچنى ئېلىپ يەرنى يۇمشىتىشقا تۇتۇندى. ئۇ بىردىنلا كېيىنگە ئۆرۈلۈپ قولۇمنى تۇتتى. پۇرچاقتەك بىر تامچە ياش ئالىقىنىمغا چۈشتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كەلگەن قايغۇ - ھەسرەت ۋە جەبىر - جاپانىڭ ئىزناسىنى ئۇنىڭ چىرايىدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم، يىللارنىڭ تالاي ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا قارايغان ھەم سولغان چىرايىنى بويلاپ ئاققان كۆز يېشىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم، ئانامنىڭ مۇزغا ئوخشاش مۇزدەك كۆز يېشىنىڭ قەلب ئېتىزىمغا ئېقىپ كىرگەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم، يۈرەك - باغرىم ئېزىلىپ كەتتى، كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىمدىن بىراقلا ۋاز كېچىپ، ئانامنى بۇنچىلىك قىينىماسلىق خىيالىغا كەلدىم.

مەن كەسكىن ھالدا ئانامغا:

— ئانا، مېنىڭ ئوقۇغۇم يوق، سىرتقا چىقىپ مەدىكارچىلىق قىلالايمىكىن، يۈكۈڭنى يەنىمۇ ئېغىرلىتىشنى خالىمايمەن، — دېدىم.

ئانام گېپىمنى ئاڭلاپ، شۇ زامات تېڭىرقاپ قالدى-دە، مەڭزىدە توختاپ قالغان ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ بېشىمنى سىلىدى ۋە:

— بالام، ئەخمەق بولما، قارا سېنىڭ تېتىقسىزلىقىڭنى، ئاناڭ قاچان بەل قويۇۋەتكەن؟ مەن ساۋاتسىز بولساممۇ، لېكىن «تاغ ئايلانمىسا دەريا ئايلىنار، دەريا ئايلانمىسا ئادەم ئايلىنار» دېگەن ھەقىقەتنى بىلىمەن. دۇنيادا ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا، ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان يوق. مەن ئامالىنى قىلىمەن. ھەرگىز بەل قويۇۋەتمە، ئوقۇشىڭنى ئوبدان ئوقۇ ...— دېدى.

ئانام نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئانىسىنى يوقلاپ كەلگەن بىرىدىن قەرز ئالدى. ئۇ مېنى مەكتەپكە بارىدىغان چىغىر يولغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئانامنىڭ سەمىمىي سۆزلىرى يول بويى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ قەتئىي ھەم كەڭ قورساق خاراكتېرى ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئاجىز ھەم ئىرادىسىز ئىكەنلىكىمنى بىلىپ چەكسىز خىجىل بولدۇم. ئانامنىڭ جاسارەت ھەم ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزلىرى ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق لەرزىگە سېلىۋەتتى. راست! قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ كەينىگە داجىشقا نېمە ئاساسىم بار؟

يول بويىدىكى ئېقىننى كۆرۈپ ئانامنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئانام قانچىلىغان قاتمۇقات تاغلار، قانچىلىغان ئېگىز چوققىلار ھەم قانچىلىغان چوڭقۇر جىرالار ئارىسىدىن شىرىلداپ ئېقىپ تۈزلەڭلىككە چىققان مۇشۇ ئېقىنغا ئوخشايتتى. كۆز ئالدىمدا ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تاش، ئېقىن شۇ تاشقا ئۆرۈلۈپ بۇژغۇن چاچرىتىۋاتقان، مەرۋايىتتەك تامچىلار يەنە سۇ يۈزىگە چۈشۈۋاتقان خىيالىي كۆرۈنۈش پەيدا بولدى. شۇ تامچىلار ئانامنىڭ كۆز يېشى، ئانامنى يىغلاتقان جاھىل تاش مەن ئىدىم. ئانام ماڭا ھامىي بولۇپلا قالماي ھەم مېنى تاۋلاپ چىقىدۇ، ئۆزۈمنىڭ قورقماس ھەم ئىرادىلىك، تىرىشچان ھەم قەيسەر بولۇپ، يامغۇردىن كېيىنكى رەڭدار ھەسەن-ھۈسەندەك گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىمغا يېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئانام كۆزلىرىگە ئۆرتىنىپ ئەمەس، بەلكى شادلىنىپ ياش ئالىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

دۇنيا تولىمۇ چوڭ. دۇنيادا ھەقىقىي مۇھەببەتتىن باشـ-
قا، كىشىگە تەسىرلەندۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان ھېچ نەرسە
يوق.

# ساختا بۇيۇم

ۋېن دۇڭ

ئۇ فوتوگراف ئىدى. لېكىن خەلق ئارىسىدىكى ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىشقا خۇشتار ئىدى. ئۇ نۇرغۇن جايلارغا بارغان، ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان، مۇشۇ ساھەنىڭ ئېنىنى يەۋاتقان بىر تالاي زاتلارنى دوست تۇتقان، ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىشتا ئۆزىنىڭمۇ ئاز ـ تولا دىتى بار ئىدى.

بىر كۈنى، ئۇ تاغدا سەيلە ـ ساياھەت قىلىۋېتىپ بەك ئۇسساپ كەتتى. ئۇ بىر بوستانلىققا جايلاشقان كەنتنىڭ بېشىدىكى بىر كىچىك چايخانىنى كۆردى. يولۇچىلار ۋە ساياھەتچىلەر شۇ چايخانىدا ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ئالدىراش بېرىپ بىر پىيالە چاي ئالدى. چاي ئىچىۋېتىپ توساتتىن چايچى يەڭگىنىڭ ماغزاپقا تولغان پىيالىگە تاغاقنى چىلاپ چېچىنى تاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. تۇيغۇسى ئۇنىڭغا ھېلىقى پىيالىنىڭ ئادەتتىكى پىيالە ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئۇ يېقىن بېرىپ كۆرۈپ ئۇ پىيالىنىڭ دەرۋەقە قەدىمىي بۇيۇم، ناھايىتى قىممەتلىك فارفور بۇيۇم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

چايچى يەڭگە:

— ئايال كىشى چاچ تاراۋاتسا، بۇنىڭ نېمە كۆرگۈچىلىكى بار؟ — دەپ ئۇنىڭ قىلىقىدىن سەل ئەجەبلەندى. ئۇ ئالمان ـ تالمان:

— سىز نېمىشقا ماغزاپ بىلەن چاچ تارايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

چايچى يەڭگە كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ماغزاپ بىلەن چاچ تاراشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى توختىماي سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا رايى يوق ئىدى، چايچى يەڭگىنى گەپكە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ماغزاپنى كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. چايچى يەڭگە قولىدىكى پىيالىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تازا بىر قۇر سىنچىلاپ كۆرۈپ، پىيالىنىڭ قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ چايچى يەڭگىدىن پىيالىنىڭ تارىخىنى سورىدى.

چايچى يەڭگە دەر گۇمان بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— سىز ماغزاپىنى كۆرەمسىز ياكى پىيالىنىڭ ئۆزىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ چايچى يەڭگىگە ئۆزىنىڭ ئۆيدە مۇشۇنداق بىر پىيالىنىڭ بارلىقىنى، ئەسلىدە بىر جۈپ ئىكەنلىكىنى، قولدىن چۈشۈپ كېتىپ بىر پېيىنىڭ چېقىلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ پىيالىنى كۆرۈپلا تونۇغانلىقىنى دېدى.

— مۇنداق دەڭ، بۇ پىيالىنى ئېرىم بىر يەردىن تېپىۋاپتىكەن. تاماق ئۇسساق بەك چوڭ، شورپا ئۇسساق بەك كىچىك، ماغزاپ قويۇپ چاچ تارايدىغان پىيالە قىلىۋالدىم، — دېدى چايچى يەڭگە.

ئۇ بۇ پىيالىنى سېتىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. فوتوگراف ئۆز ئۆيىدىكى ھېلىقى بىر جۈپ پىيالىنىڭ خوتۇنىغا ئاپىسىدىن قالغانلىقىنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىرىنىڭ چېقىلىپ كېتىپ يەنە بىرىنىڭ يەككىلا بولۇپ قالغانلىقىنى، خوتۇنىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى غەش يۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى چايچى يەڭگىگە دەپ بەردى. چايچى يەڭگە ئۇنىڭغا:

— پىيالىنى ئالغۇڭىز بارمۇ؟ بۇ پىيالە بەك قىممەت، — دەپ چاقچاق قىلدى.

— ئەمىسە باھا قويۇڭ، — دېدى فوتوگراف.

چايچى يەڭگە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ يۈز يۈەن باھا قويدى. فوتوگراف ھەميانىدىن «شارتتىدە» يۈز يۈەن چىقىرىپ چايچى يەڭگىگە تەڭلىدى. چايچى يەڭگە ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ پىيالىنى فوتوگرافنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئاندىن:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. بىر كونا پىيالە قانداقمۇ يۈز يۈەنگە يارىسۇن؟ — دېدى.

بىر پەس تالاش - تارتىشتىن كېيىن، چايچى يەڭگە فوتوگرافقا:

— بىكارغا ئالغۇڭىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىمىزنى سۈرەتكە تارتىپ قويۇڭ، — دېدى.

بۇ بولىدىغان گەپ ئىدى. فوتوگراف خۇشال ھېسسىياتتا چايچى يەڭگىنىڭ ئېرىنىڭ ئېتىزدىن، ئوغلىنىڭ مەكتەپتىن قايتىشىنى كۈتتى. كۈن چۈش بولغاندا، چايچى يەڭگە، ئېرى ھەم ئوغلى كەپىنىڭ ئالدىدا قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرۇشتى. سۈرەت تارتىلىپ بولدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال بولۇپ فوتوگرافنى تاماققا تۇتتى. چايچى يەڭگە ئېرىگە ئۇنىڭ ئىنساپلىق كىشى

ئىكەنلىكىنى، خوتۇننى خۇش قىلىش ئۈچۈن بىر پىيالىنى يۈز يۈەنگە ئېلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى راسا ماختاپ كەتتى. فوتوگراف سەل خىجىل بولۇپ مىڭ يۈەننى چاندۇرماي شىرەنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

بۇ پىيالىنى مىڭ يۈەنگە ئالغىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ، مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆردى، پىيالىگە سىنچىلاپ سەپسېلىپ قاراپ، بۇ پىيالىنىڭ مىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەندې دەۋرىدە ئوردا خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان قارا كۆك پىيالە ئىكەنلىكىنى، بۇ پىيالىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇم ئىكەنلىكىنى، ئون مىڭ يۈەندىن كەم باھا قويۇلمايدىغانلىقىنى بېكىتتى. ئۇ سۈرەتنى يۇيۇپ بولۇپ چايچى يەڭگىگە ئەۋەتىپ، ھېلىقى مىڭ يۈەننى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى شۇ پۇل بىلەن تۇرمۇشنى ئاز - تولا ياخشىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.


فوتوگراف تولۇق ئىشەنچ بىلەن پىيالىنى قەدىمىي بۇيۇملارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش دۇكىنىغا ئاپاردى. بىر كەسىپ ئەھلى بۇ پىيالىنىڭ كېيىنكىلەر تەقلىد قىلىپ ياسىغان ساختا بۇيۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تەقلىد قىلىنغان ئىزلارنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلى «لاسسىدە» بولۇپ قالدى. ئۇ شېرىن چۈشىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىگە، سەدىقە قىلىۋەتكەن پۇلىغا ئەمەس، بەلكى پىيالىنى خاتا كۆرۈپ قالغانلىقىغا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتتى. بۇيۇملارنى يىغىشتا خاتا كۆرۈشنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغان ئىش ئىكەنلىكى كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئايان ئىدى. ئۇ نېمىشقا خاتا كۆرۈپ قالغاندىمەن، بۇنىڭغا بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئەيىبلىكمۇ ياكى ھۈنەردىكى كەمتۈكلۈكۈم ئەيىبلىكمۇ؟ دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇنداق ئەمەستەكمۇ قىلاتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئويلىمىغاندا يىراق ئاشۇ تاشلىق كەنتتىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتنى چايچى يەڭگىنىڭ ئوغلى يازغانىدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىنىڭ قولىدىن چىققان قىڭغىر - سىڭغىر خەتنىڭ ھەربىر قۇرىدىن مىننەتدارلىق ھېسسىياتى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خەتتە: ئۇلاردا ئىلگىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە چۈشكەن بىرەر پارچە سۈرەت يوقلۇقى، مۇشۇ بىر پارچە سۈرەت ئۈچۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلايدىغانلىقى دېيىلگەنىدى. ئاخىرىدا چايچى يەڭگىنىڭ ئوغلى ناۋادا ئاشۇ مىڭ يۈەن پۇل بولمىغان بولسا ئۆزىنىڭ يازلىق تەتىلدىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقى، ئەمدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل كىشىگە جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقى

توغرىسىدا ئىرادىسىنى بىلدۈرگەنىدى. فوتوگرافىنىڭ كۆزلىرى نەمدەلدى. ئۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىللە چۈشكەن ھېلىقى سۈرەتنى ئاختۇرۇپ تاپتى. چايچى يەڭگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىلكىدە كۈلۈپ ئولتۇ-رۇشاتتى. بۇ سۈرەت ئۇنىڭغا فوتوگرافلىق قىلغاندىن بۇيان ئۆزى ياراتقان ئەڭ ياخشى ئەسەر بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۇ جاۋاب خەت يېزىشنى ئويلىدى. ئەمما نېمىدەپ يېزىشنى بىلمىدى. ئۇ ئويلىنىپ ئاخىر قولىغا قەلەم ئېلىپ چايچى يەڭگىدىن ماغزاپتا چاچ تاراش-نىڭ قانداق پايدىسى بارلىقىنى سورىماقچى بولدى. ئۇنىڭ مۇشۇ كۆك گۈللۈك پىيالىنى ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى خوتۇنىغا بىلدۈرۈپ قويغۇسى كەلگەنىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، ئەل - ئاغىنىلىرى ھەمىشە ئۇنىڭدىن بۇ پىيالە بەك ئېسىل ئىكەن، نۇرغۇن پۇل خەجلىگەندەك قىلىسەن دەپ سورايتتى. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، بۇ پىيالىنى سەھرادىكى بىر تۇغقىنىنىڭ بەرگەنلىكىنى، قىممەت پۇللۇق بۇيۇم ئىكەنلىكىنى دەيتتى.



مۇھەببەت — جاننى ياشارتىدىغان كۆل سۈيى.

# مۇھەببەتكە يېتەكلىگەن قۇياش نۇرى

شۈي دا

تۇرمۇشتا مۇھەببەت بولمىسا، كىشى غېرىبسىنىپ قالىدۇ. كۆڭۈلدە مۇھەببەت بولمىسا، كۆڭۈل چۆلدەرەپ قالىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغان كىشى قەلبىنى مۇھەببەتلىك قۇياش نۇرىغا تولدۇرسۇن. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئىللىقلىقنى ھەم كۈچ - قۇدرەتنى ھېس قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىزدە قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ.

مەن مۇنداق بىر قىسقا ھېكايىنى ئاڭلاپ تولىمۇ تەسىرلەنگەنىدىم. يەتتە ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئاپىسى قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئوپېراتسىيە قىلىنمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۆيدە كېسەل داۋالاتقۇدەك پۇل يوق ئىكەن، ئوپېراتسىيە ھەققى ئۇلارغا ئۈزۈۋالغىلى بولمايدىغان ئاسماندىكى ئاي بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان ئاپىسىنى كۆرگەن ئوغۇل بالا تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ كىشىلەردىن ئاپىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. لېكىن بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەپتۇ. چېركاۋدا بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ چاقچاق ئارىلاش:

— ئاپاڭنىڭ ھاياتىنى پەقەت پەرۋەردىگارلا ئۆز ھىممىتى بىلەن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، — دەپتۇ.


ئوغۇل بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە بېرىپ پۇل ساقلايدىغان قۇتىدىكى ئاخىرقى بىر سېنت پۇلنى ئېلىپ، پەرۋەردىگارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن دۇكانمۇدۇكان دوقۇرۇپتۇ. ئاپىسىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن چىپ - چىپ تەرگە چۈمۈلگەن ھالدا بىر سېنت پۇلنى سىقىمداپ پەرۋەردىگارنى سېتىۋېلىش كويىدا يۈرگەن ئوغۇل بالىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ تولىسى بالىنى مازاق قىلىشىپتۇ. لېكىن ئوغۇل بالا قىلچە مەيۈسلەنمەي، ئاخىر پەرۋەردىگارنى سېتىۋاپتۇ — بۇ پەرۋەردىگار كىچىك بىر ماگىزىننىڭ

خوجايىنى ئىكەن. ئوغۇل بالىنىڭ ۋاپادارلىقىدىن تەسىرلەنگەن بۇ زاھىت مىلىيادىر ئوغۇل بالىغا:

— بالام، سەن قايتىپ كەت. سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭدىن پەرۋەردىگار تەسىرلەندى، ئۇ ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدۇ، — دەپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ھېلىقى مىلىيادىر ئامېرىكىدىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ھەم نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئاپىسىنى ساقايتىپتۇ.

پەرۋەردىگارنى سېغىنىۋالغان ھېلىقى ئوغۇل بالىنى ھەر قېتىم ئويلىسام، مېنى يىغا تۇتىدۇ. مۇھەببەت تەسىرچان تۇيغۇ. كۆڭلىدە مۇھەببەتلىك قۇياش نۇرى بولسا، كىشىدە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇدرەت بولىدۇ؛ مۇھەببەتلىك قۇياش نۇرى بىزنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە، بىزنى بىز قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ پەللىسىگە ئاچقۇچقا يېتەكلەيدۇ.



ئانا — دۇنيادا سىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، سىزنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، سىز ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرغان پەرىشتە سۈپەت زات.

# ئانا مۇھەببىتى

تەن شياۋيۈ

دىم تۆت ياشقا كىرگەن يىلى، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن ئاتىسى دىمنىڭ ئانىسىغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويىدى. ئانىسى دىمنى ئېلىپ مالوس بازىرىغا كۆچۈپ كەتتى.
مالوس بازىرىنىڭ باش تەرىپىگە چوڭ تېپىتكى بىر خىمىيە زاۋۇتى جايلاشقان، زاۋۇتنىڭ ئەتراپىدا گىلاس چېچەكلىرى «ھۆپپىدە» ئېچىلىپ كەتكەندى. دىم بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدى.
يېڭى تۇرمۇش شارائىتىدا دىمنىڭ كۆنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ ئىسكىرىپكا چېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ھويلىدىكى گىلاس چېچەكلىرى ئېچىلىپ كەتكەن دەرەخ تۈۋىدە ئىسكىرىپكا چالاتتى.
ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىش ماھارىتىمۇ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىغا ھەمراھ ئىدى.
ئانا ـ بالا ئىككىسىگە يەنە بىر بەختسىزلىك كەلدى. خىمىيە زاۋۇتىدا ئېغىر زەھەرلىك گاز چىقىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەردى، زاۋۇت ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق دىمنىڭ ئائىلىسى بۇ ھادىسىنىڭ كاساپىتىگە بىۋاسىتە ئۇچرىدى.
دىم پات ـ پاتلا كۆڭلى ئاينىپ، قەي قىلاتتى، ئاڭلاش سېزىمى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىدى. دوختۇرلار ئېچىنغان ھالدا ئانىسىغا دىمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى نېرۋىلىرىنىڭ ئاساسەن كاردىن چىقىپ، ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.
ئانىسى باغرىنى قاتتىق تۇتۇپ دىمنى گاس ـ گاچىلار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بەردى. بۇ پالاكەتتىن ئوغلىنىڭ بالدۇرراق قۇتۇلۇشى ئۈچۈن رېئاللىقنى تېز قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. دوختۇرلار دىمنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنىڭ كاردىن چىقىشىغا ئەگىشىپ

تۆۋەنلەپ كېتىدۇ دەپ ئەسكەرتكەنىدى. شۇڭا ئۆيدە ئانىسى دىمنى قول ۋە ئېغىز ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. ئانىسىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىسىدا دىم ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا گاس - گاچىلار مەكتىپىدىكى بالىلارغا مەقسەت- نى ئۇقتۇرالايدىغان بولدى. گىلاس چېچەكلىرى ئېچىلىپ كەتكەن دەرەخ تۆۋىدە دىمنىڭ بويىنىنى سىڭايان قىلىپ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان سىيماسى يەنە پەيدا بولدى.

ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن ئانىنىڭ كۆڭلى قەۋەت تەسكىن تاپ- تى. ئۇ ھەرقاچاندىكىگە ئوخشاش دىم دەرەخ تۆۋىدە ئىسكىرىپكىنى چالسىلا، بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ زوق ئالاتتى. بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئىسكىرىپكىنى چېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئانىسى ئۇنى تىل بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن قول ۋە ئېغىز ھەرىكىتى، تاتلىق تەبەسسۇم ۋە قىزغىن قۇچاقلاش ئارقىلىق مەدھىيىلەيتتى.

لېكىن، دىمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تولىمۇ چەكلىك ئىدى. ئۇ چىرايلىق مېلودىيىلەرنى ئاڭلاشنى خالايتتى. غىڭىلدىغان ئاۋازنى ئارانلا ئاڭلىيالايتتى. دىم بەك مەيۈسلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى كۈنسېرى ناچارلىششقا باشلىدى:

ئوغلىنىڭ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانىسى ئىختىيارسىز ھەسرەت بىلەن يىغلىۋەتتى. بىر كۈنى ئانىسى ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى بىلەن:

— بالام، سەن ئۆزۈڭ چالغان ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىساڭ- مۇ، ئۇنى كۆڭلۈڭ قويۇپ ھېس قىل! — دېدى.

ئانىسىنىڭ گېپى ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئىسكىرىپكا چېلىشنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەڭ چىرايلىق ئاۋازنى ئاڭلاش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىۋاتاتتى. دىمنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىش ماھارىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئانىسى يەنە ئۇنۇملۇك بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. بازاردا كەسپىي مۇئەللىملەر يوق ئىدى. ئانىسى دىمنىڭ ئىسكىرىپكا بىلەن چالغان مۇزىكىسىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشىغا سۇنۇش ئۈچۈن پويىزغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردى. ئىشلىرىنىڭ چالا بولۇپ قالماسلىقى، يەنە كېلىپ دىمغا ئېنىق بىلدۈ- رۈش ئۈچۈن، پايدىلىنىش پىكىرلىرىنى مۇتەخەسسىسلەرگە بىرمۇبىر يازغۇزدى.

دىم بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى. ئۇ ئۇزۇنراق مۇزىكىغا چالسى- لا، ۋاقتى ئەللىك مىنۇتتىن ئېشىپ، لېنتىنى ئۆرۈشكە توغرا كەلگەن چاغدى-

مۇ، ئانىسى مىدىر - سىدىر قىلماي ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. دېم بۇ ئىشنى
ئانىسىنىڭ ئېسىگە سالغاندا، ئانىسى ئالمان - تالمان ئۆزىنىڭ مۇزىكىنىڭ
ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتى. كې-
يىن، ئۈنئالغۇغا ئېلىش توغرا كەلسىلا ئانىسى سائىتىگە قاراپ تۇرىدىغان
بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن چاتاقمۇ چىقمىدى.

گىلاسلار نەچچە قېتىم چېچەك تۆكۈپ، نەچچە قېتىم چېچەكلىدى. دېم
فرانسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق باللار مۇزىكا ئورۇنداش مۇسابىقىسى-
دە، ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن تېخنىكىسى ۋە قايناق ھېسسىياتى بىلەن باھالىغۇ-
چىلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئاڭلاش
سېزىمىنى يوقاتقان بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى-
نىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە دەپ بىلىشتى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى تالانتلىق
مۇزىكانت دەپ ئاتاشتى. دېمنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ
دىققىتىنى قوزغىدى، بۇ تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. پارىژدىكى تونۇل-
غان بىرنەچچە مۇتەخەسسىس بىرلىكتە دىئاگنوز قويۇپ دېمنىڭ ئاڭلاش نېرۋ-
لىرى پۈتۈنلەي يىگىلەپ كەتمىگەن، ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق ئاڭلاش
ئىقتىدارىنى قىسمەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن دېگەن قاراشقا كېلىشتى.

شۇ زامات ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئوپېراتسىيە كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەر-
دى. دوختۇرلار دېمغا تىڭشىغۇچ ئىشلىتىشنى تاپىلىدى. دېمنىڭ ئاڭلاش
سېزىمى نورمال ئادەملەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەس بولدى.

شۇ كۈنلەردە ئانىسى دېم بىلەن بىللە ئىدى، قۇلىقىغا تىڭشىغۇچ تاقىغان
كۈنى دېم ئاجايىپ خۇشال بولغان پېتى ئانىسىغا قول ئىشارىتى بىلەن:

— ھازىردىن باشلاپ، سۆزلەشنى مەشىق قىلىمەن، سەن ماڭا ئەمدى قول
ۋە ئېغىز ئىشارىتىنى قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ ھاياجان بىلەن ئىسكىرىپكىسىنى چېلىپ كېكەچلىگىنىچە:

— ئانا، مەن ئاڭلاۋاتىمەن، نېمىدېگەن چىرايلىق ئاۋاز! — دېدى ئاندىن،
— ئانا، سەن قايسى مۇزىكىنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن، چېلىپ بېرەي، بولام-
دۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

ئانىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئوغلىغا كۈلۈپ قاراپ جىمىدە
ئولتۇراتتى. بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال ئىدى. دېم كېكەچلەپ تۇرۇپ ئانىسىدىن:

— ئانا، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — دەپ سورىدى قايتىلاپ.

بۇ چاغدا بىر سېسترا كېلىپ دېمغا ئانىسىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئاڭلاش

سېزىمىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىنى دېدى. دېم چەكچىيىپ كەتتى، ئۇ شۇندىلا
ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقتى: ئەسلىدە، زەھەرلىك گاز چىقىپ كەتكەن شۇ قېتىم-
لىق ھادىسىدە ئۇنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئانىسىنىڭمۇ ئاڭلاش سېزىمى كاردىن
چىققانىدى. ئانىسى دېمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بۇ ئازابلىق
سىرنى مۇشۇ كۈنگىچە يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. ئانىسىنىڭ كۆپ ۋاقتى قول ۋە
ئېغىز ھەرىكىتى ئارقىلىق دېمغا مەقسەت ئۇقتۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ، ئۆزى بەك
ئاز گەپ قىلغانلىقتىن ئەمدى گەپ قىلالماس بولۇپ قالغانىدى. دېم بالىلىق
چاغلىرىدا ئانىسىنى خاتا چۈشەنگەنلىكىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئانىسى-
نى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

دېم ئانىسى بىلەن بىللە ئۆيگە قايتتى. باش باھار مەزگىلى، توق قىزىل
چېچەكلەپ كەتكەن گىلاس دەرىخى تۈۋىدە، دېم مەيىن شامالدا ئانىسىغا يەنە
ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۆزى چالغان ئىسكىرىپكا ئاۋازىنى ئانىسىنىڭ
چوقۇم ئاڭلىيالايدىغانلىقى، ئوغلىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى
ھېس قىلالايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. دېم ئەينى چاغدا ئانىسىنىڭ ئۈنسىز
رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشكەنىدى. بۇ ئەسلىدە بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئوغلىغا
يوللىغان ياڭراق ئالقىشى ئىدى.



تاغقا ئوخشاش مەزمۇت، دېڭىزغا ئوخشاش چوڭقۇر،
كۆككە ئوخشاش يۈكسەك، چايغا ئوخشاش خۇش پۇراق ...
مانا بۇلار ھەقىقىي ئاتا مېھرى دېمەكتۇر.

# ئاتامنىڭ ئۈچ ئېغىز سۆزى

ۋۇ جۇڭشى

ئاتام ئۆمرىدە ئۈچ ئېغىز سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلدى، مەن بۇ ئۈچ ئېغىز سۆزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

«سېنىڭچە قانداق؟» بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئېغىز سۆزى ئىدى.

ئاتام ئەزەلدىن دېگەن سۆزىدىن يانمايتتى. ئاناممۇ ئۇنى دېگەن سۆزىدىن قايتۇرالمايتتى. ئانام ئاتامنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن ئازراق قورقاتتى. گەرچە ئاتام شۇ چاغلاردا ئون سەككىز يوەن ئازغىنە مائاش ئالغىنى بىلەن ئانام ئاتامنى تۆۋرۈك ۋە مەبۇدە ئورنىدا سانايتتى. بۇ ھال ئاتامنى باشباشتاق قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاتامنىڭ تەۋرەنمەس ئىناۋىتى مۇشۇ ئارقىلىق تىكلەنگەنىدى.

بىز ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئالتە بالا ئىدۇق. ئانام تۇگەپ كەتكەن چاغدا، چوڭ ئاچام بىلەن ئىككىنچى ئاچام ياتلىق بولۇپ كەتكەنىدى. چوڭ ئاكام بىلەن ئىككىنچى ئاكام سىرتتا ئىشلەيتتى، ئۇكاممۇ سىرتتا ئوقۇيتتى. مەن ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق بازاردا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتۇم. ئۆيدە ئاتام بىلەن ئىككىمىز ئىككى ئەر كىشى بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتەتتۇق.

بىزنىڭ بىر پارچە ئۆي ئورنىمىز بار ئىدى، ئۇنى بىرى ئالماقچى بولغانىدى. بىر كۈنى كەچتە، ئاتام ئىككىمىز كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. ئاتام تۇساتتىن:

— ھېلىقى يەرنى سېتىۋېتەيمىكىن دەيمەن. سېنىڭچە قانداق؟ — دەپ مەندىن سورىدى.

مەن ئاغزىمدىكى تاماقنى يۇتۇۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، ئاتامغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئاتامنىڭ قاراشلىرى سەممىمىي ئىدى. بۇ ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى.

گېپىدىن يانمايدىغان ئاتام ئۆزىنىڭ ياردەمچىسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك.

ئۇ كۆڭلىدە بىرىنچى قېتىم ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەم بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

«يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتە باشقىلار بىلەن بەسلەشسەك بولمايدۇ، بىز باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ بولالمايمىز. باشقىلار بىلەن ئۆگىنىشتە، خىزمەتتە بەسلەشسەك بولىدۇ» بۇ ئاتامنىڭ ئىككىنچى ئېغىز سۆزى.

ئاتام ئاران ئون سەككىز يۈەن مائاش ئالاتتى. ئاتام ئامالسىزلىقتىن تۆت ئوغلىنىلا ئوقۇتالىدى، ئىككى ئاچام مەكتەپ يۈزى كۆرمىدى. ئاتام ئىشلەپ تاكى كېسەل سەۋەبىدىن دەم ئېلىشقا چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئون بەش يىل ئىچىدە، چاغان مەزگىلىدىكى نۆۋەتچىلىك قوشۇمچە پۇلى بىلەن بىر پاختىلىق چاپان ئېلىش ئۈچۈن، ئون تۆت يىلدىن بېرى بىرەر قېتىم ئۆيگە كېلىپ چاغان قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس ئىدى.

ئاتام ھەر يىلى كېلىدىغان چاغان ۋە يازلىق تەتىل مەزگىلى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئازابلىق كۈنلىرى ئىكەنلىكىنى دەيتتى. چۈنكى ئۇ تۆت ئوغلىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرمىسا بولمايتتى.

ئاكا - ئۇكا تۆتەيلەن ئاتامنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۇنىڭ «ساردىن بۇركۈت چىقىدۇ» دېگەن ئاددىي ئارزۇسىنى قاندۇردۇق. بۇ تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى.

ئاكا - ئۇكا تۆتەيلەندىن قايسىمىز بولمايلى، ئالىي مەكتەپكە ماڭىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئاتام يۈك - تاقلىرىمىزنى تېڭىشىپ بېرەتتى.

— مەكتەپكە بارغاندا، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتە سىلەر باشقىلار بىلەن بەسلىشەلمەيسىلەر. ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە باشقىلار بىلەن بەسلەشسەڭلار بولىدۇ. ئەمدى ئۇخلا ئەتە ئەتىگەن تۇرىدىغان گەپ، — ئۇ قايسى ئوغلى ئالىي مەكتەپكە ماڭسا، شۇنىڭغا مۇشۇنداق دەيتتى.

ئاتامنىڭ بۇ گېپى تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ھەربىرىمىزگە دەستۇر بولدى. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىز ئاددىي ھەتتا ناچار شارائىتتا ئۆتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. بىراق بىز مەكتەپنى ئوقۇش پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى سالاھىيىتى بىلەن تۈگەتتۇق.

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغرىپ يېتىپ قالسام، ناھايىتى تېز كېتىپ قالمەن، سىلەرنى ئاۋارە قىلمايمەن.» بۇ ئاتامنىڭ ئۈچىنچى ئېغىز گېپى ئىدى.

ئانام ئاغرىپ قالغان ئاشۇ مەزگىلدە، ئاتام ئۇزۇن مۇددەت رۇخسەت سوراپ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەزەلدىن ئۆي ئىشلىرىنى قىلمايدىغان، ئەزەلدىن گېپىدىن يانمايدىغان ئاتامنىڭ مۇكچىيىپ يۈرۈپ ئۆي ئىشى قىلىشنى قاچانلاردا ئۆگىنىۋالغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ ئانام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ كېسەل ئازابىنى يېنىكلىتەتتى، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، قالدۇرۇق يېرىمىزگە ئىشلەيتتى. كېيىن ھەتتا ئانامغا ئوكۇل ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى. ئوكۇل ئۇرغان يەر ئاغرىپ كەتسە، ئانام ئاتامنى تىللاپ كېتەتتى. ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىنى ھەمىشە ئۇرغىلى بولمايتتى.

لېنىن ئاتام ئانامنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئۈچ يىل، ساق ئۈچ يىل ئىچىدە سۇرلۇك ئاتام «يۇۋاشلاپ كەتكەن» ئىدى.

ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان كۈنى ئاتام بىر تامچە ياش تۆكمىدى. ئىككىنچى ھەپتىسى شەنبە كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، ئانامنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم. ئاتام بوسۇغىدا كۆزلىرى ياش ئولتۇراتتى.

دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، كېسەلچان ئاتام ئۈچ ئېغىز ئۆي بىلەن بىر تال چىراغنى ساقلاپ ئۆتتى. شەھەرگە كىرىپ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىمىدى. بىر كۈن چۈشتىن كېيىن بىر نەۋرە ئىنىم تېلېفون بېرىپ، ئاتامنىڭ زۇكام بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى دېدى. بىز ھەممىمىز باردۇق.

ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇق ئاتام بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى.

ئانامنى چوڭقۇر ياخشى كۆرگەن ئاتام بالىلىرىنىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەنىكەن.



هايات ئېقىنى شىرىلداپ ئاقىدۇ، مۇھەببەت بىر تېمىم - بىر تېمىمدىن تامچىلايدۇ.

# مۆجىزە

زى يۇ

ئۇ ئانا بولۇش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ قويدى.

ئۇنىڭ جېنى ئەسلىدە ھايىنىغا قالغان جان ئىدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى، ئۇ يىگىرمە بەش ياشتا بولۇپ، قىزلارنىڭ يىگىرمە بەش ياشلىق ۋاقتى تازا تولغان، ئۆي - ئوچاقلىق بولىدىغان مەزگىلى. لېكىن ئۇ گويا قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا قالغان گىياھدەك سولغۇن ھەم ئاۋاق ئىدى. ئۇ باشتا تازا ئېرەنشىمىدى، كېيىن قورسىقى كۈنسايىن تومپىيىپ، دوختۇرخانىغا باردى - دە، جىگىرىدىن ئېغىر چاتاق چىققانلىقىنى بىلدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا جىگەرنى ئالماشتۇرسا بىر ئاي ياشىيالايدىغانلىقىنى دېدى. ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ناھايىتى تېزلا بەدىنىگە ماس كېلىدىغان جىگەر تېپىلدى، ئوپېراتسىيە بەك ئوڭۇشلۇق بولدى، جېنى ئامان قالدى.

ئۇ ئايال ئىدى، خەتەردىن قۇتۇلدى، ھاياتلىق كېمىسى ئەسلىدىكى نىشانىنى بويلاپ ئىلگىرىلىمىسە يەنە بولمايتتى. ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن توي قىلدى، بىر يىل ئاۋۋال، ئوپېراتسىيىدىن كېيىنكى نورمال تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىپ دوختۇرغا كۆرۈنگەندە، دوختۇر ئۇنىڭ ھامىلدار بولغىنىغا ئۈچ ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىدى.

قورساق كۆتۈرۈش بىر ئايال كىشىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىر قېتىملىق خىرىس. ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. جىگەر ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ كەتسە، ئۇ ئەزرائىل بىلەن يەنە بىر قېتىم قول تۇتۇشقان بولاتتى. ئۇ بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ راستىنلا ئانا بولغۇسى بار ئىدى. ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى مۇشۇ.

2004 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، دوختۇر ھامىلە ھەرىكىتىنىڭ روشەن ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە ئۆت ياللۇغى بىرىكمە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. ھامىلىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىد-

ده تۇراتتى. دوختۇرلار كەسكىنلىك بىلەن بالىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالدى. بالا ئوغۇل ئىدى، مۇشۇكتەك ئاجىز بۇ جان ئاران ئىككى كىلوگرام ئېغىرلىقتا، ئۇزۇنلۇقى قىرىق ئىككى سانتىمېتىر ئىدى. گەرچە بالا غەلىتە تۇرىلىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن نەپەس ئالالمايتتى، مېڭىسى زەخىملىنىش ۋە ئۆپكىسى قاناش ئالامىتىنىڭ يۈز بېرىشى ھەر ۋاقىت ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىنى سۇنئىي نەپەسلەندۈرۈش بىلەن ساقلاپ قېلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئانىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ تۇغۇتتىن كېيىنكى خەتەرلىك باسقۇچتىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ، يوق، بۇ تېخى نامەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ بالىسىنى كۆرگۈسى كەلدى، ئېرى بىلەن دوختۇر بالىنى بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئالاھىدە بالىنىتىسىدا كۆزىتىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى دەپ ئۇنىڭغا يالغان ئېيتتى.

ئۇ ئوغلىنى كۆرەلمەيتتى، ئوغلىنى كۆرۈپ كىرىشكە ئېرىنى ئەۋەتتى. ئېرى كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئېرىدىن توختىماي ئوغلىنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى، كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلىكىنى سورايتتى. ئوغلۇمنى چۈشەپتىمەن، ئوغلۇم ماڭا پەرۋا قىلمىغۇدەك دەيتتى.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ كۈنسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئوغلىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا كۈندە جېدەل قىلاتتى. لېكىن بالا يەنىلا خەتەر ئىلكىدە ئىدى. ئەھۋالدا قىلچىلىك ياخشىلىنىش بولمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ دوختۇر ۋە ئۇنىڭ ئېرى بۇنىڭغا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭغا ئەمدى بالىسىنى كۆرسەتمەسلىك ئىمكانىيىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ بەك قەتئىي بولغاچقا سەككىزىنچى كۈنى، ئۇ ئالاھىدە بالىنىتىسىغا كىردى. ئۇكسىگېن بۆلۈمىدە بەدىنى پۈرۈم ـ پۈرۈم، تېرىسى كۆكۈچ ئوغلىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە نەيچە تىقىلغان ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا ئۈنسىز ياش تۆكتى. بالىنىتىسىدا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئەتراپتىكىلەر يۈرەك ـ باغرى ئېزىلگەن بۇ ئانىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى.

ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئوغلىنىڭ مۇشتۇمدەك بەدىنىنى ۋە قولىنى، پۇتىنى سىلىدى. ئۇ ئوغلىنى قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان قىممەتلىك بويۇمنى سىلىغاندەك ئېھتىيات بىلەن سىلايتتى. شۇ تاپتا ھاۋامۇ قېتىپ


قالغاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا مۆجىزە يۈز بەردى. تۇغۇلغاندىن بىرى ھوشسىز ياتقان بوۋاق ئانىنىڭ مېھرىبانلارچە سىلىشى بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆزىنى ئاچتى. دوختۇر ۋە سېسترالار خۇشاللىقىدا تېپچەكلەپ كېتىشتى. يەتتە كۈندىن بىرى ئوغلىنىڭ دەردىدە يۈرىكى ئازابلانغان، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا يالغان كۈلۈپ يۈرگەن ئەر شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇزاق - ئۇزاق تويماي قاراپ تۇراتتى.

توققۇزىنچى كۈنى، بوۋاق سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈشتىن قۇتۇلۇپ، ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئون بىرىنچى كۈنى، ھەر كۈنى ئاران ئىككى لىتىر سۈت ئىچىدىغان بوۋاق يەتتە لىتىر كالا سۈتى ئىچىدىغان بولدى. تېرىسى نورمال بوۋاق بالىلارنىڭ تېرىسىدەك توق قىزىل بولۇشقا باشلىدى، بوۋاق كېرىلىپ، ئەسنەپ، پۇت - قوللىرىنى ئەركىن مىدىرلىتاتتى، يىغلىسا ئاۋازىمۇ ياڭراق چىقاتتى.

ئون ئىككىنچى كۈنى، ئانىسى ئوغلىنى — ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن ئوغلىنى، ئانىلىق مۇھەببىتى بىلەن ئويغاتقان ئوغلىنى كۆتۈرۈپ، ئامان - ئېسەن دوختۇرخانىدىن چىقتى. شۇ كۈنى ھەرقايسى چوڭ گېزىتلەردە مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم جىگىرى ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھامىلىدار بولغان ھەم يەڭگىگەن ئانىنىڭ بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىققانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر بېرىلدى. بۇ ئانىنىڭ ئىسمى — لۇ جىۋېي ئىدى، يۈننەن يەنجىنلىك ئايال ئىدى. گېزىتلەرنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەرلەر ھەر كۈنى بېرىلىسىمۇ، بىزگە تۇرمۇشىمىز بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ كەينىدە بىر ئانا ياراتقان مۆجىزىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىدىغان يەنە كىملەر باركىن؟



چايكىدەك كالانپاي بالىمۇ ئانا مۇھەببىتىنىڭ دەۋىتى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئوكيانىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەلەيدۇ.

# ئانىنىڭ جاۋابى

يى مىڭ

نېمىشقا پارتىدىشىم ئىمتىھاندا بىرىنچى بولىمەن دەپ بىرىنچى بولالايدۇ، مەن نېمىشقا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولىمەن دەپ سىنىپ بويىچە يىگىرمە بىرىنچى بولۇپ قالىمەن؟ دېگەن مەسىلە بىر بالىنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى.

ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئانىسىدىن:

— ئانا، مەن باشقىلاردىن دۆتمۇ؟ مەن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاڭلايمەن. تاپشۇرۇقلارنىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەستايىدىل ئىشلەيمەن. لېكىن نېمىشقا ھەمىشە ئارقىدا قالىمەن؟ — دەپ سورىدى.

ئانا ئوغلىدا غۇرۇرنىڭ يېتىلگەنلىكىنى، بۇ غۇرۇرنىڭ مەكتەپتە تورغۇزۇلغان دەرىجىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئانىسى ئوغلىغا قاراپ قويۇپ جاۋاب بەرمىدى، چۈنكى قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى.

يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان ئېلىندى. بالا ئىمتىھاندا ئون يەتتىنچى بولدى. ئۇنىڭ پارتىدىشى يەنىلا بىرىنچى بولدى. بالا ئۆيىگە بېرىپ ئۆتكەن قېتىم سورىغان سوئالنى ئانىسىدىن يەنە سورىدى. ئانىسى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئۇچ، بەزىلىرىنىڭ ئالتە ۋە بەزىلىرىنىڭ توققۇز نىسبەت بويىچە بولىدىغانلىقىنى، ئىمتىھاندا بىرىنچى بولغان بالىنىڭ كاللىسى ئادەتتىكى بالىلارنىڭكىدىن ئۆتكۈر بولىدىغانلىقىنى دېيىشنى ئويلىدى. ئەمما بۇنداق جاۋاب قانداقمۇ بالا كۈتكەن جاۋاب بولسۇن؟ ھېلىمۇ ياخشى ئانا تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتكەنىكەن.

ئوغلىنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئانا بىرنەچچە قېتىم: سەن ئويۇن قېپى، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنمەيسەن، سەن باشقىلارغا قارىغاندا ئانچە تىرىشچان ئەمەس ... دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئوغلىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويماقچىمۇ بولدى. بۇ گەپلەرنى تالاي ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا تالاي قېتىم دېگەن. لېكىن ئوغلىغا ئوخشاش بەك چېچەن ئەمەس، سىنىپتا نەتىجىسى

كۆرۈنەرلىك بولمىغان بالىلار ئادەتتە كۈنلىرىنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ شۇڭا ئانا ئۇنداق قىلمىدى، ئۇ ئوغلى سورىغان سوئالغا مۇكەممەل جاۋاب بەرمەكچى بولدى.

ئوغلى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى. گەرچە ئۇ بۇرۇنقىدىن كۆپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا پارتىدىشىغا يېتەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىلگىرىكىدىن ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئوغلىنىڭ ئۆگىنىشتە ئىلگىرىلىگەنلىكىگە قايىل بولغان ئانا ئوغلىنى ئېلىپ دېڭىز بويىغا باردى. شۇ قېتىمقى سەپەردە ئانا ئوغلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

بۇ ئوغۇل ئەمدى ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ نەچچىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ھېچكىممۇ سورۇشتە قىلمىدى. چۈنكى ئۇ بۇلتۇر مەكتەپ بويىچە ئىمتىھاندىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ چىڭخۇاغا قوبۇل قىلىنغانىدى. قىشلىق تەتىلدە قايتىپ كەلدى. ئانا مەكتىپى ئۇنى ساۋاقداشلار ۋە ئاتا - ئانىلارغا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ دوكلاتىدا بالىلىق چاغلىرىدىكى بىر كەچۈرمىشىنى سۆزلىدى.

ئانام ئىككىمىز قۇملۇقتا ئولتۇراتتۇق. ئانام ماڭا ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، دېڭىز بويىدا يەم تالىشىۋاتقان قۇشلارنى كۆردۈڭمۇ، دېڭىز دولقۇنى كەلگەندە، كۈل رەڭ قۇشقاچلار «پۇررىدە» قىلىپ ئۇچۇپ قىلچە قىينالماي ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ، بىراق چايكىلار كالانپاي بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلۈشىگە خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. لېكىن دېڭىزدىن ھەقىقىي كېسىپ ئۆتىدىغانلار يەنىلا شۇلار دېگەنىدى، دېدى. دوكلاتنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئانىلارنىڭ ھەممىسى يىغلاپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ شۇ ئانىلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.



مۇھەببەت ناھايىتى ئاددىي، ئۇ چايغا ئوخشايدۇ، ئادەم ئۇنىڭغا بىلىپ ـ بىلمەي خۇمار بولۇپ قالىدۇ.

# ئۆگەي ئاتا

[ئامېرىكا] بېس موللى

مەن ھەر قېتىم ئانىلار بايرىمى ياكى ئاتىلار بايرىمى بولغان چاغدا، دۆلىتىمىزدە يەنە بىر بايرامنىڭ — ئۆگەي ئاتىلار بايرىمىنىڭ كەملىكىنى ئويلاپ قالىمەن.

ناۋادا ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز بايرىمى بولۇشقا تېگىشلىك بولسا، ئۇنداقتا كۆيۈمچان ۋە ئېھتىياتچان ئۆگەي ئاتىلارنىڭمۇ قايتا قۇرۇلغان ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى تىكلەيدىغان بايرىمى بولۇشقا تېگىشلىك. بىزنىڭ ئائىلىدە «بوببېرنىڭ بايرىمى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بايرامنىڭ مەيدانغا كېلىشى مانا مۇشۇ ۋەجىدىن. بۇ بىزنىڭ ئۆگەي ئاتىمىزنىڭ نۇسخىسى، بۇ بايرام ئۆگەي ئاتىمىزنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالدى. ئۆگەي ئاتا بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق.

بوببېر ئائىلىمىزگە يېڭى كىرگەن چاغ.

— بىلىپ قوي، ئاپامغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولساڭ، سېنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇۋېتىمەن، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل ئۇنىڭغا، ئۇ ئۆگەي ئاتىسىدىن بەستىلىك ئىدى.

— ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن، — دېدى بوببېر.

— مېنى ئۇنداق قىل، بۇنداق قىل دېمە، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل، — سەن مېنىڭ ئاتام ئەمەس.

— ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، تېلېفوندا ماشىنىنىڭ ئۆيگە قىرىق بەش ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەردە بۇزۇلۇپ قالغانلىقىنى دېدى.

— مەن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن، — دېدى بوببېر.

مۇئەللىم ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، تېلېفوندا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ مەكتەپتە ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى دېدى.

— مەن دەرھال بارىمەن، — دېدى بوبېر.

— ماڭا ماۋۇ گالىستۇكۇمغا ماس كېلىدىغان بىر كۆڭلەك لازىم بولۇپ قالدى، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— مېنىڭ كىيىم ئىشكاپىمدىن بىرنى تاللىۋال، — دېدى بوبېر.

— سەن قولىقىڭنى تەشتۇرۇۋال، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— مەن بۇنى ئويلىشىمەن، — دېدى بوبېر.

— ئاخشاملىقتا سەن بىلەن پاراڭلاشسام دەيمەن، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— مېنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىمنىڭ ساڭا تەسىرى بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى بوبېر ئۇنىڭدىن.

— بولىدۇ، — دېدى ئوغۇل.

— سەن بىلەن پاراڭلاشمىسام بولمىدى، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— مەنمۇ سەن بىلەن بىر پاراڭلاشسام بولاتتى، — دېدى بوبېر.

— ئۆگەي ئاتا بىلەن ئۆگەي بالا ئارىسىدا ئورتاق جەريان بولۇشى كېرەك، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى بوبېر.

— ماشىنامنىڭ مېيىنى ئالماشتۇرۇۋەت، — دېدى ئوغۇل بالا.

— بىلدىم، — دېدى بوبېر.

— ئۆگەي ئاتا بىلەن ئۆگەي بالا ئارىسىدا ئورتاق بىر جەريان بولۇشى كېرەك، — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى بوبېر.

— مېنى ماشىنىلىق كىنو كۆرگىلى ئاپىرىپ قوي، — دېدى ئوغۇل بالا.

— بىلدىم، — دېدى بوبېر.

— ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدىمە، ماڭا تېلېفون قىل، — دېدى بوبېر.

— رەھمەت، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— ھاراق ئىچكەن بولساڭ، ماشىنا ھەيدىمە، ماڭا تېلېفون قىل، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— رەھمەت، — دېدى بوببېر.

— مەن ئۆيگە سائەت نەچچىدە قايتىشىم كېرەك؟ — دېدى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل.

— سائەت ئون بىر يېرىمدە، — دېدى بوببېر.

— ماقۇل، — دېدى ئوغۇل.

— ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلما، — دېدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغۇل بىر ئوغۇل بالىغا، — بىز ئۇنىڭغا موھتاج.

— ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن، — دېدى ئوغۇل بالا.

بوببېرنىڭ بايرىمى مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىقتى. ئوغۇللار ئۆگەي ئاتىسىغا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئويىنىيالايدىغان بىر ئويۇنچۇق ئېلىپ بەردى. بوببېرنىڭ بالىلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكى ئائىلىمىز ئۈچۈن قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك بىر ئىش بولدى. ئۇ بىزنى كەينىمىزدە تۇرۇپ قوللاۋاتقاندەك قىلاتتى.



تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى مۇھەببەتنىڭ ئاددىيلىقىنى بەلگىلىگەن.

# نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇس سوغۇقتا

يى بىڭ

قىشنىڭ بىر كۈنى كېچىسى، مەن شۇ كۈنى كەچتە نۆۋەتچى ئىدىم. يېرىم كېچە سائەت بىر بولغاندا، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن ئۈچچە دىئاگنوز قويۇش توغرۇلۇق جىددىي ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. مەن ئىشلارنى بىر قۇر ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ ئىشكىنى ئاچتىم. يۈزۈمگە ئۇرۇلغان زەھەرلىك ئاچچىق سوغۇقتىن يۈرىكىم پىچاق سانجىلغاندەك جىغىلداپ كەتتى. بۆلۈمدە پار بولـ غاچقا ئادەم ئانچە مۇزلاپ كەتمەيتتى. تالادا تېمپېراتۇرىنىڭ بۇنچىلىك تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بىرىنچى قەۋەتكە ئاز قالغاندا، كىملەرنىڭدۇر جۆيلۈگەندەك قىلىشىۋاتقان پارىڭىنى غۇۋا ئاڭلاپ قالدىم.

— سەن توڭلىدىڭمۇ؟

— ياق، سەنچۇ؟

— مەنمۇ توڭلىمىدىم …

مەن بىرىنچى قەۋەتتىكى زالغا چۈشۈپ، گەپ قىلىشىۋاتقانلارنى كۆردۈم. ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ـ خوتۇن پۈتلىرىغا بىر يوتقاننى ياپقىنىچە بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىدىن تېز ئۆتۈپ كەتتىم، شۇ ئارىلىقتا خۇددى مەن مۇزدەك شامالنى ئۆزۈم بىلەن بىللە شۇلارنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغاندەك ئۇ ئىككىيلەن تەڭلا چۈشكۈرۈپ كېتىشتى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ يەنە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم. ئۇ ئىككىسى يەنىلا پاراڭلىشىۋاتقانىكەن.

— بالىلارغا كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى ئەر.

— ئۆزۈڭگىمۇ كىيىم ئال، — دېدى ئايال.

— بولدىلا، ئالمايمەن، كېسەل داۋالىتىشقا جىق پۇل كەتتى، — دېدى ئەر.

— قارا سېنى، ئەجەب گەپ قىلىدىكەنسەن، كېسەل داۋالىتىش دېگەن كېسەل داۋالىتىش، كىيىم كىيىش دېگەن كىيىم كىيىش ... — دېدى ئايال.

ئۇلارنىڭ ئۇزۇلۇپ - ئۇزۇلۇپ ئاڭلىنىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ بۆلۈمگە يېنىپ كىردىم. نېمە ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە سېستىرالار نۆۋەتچى ئىشخانىسىغا كىردىم. بىر سېسترا قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ قېلىن ئىشىك پەردىسـىـنى قايرىپ چىـقـتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى - دە، شوخلۇق بىلەن:

— بۈگۈن ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە ئىكەن، ھاۋارا-يىدىن مەلۇمات بېرىلدى. بۇ شەھىرىمىز تارىخىدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئىكەن. مەن بايام دېرىزىدىن سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ كۆردۈم، راست شۇنداقكەن! — دېدى.

ئۇ ماڭا تېرمومېتىرنى كۆرسەتتى. تېرمومېتىرنىڭ كۆرسەتكۈچى نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇسنى كۆرسىتىپ ئاستا ئۆرلەۋاتاتتى، قىزىل كۆرسەتكۈچ قانغا ئوخشاش ھەرىكەتلىنەتتى. يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— يەنە بوش كارىۋات بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ جەدۋەلگە قارىۋېتىپ:

— بار، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— مەن بالىنىتسىلارنى تەكشۈرىمەن. مالال كۆرمەي بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - خوتۇننى ئاچىقىڭ. بۇنداق سوغۇقتا ئۇلارغا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن، — دېدىم.

ئۇ پەسكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ جىددىيلەشكەن ھالدا:

— چاتاق بولدى، دوختۇر، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرالمايۋاتىدۇ، — دېدى.

مەن ھەيران بولۇپ ئالدىراش بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتۈم. باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - خوتۇن دەرۋەقە ئورۇنلىرىدىن تۇرالمىدى. مەن قوغداش بۆلۈمىدىكىلەرنى چاقىرتتىم، ئۇلار بۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر -

خوتۇننى كۆتۈرۈپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە ئاچىقتى. بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن پۇت - قوللارنىڭ ئۇيۇشۇپ كېتىشىدىن بولغان ئەھۋال ئىدى. ئەھۋال ماڭا چۈشىنىشلىك بولغاچقا، مەن ئۇلارنى داۋالىغاچ ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدىم. ئەسلىدە ئۇلار بۈگۈن ئەتىگەن دوختۇرخانىدىن چىققان، بىر پارچە تەكشۈرۈش قەغىزىنى ساقلاپ ئۆيىگە كېتەلمىگەن، چىقىمغا كۆزلىرى قىيماي مېھمانخانىدا ياتماي، دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە بىر كېچىنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى بولغان. سېسترا رەنجىگەن ھالدا ئۇلارغا:


— مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋەرسەڭلار ئەتە ئەتىگەنگىچە پۇتۇڭلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغىنىڭلارنى بىلمەمتىڭلار! — دېدى.

ئەر خىجىل بولغان پېتى:

— شۇنداق ... پۇتۇمنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلغان، يوتقانغا سوغۇق كىرىپ كېتىشتىن ئەنسىرىدىم، — دېدى ئەر.

— راست، مېنىڭ پۇتۇممۇ ئۇيۇشۇپ كەتكەندى. چىداپ مىدىرلاتمىدىم، — دېدى ئايال.

ئىنتايىن ئاددىي بۇ گەپلەردىن يۈرىكىم بىر پەس جىغىلداپ كەتتى: ئۇ ئىككىسى ئاشۇ ئازراق ئورتاق ئىللىقلىقنى قوغداش ئۈچۈن غايەت زور ئازابقا بەرداشلىق بەرگەندى.



مۇھەببەتنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسىنى ئۆمۈر مەنزىللىرى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

# تېلېفوندا قىلىشقان ۋەدە

جاك جىك

ئۈچ يىل ئاۋۋال خىزمىتىمدىن ئىستېپا بېرىپ ياتلىق بولدۇم، مېنى ئوتتۇز يىل باققان ۋە ماڭا كۆيۈنگەن ئاتامدىن ئايرىلدىم. پويىزدا كېتىۋېتىپ قىرىق سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاتامدىن تېلېفون كەلسىلا يىغلاپ كېتەتتىم. ئىككى كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا ئاتامدىن ئون ئىككى قېتىم تېلېفون كەلدى. ئۇ ھەر قېتىم تېلېفوندا مەندىن:

«ئورنۇڭدىن تۇردۇڭمۇ، تاماق يېدىڭمۇ، نەگە كەلدىڭ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى. ھەر قېتىم تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلايتتىم. بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاتامغا خەت يازدىم. خېتىم سېغىنىش بىلەن تولغانىدى. ئاخىر ئاتام ماڭا ئەمدى خەت يازماسلىقنى، تېلېفون بېرىشىمنى، تېلېفوندا سۆزلەشكەندە كۆڭلىنىڭ ئانچە بەك يېرىم بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن ئاپامدىن بەك كىچىك ئايرىلىپ كەتكەنىدىم، ئاتام مېنى ئۆز قولى بىلەن چوڭ قىلغانىدى. چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم، بۇنىڭغا چىدىيالماي قالدىم. بېيجىڭدا تۇرمۇشۇم يامان ئەمەس ئۆتۈۋاتاتتى. بىر مەزگىل ئېرىم كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالدىم، ئاتام ھەر كۈنى تېلېفون بېرىپ مەندىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇراتتى. ئۆيۈم بىلەن ئىدارەمنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ئىدى، ئىشقا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئاتامغا:

— ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا مېنى ئويغىتىپ قويالامسەن؟ تېلېفون ئۈچ قېتىم جىرىڭلىغاندىن كېيىن، تېلېفوننى قويۇۋەتسەڭ بولىدۇ، — دېدىم.

شۇنداق دەپ بولۇپ پۇشايمان قىلدىم. ئاتام تۇرۇۋاتقان شەھەردە سائەت ئالتە يېرىمدا تاڭ ئاتمايتتى. مېنى ئويغىتىپ قويىمەن دەپ ئاتام ياخشى ئارام ئالالمايدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى ئەتىگەن

سائەت ئالتە يېرىمدا تېلېفون دەل ۋاقتىدا جىرىڭلاپ كېتىدىغان بولدى. ئاتامنى ئاۋارە قىلماسلىق ئۈچۈن قوڭغۇراقلىق سائەت ئالدىم ـ دە، ئاتامغا مېنى ئەمدى ئويغىتىپ قويماسلىقنى ئېيتتىم. لېكىن ئەتىسى سائەت ئالتە يېرىمدا تېلېفون يەنە جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفون ئىككى قېتىم جىرىڭلا ـ جىرىڭلىماستىن تېلېفوننى ئالدىم. ئاتام:

— تېلېفون ئۇرماي دېگەنىدىم، بىراق چىدىمىدىم. تېلېفون بەرسەم گەر-چە سەن ئالمىساڭمۇ، لېكىن ئورنۇڭدىن تۇرغانلىقىڭنى بىلىمەن، سېنى يېنىم-دا تۇرغاندەك ھېس قىلىدىكەنمەن، — دېدى. شۇ چاغدا كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم. مەن ئاتامغا:

— ئاتا، تېلېفون ئۇرۇۋەر، قوڭغۇراقلىق سائەتنى ئىشلەتمەيمەن، — دېدىم.

كېيىن، نەچچە قېتىم ئۆي كۆچتۇم. ھەر قېتىم ئۆي كۆچكەندە، ئەڭ ئاۋۋال تېلېفون نومۇرۇمنى ئاتامغا دەپ بېرەتتىم. بۇ مەزگىللەردە ئاتاممۇ تولا سەپەرگە چىقتى. بىراق ئاتام نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېلېفوندا قىلىشقان ۋەدىمىزنى بىرەر قېتىممۇ ئۇنتۇپ قېلىپ باقمىدى.



قىلچە ئىككىلەنمەي يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ بېرىپ ساڭا
ئىشىك ئاچقان ئادەمگە مېھرىڭنى بەر، ساڭا تامادىن خالىي،
ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەمگە مېھرىڭنى بەر.

# ئانا — پەرىشتە

سى جۈن

مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغان ئىدىم.

بۇرۇن بىر ياش بالا ئۆتكەن ئىكەن. ئانىسى ئىككىسى بىر - بىرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلىرى تولىمۇ غورىگىل ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ياش بالا تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى تۈپەيلى ئەۋلىيالار-دىن مەدەت تىلەش ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن تامام قول ئۈزۈپ كۈن بويى نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم نەسىھەت قىپتۇ. ئوغلى ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئانىسىنى ئەۋلىيا بولۇش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭ ئورنى-دا كۆرۈپ دىلىغا ئازار بېرىپتۇ.

بىر كۈنى، ياش بالا بىرىدىن ناھايىتى يىراق بىر تاغدا ئەلنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان بىر مۆتىۋەر راھىبنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ مۆتىۋەر راھىبقا غايىبانە ئىخلاسى قوزغىلىپ، ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ ئەۋلىيا بولۇش كويىدا، شۇ مۆتىۋەر راھىبنىڭ يېنىغا بارماقچى بوپتۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ توسۇشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئۆيىدىن خۇپىيانە چىقىپ كېتىپتۇ.

ياش بالا تاغ - داۋان ئېشىپ، نۇرغۇنلىغان رىيازەت چېكىپ، ئاخىر ھېلىقى مۆتىۋەر راھىبنى تېپىپتۇ. مۆتىۋەر راھىب ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. داستىخان ئۈستىدە مۆتىۋەر راھىب ياش بالىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ياش بالا ئۇنىڭدىن بۇددا ئەقىدىسىنى سورىغاندا، مۆتىۋەر راھىب ياش بالىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەۋلىيا بولىمەن دېسەڭ ساڭا بىر يول كۆرسىتەي. غىزادىن كېيىن، دەرھال تاغدىن چۈشۈپ ئۆيۈڭگە قايت. يولدا قونالغۇغا چۈشكەن چېغىڭدا

كىمكى ساڭا يالاڭ ئاياغ ئىشىك ئېچىپ بەرسە، سەن ئۆزۈڭ ئىزدىگەن پەرىشتىنى تاپقان بولىسەن. شۇ كىشىگە ئىخلاس قىلساڭ، ئۇنى ئۇستاز تۇتساڭ، ئەۋلىيا بولۇش سەن ئۈچۈن قانچىلىك ئىش ئىدى؟ — دەپتۇ.

ياش بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالتىس خۇش بوپتۇ. مۆتىۋەر راھىبقا ئارقا - ئارقىدىن باش ئۇرۇپ، شۇ ھامان تاغدىن چۈشۈپتۇ.

بىرىنچى كۈنى، ئۇ بىر دېھقانىنىڭكىدە قونۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆينىڭ ئىگىسى — بىر ئەر كىشى ئىشىك ئېچىپ بەرگەنىكەن. ئۇ سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ ئەر كىشى يالاڭ ئاياغ ئەمەس ئىكەن.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ بىر شەھەرلىك دۆلەتمەن كىشىنىڭكىدە قونۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بەرگەن دۆلەتمەن كىشىنىڭ پۇتىدا ئاياغ بار ئىكەن. ياش بالا مەيۇسلىنىپتۇ.

ئۈچىنچى، تۆتىنچى كۈنلىرى ... ئۇ يول بويى كۆپ كىشىلەرنىڭكىدە قونۇپتۇ. لېكىن مۆتىۋەر راھىب دېگەن يالاڭ ئاياغ ئىشىك ئاچقان كىشىنى يولۇقتۇرماپتۇ. ئۇ مۆتىۋەر راھىبنىڭ گېپىدىن گۇمانلىنىپتۇ. ياش بالا ئۆيىگە يېقىن قالغاندا، پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. زاۋال بولغاندا، ئۇ ھېچكىمنىڭ ئىشىكىنى قاقماي ئۆيىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن كېچىدە يول يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تۈن يېرىمى مەھەلدە يېتىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئارانلا تىرىقلىتىپتۇ. ئۆيدىن ئانىسىنىڭ:

— كىم؟ — دېگەن ئەندىشىلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— مەن، ئوغلۇڭ، — دەپتۇ ياش بالا چۈشكۈن ھالدا.


ئىشىك ناھايىتى تېز ئېچىلىپ، غەمكىن ئانا ئوغلىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغان پېتى ئۆيگە باشلاپتۇ. ئانا چىراغ يورۇقىدا يىغلاپ تۇرۇپ بالىسىنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ قاراپتۇ. شۇ چاغدا، ياش بالا ئانىسىنىڭ يالاڭ ئاياغ مۇزدەك يەرنى دەسسەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ دەرھال مۆتىۋەر راھىبنىڭ گېپىنى ئەسلەپ كۆڭلى شۇئان «ۋاللىدە» يورۇپ كېتىپتۇ - دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن پېتى ئانىسىنىڭ ئالدىدا «شاققىدە» تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

مەن مۇشۇ ھېكايىنى ئوقۇۋېتىپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز «جىغ» قىلىپ كەتتى. ئانا ھەربىرىمىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇلۇغ. ھەرقانداق ئىشنى ئۆزۈڭ قول

سېلىپ ئىشلىمىسەڭ، سەن قانداقمۇ ئەۋلىيا بولالايسەن؟ بىر ئىشتىن رايىڭ قايتقاندا، قايغۇ - كۈلپەتكە مۇپتىلا بولغىنىڭدا ھەتتا قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن چېغىڭدا، ئاناڭنىڭ يېنىڭدا تۇرغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇما. گەرچە ئۇ ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ھىمايىچىسىز قالغان چېغىڭدا، ئۆزى-نىڭ باھار ئاپتىپى كەبى تەبەسسۇمى بىلەن مەنزىلىڭنى يورۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەندە ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىد كۆكلەيدۇ. سەن مەيلى قانچىلىك پىقىر ياكى تەتۈر پېشانە بولۇپ كەت، ئانا سېنىڭ پاناھلىنىدىغان مەڭگۈلۈك پاناھگا-ھىڭ. ئۇ ساڭا كۆيۈنىدۇ ھەم ساڭا ھامىي بولىدۇ. سېنى ئەينەكتەك تىنچ دېڭىزغا چىقىرىپ قويىدۇ. ئانا ساڭا ھېلىقى ئانىدەك يالاڭ ئاياغ ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. ئانا قارنى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ سېنىڭ بارلىق سەۋەنلىكلىرىڭنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ.

بىز ھالىدىن خەۋەر ئالمىز دەپ جاپا تارتىپ ئىزدەپ يۈرگەن بۇددا، مانا شۇ ئانا. شۇنى ئويلاپ يەتتىڭىزمۇ؟



كېيىن، كۆزلىرىمنى ياشلاپ تۇرۇپ شۇنى چۈشەندىم. كى، بەزىلەرگە پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە، كەلمەيدىكەن.

## قىرىق توققۇز تال قىزىل ئەتىرگۇل

يى مىڭ

زو بىڭنىڭ ئاتىسى جىڭ شاۋرېن جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى ئەل ئارىسىدا سودا قىلىدىغان گۇاڭدۇڭلۇق ئىدى، ئانىسى يۇجىزى ئاتىسىنىڭ ياپونىيىدە ئالغان خوتۇنى ئىدى.

زو بىڭ جۇڭگولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ھە دېسىلا ساۋاقداشلىرىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قورقمايتتى. بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغاندا، تەلۋىلەرچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بارا ـ بارا نام قازاندى. بىر قېتىم جيادەي ئۇنى مەكتەپ ئالدىدا توختىتىپ:

— دەرستىن چۈشكەندە بىللە قايتساق بولامدۇ؟ جىمجىت يولدا يالغۇز ماڭسام سەل قورقىدىكەنمەن، ماڭا ياردەم بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى.

زو بىڭ ماقۇل بولدى.

زو بىڭ ھەر كۈنى ئەتىگىنى پورتقا كەلگەندە، جيادەينىڭ گىلاس دەرىخى تۈۋىدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. جيادەي زوبىڭنى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ، بىلىنە ـ بىلىنمەس ئېگىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى. زو بىڭ يامغۇر ياغقان كۈنلەرنى بەك ياخشى كۆرەتتى. يامغۇرلۇق كۈنلەردە جيادەي ياغاچ ئاياغ كىيەتتى. زو بىڭنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان جيادەينىڭ ياغاچ ئايىغى رىتىملىق پاقىلدايتتى. قاتتىقراق يامغۇر ياغقان كۈنلىرى جيادەي پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ زو بىڭنىڭ كەينىدە كۈنلۈك تۇتۇپ ماڭاتتى. زو بىڭ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ياقتۇراتتى.

بىر يىلى مىلاد بايرىمى كۈنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى كەچلىك ئىبادەتكە تەشكىللىدى. ساۋاقداشلارنىڭ مەكتەپ فورمىسىدىن باشقا كىيىم كىيىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. دوقمۇشقا چىققان زو بىڭنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتتى:

گىلاس دەرىخى تۈۋىدە تۇرغان جىيادەي تېگى ئاق ھەم سۇس نورۇز گۈللۈك خېفۇ كىيگەن، دۇمبىسىگە ئاق مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەن تېگى قىزىل بوپا تېڭىۋالغان، قولىدا ماي قەغەزدىن ياسالغان قىزىل كۇنلۇك بار ئىدى. زو بىلىڭ جىيادەينىڭ شۇقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم ھېس قىلدى، ئۇ نېمىشقىدۇر ھودۇقۇپ دەرھال قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى.

1936 - يىلى يىل ئاخىرى، جۇڭگولۇقلار تۇركۇملەپ ۋەتەنگە قايتىشقا باشلىدى. ئادەم قايىنىغان پورتتا، ئاتىسىنىڭ غوجىدارىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان زو بىلىڭ ئۆزىنى بىر تامچە سۇدەك سەزدى. پاراخوت قوزغىلىدىغان چاغدا، جىيادەي تۇيۇقسىز ئېسەدەپ يىغلىغان پېتى پاراخوت بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ زو بىڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— لېكىن، جىڭجۇن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، —

دېگەن بىر ئېغىز گەپنىلا قىلالىدى. زو بىلىڭ شۇ دەقىقىدە، جىيادەينىڭ ياغاچ ئايىغىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا چەكسىز ھەسرەت بىلەن:

— لېكىن، جىڭجۇن، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، —

دېگەن گەپنى تەكرارلاپ پاقىلداۋاتقاندەك ھالىڭ - تالىڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، زو بىلىڭ جىيادەينىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ غەيرەت قىلغانلىقىنى پەملىدى.

شۇ ئىشقا قىرىق توققۇز يىل بولغانىدى. زو بىلىڭ ۋەتىنىدە زامانداشلىرى بىلەن بىللە تالاي قايغۇ ۋە شادلىققا تولغان كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، بۇ قېقىلىشلاردىن ئاغرىنىشنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بەزى تۇرۇپلا بىر ئاۋاز پەيدا بولاتتى، لېكىن بۇنىڭ قانداق ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ياشىنىپ قالغانىدى.

1985 - يىلى، ئۇ مۈلۈك ھوقۇقى مەسىلىسى بىلەن بىر قېتىم ياپونىيىگە باردى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆرگىلى مېھمانخانىغا كەلدى. ئۇلار ئۇزايدىغان چاغدا ئۇنىڭغا جىيادەينىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاللىسىنى چىرماپ كەلگەن ھېلىقى ئاۋازنىڭ ئەسلىدە جىيادەينىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئىچكى ھاياجانىنىڭ كۈچى بىلەن جىيادەينىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلدى. بۇنداق ھاياجان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

ئۇلار تېلېفوندا ئادەتتىكىدەكلا سۆزلەشتى، چۆچۈپ ۋارقىراپ كېتىشمە-
دى، كۆز يېشى قىلىشمىدى، پۇشايمان قىلىشمىدى. زو بىلىڭ جيادەينى چاي
ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ:
— مەن كەلدىم، چايغا تەكلىپ قىلىمەن، چايخانىدا كۆرۈشەيلى، —
دېدى.
ئۇ خۇددى تونۇگۇن ئايرىلغاندەك:
— چايخانىدا چاي ئىچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. قەلبىمدىكى ئوبرازىڭىز-
نىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مېنى گىلاس دەرىخى تۈۋىدە ساقلاڭ.
مەن يېنىڭىزدىن ئۆتىمەن، ماڭا تونۇشلۇق بەرمەڭ ...— دېدى. زو بىلىڭ ماقۇل
بولدى. ئۇلار — يەتمىشكە يېقىنلاشقان بوۋاي بىلەن موماي تېلېفوندا ئادەتتىكى-
دەك ۋەدىلىشىپ بىر - بىرىگە:
— خەير خوش، ئۇ دۇنيادا ئۇچرىشايلى، ئۇ دۇنيادا ئۇچرىشايلى، —
دېيىشتى.
گىلاس چېچەكلىرى تۆكۈلىدىغان مەزگىل ئىدى، يوكوخامادىكى قەدىمىي
بىر تۈپ گىلاس دەرىخى تۈۋىدە بىر بوۋاي تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئارىيەتكە
ئالغان قارا تويلۇق مۇراسىم كىيىمى كىيگەنىدى. قولىدا قىرىق توققۇز تال
چوغدەك قىزىل ئەتىرگۇل بار ئىدى. كۆڭۈلدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئاشۇ
ئىشقا دەل قىرىق توققۇز يىل بولغانىدى. بوۋاي دەرەختىن تۆكۈلۈۋاتقان
چېچەكلەر ئارىسىدا تۇرۇپ ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر مومايغا قىزىل ئەتىرگۇل-
دىن بىر تال بېرىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن «رەھمەت سىزگە» دەيتتى. قىرىق
توققۇز تال قىزىل ئەتىرگۇلنىڭ بىر تېلى ھەرھالدا ئۇنىڭغا مەنسۇپ. ئۇ ھازىر
مەيلى ئورۇق ياكى سېمىز بولسۇن، بالىلىق ھەم نەۋرىلىك ياكى غېرىب -
مىسكىن بولسۇن، مەيلى كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان ياكى چىرايىدىن
كۈلكە يېغىپ تۇرسۇن، بىر تال گۈل ئۇنىڭغا مەنسۇپ. بوۋاي ۋەدىسىگە ئەمەل
قىلىپ، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بەرمەي، قولىدىكى گۈللەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن
تارقاتتى. جيادەينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنى تونۇۋالىدىغانلىقى،
يېرىم ئەسىر كېچىكىپ ئالغان ئەتىرگۇلنى ئەمدى ئالىدىغانلىقى، ئۇ ئالەمدە،
مۇشۇ بىر تال ئەتىرگۇل ئارقىلىق بىر - بىرىگە تونۇشلۇق بېرىدىغانلىقى،
جەزمەن شۇنداق بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

مۇھەببەت، ئۇ باش باھاردا دەريا بويىدا كۆكلىگەن يېشىل مايسىغا، مۇھەببەت، ئۇ گۇگۇم مەھەلدە ئاسمان بوشلۇقىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئاق قۇغا، مۇھەببەت، ئۇ شايى پەردىدەك نېپىز تۇمانغا ئورالغان ھويلىغا ئوخشايدۇ.

## مۇھەببەتنىڭ ۋەزنى مۆلچەرلىگۈسىز

يى مىڭ

مەن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، بۇ ئىنتايىن تەسىرلىك ھەم كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھېكايە.

بىر ھىندى مۇرىتى تاۋاپ قىلغىلى ھىمالايا تېغىدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ يولىدا يول يۈرمەكمۇ بىر جاپا ئىكەن. ئۇ گەرچە ئازغىنە يۈك - تاق ئېلىۋالغان بولسىمۇ، يۈك - تاق بىلەن يول يۈرۈش ئۇنىڭغا يەنىلا ئېغىر كەپتۇ. ئۇ ئالدى تەرەپتە سېمىز بىر بالىنى ھاپاشلاپ، قەدەملىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاقنى كۆرۈپ قاپتۇ.

چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن پېتى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقان قىزچاق دۈمبىسىدىكى بالىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىكەن.

ھىندى مۇرىتى قىزچاقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خەيرخاھلىق قىلغان ھالدا:

— بالام، سەن جەزمەن بەك ھېرىپ كەتتىڭ، تاشتەك ئېغىر بالىنى ھاپاش قىلىۋاپسەن! — دەپتۇ.


بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزچاق خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا:

— مۇرەڭدىكى يۈك - تاق ساڭا ئېغىر تۇيۇلغىنى بىلەن مەن ھاپاش قىلىۋالغان بالا ماڭا ئېغىر تۇيۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئۇكام، — دەپتۇ.

توغرا، گىرگە سالغاندا، مەيلى قىزچاقنىڭ ئۇكىسى ياكى ھىندى مۇرىتىنىڭ يۈك - تاقىسى بولسۇن، پەرق يوق، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقى بار. ئەمما چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرگەندە، ھېلىقى قىزچاقنىڭ دېگىنى توغرا، ئۇ ئۇكىسىنى ھاپاش قىلغان، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلىنمەيدۇ.

لېكىن يۈك ـ تاقىنىڭ ئېغىرلىقى بىلىنىدۇ. قىزچاق ئۆز ئۈكىسىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ.


مۇھەببەتنىڭ ئېغىرلىقى يوق، ئۇ يۈك ـ تاق ئەمەس، ئۇ خۇشاللىق ئىلكىدە غەمخورلۇق قىلىش ۋە خالىس تۆلەنگەن بەدەل دېمەكتۇر.



# قەدىمىي ئەنجۈر دەرىخىنىڭ بايانى

قەدىمىي ئەنجۈر دەرىخى يۈكسەكلىككە، شېئىرىي پۇراققا ۋە ئۈمىدكە تولغان دەرەخ.

مەكتەپ هويلىسىدىكى ئاشۇ بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى گەرچە قەدىمىي بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرىدىغان خىسلىتىنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ تۈۋى بەزىدە بىزنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغان ماكانىمىز، بەزىدە قىيغىتىپ ئوينايدىغان سەينايد-ىمىز، بەزىدە قەدىم ۋە بۈگۈن توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىشىدىغان سورۇ-نىمىز ۋە بەزىدە رولغا چىقىدىغان سەھنىمىز بولغان ... بۇ يەرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بىزگە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەر قالغان بۇ ھېكايىلەر ۋاقىتنىڭ ئېقىنلىرىدا بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئەڭ يېقىملىق كۈيلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.



بۇ قىستۇرما كۆيندىكى ۋەزنىنى كۆڭۈل قويۇپ ئالدىرىماي دەڭسەڭ. بۇ قىستۇرما كۆيگە يوشۇرۇنغان چوڭقۇر مەنىلەرنى ئاندىن چۈشىنەلەيسىز.

# قىرىق بەش تال لېپاپ

گۈەن چېڭيەن

ئەتىگەن، بىرىنچى سائەتلىك دەرسنىڭ تەييارلىق قوڭغۇرىقى چېلىندى. سىنىپ مۇدىرى جاڭ مۇئەللىم ئىشخانىدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئىشىك جىددىي چېكىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىق (1) سىنىپ ئوقۇغۇچىسى لىن ليەن ئۆكسۈلى يوق ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ جاڭ مۇئەللىمگە:

— مۇئەللىم، مېنىڭ يۈز يۈەن پۇلۇم يوقىلىپ كەتتى، ئاتام ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇشۇم ئۈچۈن مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرۈپ تاپقان پۇل ئىدى، — دېدى.

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشخانىغا كىرگەن ليۇ شۋاڭمۇ جىددىيلەشكەن تەرزدە:

— لىن ليەن ياتاق بىلەن سىنىپتا بولدى، پۇلنى چوقۇم سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ بىرى ئېلىۋالدى، — دېدى. لىن ليەن جىلە بولۇپ يىغلاپ تاشلىدى.

جاڭ مۇئەللىم لىن ليەنگە تەسەللى بەرگەچ ئۇلار بىلەن بىللە سىنىپقا كىردى. جاڭ مۇئەللىم تەبەسسۇم بىلەن ساۋاقداشلارغا قاراپ:

— ساۋاقداشلار، ساۋاقداش لىن ليەننىڭ يۈز يۈەن پۇلى يوقىلىپ كەتتى. ئاپىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، بۇ يۈز يۈەن پۇلنى لىن ليەننىڭ ئاتىسى مەدىكارچىلىق قىلىپ مىڭ بىر جاپا - مۇشەققەتتە تاپقان پۇل ئىدى. مەن بىلىمەن، شۇ تاپتا پۇلنى تېپىۋالغان ساۋاقداش پۇلنى چوقۇم ئىگىسىگە تاپشۇ-رۇشنى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ. كىم پۇل تېپىۋالغان بولسا، شۇ قول كۆتۈرسۇن، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

سىنىپنىڭ ئىچى شۇئان قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى. بەزىلەر، لىن ليەننىڭ ئائىلىسى شۇنچىلىك قىيىنچىلىقتا قاپتۇ، پۇلنى كىم تېپىۋالغان

بولسا، شۇ قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ـ دە، دېيىشتى: بەزىلەر، ئوغرى ئېلىۋالغان بولسا، پۇل ئىگىسىگە قايتمايدۇ! دېيىشتى. ئوغرى دېگەن گەپ تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، كەيپىيات شۇ هامان جىددىي تۈس ئالدى. جاڭ مۇئەللىم سىنىپقا تەكشى بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— پۇلنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى ـ دە، دەرسنى باشلىدى.

لېكىن ئۈچىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتى بولغۇچە، يەنىلا جىم، لىن ليەن هېچقانداق ئۈمىد يوقلۇقىنى كۆرۈپ جىلە بولۇپ يەنە يىغلاپ كەتتى. پارتىدىشى ليۇ شۇاڭ ئاچچىقىغا پايلىماي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نېمىشقا پۇلنى تېپىۋالغان كىشى پۇلنى هازىرغىچە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ؟ بۇ دېگەن ئوغرىلىق، بۇ پۇلنى تېپىۋالغانلىق ئەمەس، تېپىۋېلىنغان پۇل ئالالىقاچان ئىگىسىگە قايتقان بولاتتى! ئوغرى دېگەن هەقىقەتەن پەس بولىدىكەن، مەن بىلىپ قالسام، ئۇنى ئۇرۇپ يىسماق قىلىۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. سىنىپتا بىر پەس غەليان كۆتۈرۈلدى، لېكىن پۇلنى تاپشۇرىدىغانلار چىقمىدى.

چۈشتە، ليۇ شۇاڭ جاڭ مۇئەللىمنى تېپىپ ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ:

— جاڭ مۇئەللىم، سىنىپتا تىنتىش ئېلىپ بارغىنىمىز تۈزۈكمىكىن! — دېدى.

جاڭ مۇئەللىم باشتا هاڭ ـ تاڭ بولدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— مۇنداق قىلايلى، سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار، بۇ ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي! — دېدى.

چۈشتىن كېيىنكى دەرس باشلىنىش بىلەنلا جاڭ مۇئەللىم بۇرۇنقىغا ئوخشاش مۇنبەرگە چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا بىر قارا سومكا بار ئىدى. ئۇ سىنىپتىكى ساۋاقداشلارغا خاتىرجەم هالدا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ئاندىن سومكىدىن بىر باغلام لېپاپىنى ئالدى ـ دە:

— لىن ليەننىڭ يۈز يۈەن پۇلىنى تېپىۋالغان ساۋاقداش پۇلنى لىن ليەنگە قايتۇرۇپ بېرىشكە شۈنچىلىك ئىنتىزار. لېكىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئوغرى دەپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن هەربىرىڭلارغا بىردىن لېپاپ تارقىتىمەن. لېپاپنى ئەتە ئەتىگەندە ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسىلەر، ئىسمىڭلارنى يازماڭلار، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ مەنمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش لېپاپتىن

بىرنى ئالدىم. بۇ ئىشنى ھەممىمىز بىرلىكتە قىلايلى! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ مۇئەللىم ھەربىر ساۋاقداشقا بىردىن لېپاپ تارقاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مۇئەللىم سىنىپقا كىرگەن چاغدا، قىرىق بەش تال لېپاپ مۇنبەردە رەتلىك تۇراتتى. بىرنەچچە لېپاپقا پۇل سېلىنغانىدى! بۇ ھېچكىم ئويلىمىغان ئىش ئىدى. ئىككى لېپاپقا يۈز يۈەندىن ئىككى يۈز يۈەن، قالغانلىرىغا ئەللىك يۈەن، ئوتتۇز يۈەندىن پۇل سېلىنغانىدى. جەمئىي پۇل بەش يۈز يۈەن ئىدى.

جاڭ مۇئەللىم كۈلدى، ئۇ:

— يۈز يۈەننى لىن لىيەنگە بېرىپ، قالغان تۆت يۈز يۈەننى قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن ياردەم قىلايلى، قوشۇلامسىلەر؟ — دەپ تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن قوشۇلدى، بۇ ئىش مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى، لىن لىيەنمۇ يىغىدىن توختاپ كۈلۈۋەتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ھەقىقەتەنمۇ تېز ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچىنچى يىللىقلارنىڭ ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرىسىدا، مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. جاڭ مۇئەللىم بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. جاڭ مۇئەللىم بۇ خەتنى كۆرۈپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ خېلى بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سىنىپ يىغىنى ئېچىش قارارىغا كەلدى.

سىنىپ يىغىنىدا جاڭ مۇئەللىم:

— ساۋاقداشلار، بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا پەقەت بىرلا مەزمۇن بار. ئۇ بولسىمۇ ماۋۇ خەتنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىش، — دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا سەل ھاياجانلىنىش بار ئىدى.

جاڭ مۇئەللىم شۇنداق دەپ قولىدىكى خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

ھۆرمەتلىك جاڭ مۇئەللىم، مەن ئۆتكەن يىل لىن لىيەننىڭ يۈز يۈەن پۇلىنى تېپىۋالغان ئوقۇغۇچى بولىمەن. شۇ كۈنى، مەن سىنىپنىڭ ئالدىدىن يۈز يۈەن پۇل تېپىۋالغانىدىم. سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم، دەرس ۋاقتى بولۇپ قالدى، پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن ساۋاقداشلارنىڭ ئارىسىدا لىن لىيەننىڭ پۇلىنى بىرى ئوغرىلىۋاپتۇ دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى! يانچۇقتىن پۇلنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. كېيىن سىز ھەربىرىمىزگە


بىردىن لېپاپ تارقاتتىڭىز. مەن پۇلنى لېپاپقا سېلىپ قويدۇم. گەرچە پۇلنى قايتۇرغان بولسامۇ، بىراق تاكى هازىرغىچە چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مۇئەللىم، ماڭا ئىشىنىڭ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ياخشى بالا!»

جاڭ مۇئەللىم خەتنى ئوقۇپ بولدى، سىنىپتا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى، سان - ساناقسىز چاقنىغان كۆزلەر جاڭ مۇئەللىمگە تىكىلگەنىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر ساۋاقداش ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن كېيىن قالغان ساۋاقداشلارمۇ بىراقلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كىمدۇر بىرى:

— مۇئەللىم، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز هەممىمىز ياخشى بالا! — دېدى. بۇ گەپ گويا هەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئورتاق گېپىگە ئايلاندى:

— مۇئەللىم، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز هەممىمىز ياخشى بالا!

جاڭ مۇئەللىم كۆز ئالدىدىكى سەممىمىي هەم ئوماق ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى …



بىر ئادەم يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك تۆھپىلەرنى يارىتىپ ئۇلۇغلىنىشقا، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جې-نىنى پىدا قىلىپ، بەدىنىدىكى گۆشنى كېسىپ بۆركۈت بېقىپ پەزىلەت ئىگىسى دېگەن نامنى ئېلىشقا موھتاج ئە-مەس. ئاددىي قەلب بىلەن باشقىلارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان، ئازابىغا شىپا بولسا، شۇ كۇپايە ...

# يېرىم كىشىلىك چۆشلۈك تاماق

جاۋ شاۋبو

لىۇ يالى نامرات تاغلىق كەنتتىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئائىلىسى بەكمۇ كەمبەغەل، ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭ ھەر ئايلىق ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتىگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇ پۇلنى قىسىپ ئىشلىتەتتى، ئىقتىساد قىلىش ئىمكانىيىتى بولسىلا ئىقتىساد قىلاتتى.

بىر كۈنى چۈشتە، لىۇ يالى ئاشخانىنى تاقايدىغان چاغدا سۆرىلىپ تاماق ئالغىلى ئاشخانىغا كەلدى.

— ئۇستام، ماڭا يېرىم كىشىلىك تاماق بېرىڭ، — دېدى ئۇ ئاشپەزگە.

— نېمە، يېرىم كىشىلىك تاماق؟ بىر كىشىلىك ئېلىڭ، بولمىسا ئال-ماڭ، يېرىم كىشىلىك تاماقنى قانداق بېرىمەن؟ كېچىكىپ كېلىپ دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ! — سېمىز ئاشپەز ئۇستام شۇنداق دەپ چۆمۈچنى پەتنۇسقا چۆرۈپ تاشلىدى.

ئەسلىدىمۇ خىجىل بولۇپ تۇرغان لىۇ يالى بۇ گەپنى تولىمۇ تەستە دېگەنىدى، سېمىز ئاشپەز ئۇستامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

— قىزچاق، توختاپ تۇرۇڭ، تاماقنى مەندىن ئېلىڭ، — دېدى بىرى ئۇنىڭغا.

يان تەرەپتىكى كۆزنەكتە قاپقارا ھەم ئورۇق بىر ياش ئاشپەز ئۇستام ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. لىۇ يالى قورسىقى ئېچىپ كەتكەچكە، سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، شۇ كۆزنەككە قاراپ ماڭدى.

— جۇ خۇن، سەن يېڭى كەلگەن ۋاقىتلىق ئىشچى جۇمۇ، قائىدىلىكرەك

بول، — دېدى سېمىز ئاشپەز ئۇستام تېرىكىپ. جۇ خۇن كولۇپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ۋۇ ئۇستام، قىزلارنىڭ ھەممىسى زىلۋالىقنى ساقلاپ قېلىشقا ئامراق، بۇ قىزنى ئاچ قويساق بولماس، يېرىم كىشىلىك ئالىمەن، دېسە بەرگۈلۈك، بۇگۈن سىلى بالدۇرراق كەتسىلە، قالغان ئىشلارغا مەن بار، — دېدى.

سېمىز ئاشپەز ئۇستام كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. جۇ خۇن قاچىغا «غاچچىدە» تاماق ئۇسۇپ، ئاغزىنى يېپىپ ليۇ يالىغا بەردى ۋە:

— قىزچاق، زىلۋالىقىڭىزنى ساقلاپ قالىمەن دېسىڭىز، مۇشۇ كۆزنەككە كېلىڭ، — دېدى. ليۇ يالى نېمە دېيىشىنى بىلمەي بېشىنى سالغىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ليۇ يالىنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام بولدى، ئۇلار زىلۋالىقنىلا ئويلايدۇ، تاغلىق قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىقىنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ قاچىسىدىكى تاماقنىڭ يېرىم كىشىلىك ئىكەنلىكىنى ساۋاقداشلىرىغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ قورسىقىنى سەل ئەستەرلەش ئويىدا يوغان بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىۋەتتى. ئۇ قاچىسىنى ئېچىپ ھەيران بولدى، قاچىسىدا يېرىم كىشىلىك ئەمەس، بەلكى بىر كىشىلىك تاماق تۇراتتى! ئۇ بىردەم تېڭىرقاپ، ئاندىن چۈشەندى، ئۇ جۇ خۇننى خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى. جۇ خۇن ئاشۇنداق دەپ سېمىز ئاشپەز ئۇستام ئالدىدا ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. كۆزلىرىدە باياتىنقى ئۇياتتىن لىغىرلاپ تۇرغان ياش ئەمدى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

شۇندىن تارتىپ، ليۇ يالى ھەر كۈنى چۈشتە ئاشخانىدا ئادەم قالمىغان چاغدا، جۇ خۇڭ تۇرغان كۆزنەكتىن تاماق ئالىدىغان بولدى، ئۇ ھەمىشە يېرىم كىشىلىك تاماق پۇلىغا بىر كىشىلىك تاماق ئالاتتى. ئۇلار بۇنى ئۆز ئىچىدە بىلىشەتتى.

بۇ مەخپىيەتلىك ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى. بۇ سىرنى يەنىلا ئۇنىڭ ياتاقداشلىرى بىلىپ قالدى. بەيلەن ئىسىملىك بىر قىز ساۋاقدىشى بىر كۈنى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— ئۇنىڭ ساڭا شۇنداقراق بىر يېرى بار، — دېدى. ليۇ يالى «شاپپىدە» قىزىرىپ، ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى ئاقلاپ:

— ئۇنداق دېمە، جۇ ئۇستام ياخشى ئادەم، قالايمىقان جۆيلۈمە! — دېدى، ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ئىچىدە غۇدۇراپ كەتتى. كونىلاردا: «دۇنيادا بىكارلىق چۈشلۈك غىزا يوق» دەيدىغان گەپ بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياتاقداشلىرى-مۇ: «شۇنداقراق بىر يېرى بولمىسا، ئۇ ساڭا شۇنچىلىك قىلىپ كېتەرمىدى؟» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

مۇشۇنداق ئوي پەيدا بولغاندىن ئېتىبارەن، ليۇ يالى جۇ خۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى، بىر بولسا تاماقنى باشقا كۆزنەكتىن ئالاتتى، بىر بولسا ئاچ قالاتتى. لېكىن بۇ ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى، ليۇ يالى كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ جۇ خۇننىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ ليۇ يالىنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. جۇ خۇن ليۇ يالىنىڭ كۇتۇپخانىدىن چىققانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە توغرىدىن - توغرا:

— ليۇ يالى، نېمىشقا مېنىڭ كۆزنىكىمدىن تاماق ئالمايسىز؟ — دەپ سورىدى.

ليۇ يالى ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇ كۆڭلىدە: ئۇ ئەجەب مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ بىلىدىكەن، قارىغاندا بەيلەننىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئويلىغانلىرىنى پۈرتىپ جۇ خۇندىن:

— نېمىشقا جەزمەن سېنىڭ كۆزنىكىڭدىن تاماق ئالىدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدى. جۇ خۇن باشتا ھاڭۋېقىپ قالدى، ئاندىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ليۇ يالى ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك سېزىپ، ئاچچىقىدا كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشەلدى، جۇ خۇننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، قولىغا بىر لېپاپىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلىمىغانىدى. دەل مۇشۇ چاغدا كۇتۇپخانىدىن چىققان بەيلەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شۇئان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ليۇ يالىنى بىر ياققا تارتىپ، جۇ خۇنغا قاراپ:

— نېمە، مۇھەببەت خېتى بەرمەكچىمىدىڭ؟ — دەپ توۋلىدى.

ليۇ يالى بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇ خۇن بەرگەن لېپاپىنى تاشلىۋەتتى، لېپاپتىن يەرگە بىرنەچچە تال تاماق بېلەتتى چېچىلدى. جۇ خەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ شەلپەردەك قىزىرىپ يەردە چېچىلىپ ياتقان تاماق بېلەتلىرىنى تېرىپ

كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەيپى ئۇچقان ھالدا كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، جۇ خۇن لىيۇ يالىنى ئىزدىمىدى، ئۇ نەچچە ھەپتىدىن كېيىن خىزمىتىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. لىيۇ يالىنىڭ كۆڭلىمۇ ئارامىغا چۈشتى. ئەمما ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىگە ئۇۋال بولغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ سەت ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ چۈشلۈك تاماقنى بىكارغا يېگەنلىكىنى ئويلاپ، ئىچىدە كۆپ ئازابلاندى. شۇ كۈنلەردە مەكتەپ ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلارغا ياردەم ئورنىدا ئازغىنە تاماق بېلىتى تارقاتقانىدى. بۇ بېلەتتىن لىيۇ يالىمۇ بەھرىمەن بولدى. ئۇ تاماق بېلىتىنى تولۇقلاپ تۆلىگۈچى، ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق بۇ ئىشقا چۈشەنچە بېرىپ قويۇش ئۈچۈن ئاشخانىغا بېرىشنى لايىق تاپتى. لىيۇ يالى خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئەللىمنى تېپىپ، بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا ھەم تاماق بېلىتىنى تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ:

— جۇ ئۇستام ھەر قېتىملىق تاماق بېلىتىنى تولۇقلاپ تاپشۇرغان، سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ جۇ ئۇستام سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىلگەنلىكى، بىزگە سىڭلىسىنىڭ ئىشىنى دەپ بەرگەنلىك سەۋەبىدىن ياردەم ئورنىدا تاماق بېلىتى بېرىش ئىشىنى تەسىس قىلدۇق، — دېدى. لىيۇ يالى مۇئەللىمدىن:

— ئۇنىڭ سىڭلىسىغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، جۇ ئۇستام نامرات تاغلىق كەنتتىن كەلگەن. ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىكەن، سىڭلىسىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالامەت ياخشى ئىكەن، ھەرقانچە ئاچ قالسىمۇ ئۆگىنىشكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىكەن، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئاز قالغاندا، سىڭلىسى مەكتەپتە ئاچلىقتا ئايلىنىپ كېتىپ، پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن. شۇ قېتىملىق بالا ـ قازا بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ سىڭلىسى سىزگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولاتتى. ئۇ سىزگە ياردەم قىلىشنى ئويلىغان، لېكىن قوبۇل قىلالماسلىقىڭىزدىن ئەنسىرەپ، ھەر يەكشەنبە كۈنى «غېپپىدە» كېلىپ تاماق بېلىتىڭىزنى تۆلىگۈچىتى. ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت ئىدى، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ يەردە بىر ئوبدان ئىشلەۋېتىپ، تۇيۇقسىز ئىستېپا سوراپ كېتىپ قالدى — دېدى.

مۇئەللىمنىڭ يەنە بىرمۇنچە گەپلىرى لىيۇ يالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، جۇ خۇن ئۇنى مەكتەپتە قورۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مەكتەپتىن كەتكەنلىكى لىيۇ يالىغا ئېنىق ئىدى.

هاۋا سوۋۇغان چاغدا بىرى قېلىنراق كىيىنىشنى سەـ
مىڭگە سېلىپ قويسا، ئاغرىپ قالغان چېغىڭدا بىرى سېنى
دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ھەم دوراڭنى قايىنتىشىپ بەرسە،
كەيپىڭ ئوسال ۋاقىتتا دەردىڭگە ھەمدەرد بولۇپ قىزىقچىلىق
قىلىپ سېنى كۈلدۈرسە، مېنىڭچە بەخت دېگەن مۇشۇ.

## بەخت ئىزدەش

شۈي يايۈ

بىر ـ بىرى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتىدىغان ئۈچ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىـ
سى مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۇزىتىش چېيىدا،
هاراقنى قۇلاقلىرى مىدىرلىغۇدەك ئىچىشىپ، ياش تۆكۈشتى. ئەمما دۇنيادا
ئايىغى چىقمايدىغان زىياپەت بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەپسانىيەتچىلىكتىن
ئۇزۇل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ، ھەقىقىي بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، ئون
يىلدىن كېيىن يەنە بىر يەرگە جەم بولۇشقا، قايسىسىنىڭ بەختكە بولغان
تەسىراتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە كېلىشتى.

ئۈچ ساۋاقدىشىنىڭ بىرىنچىسى جەمئىيەتكە چىقىپ، ئاتا ـ ئانىسى يول
مېڭىپ تېپىپ بەرگەن ئەۋزەل خىزمەتتىن ۋاز كەچتى. چۈنكى ئۇنىڭ نىشانى
بىلىم ئارقىلىق بەخت تېپىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ
بىلىم ئاساسىنى پۇختىلاشقا كىرىشىپ، باشتا ئاسپىرانتلىققا، ئاندىن دوكتورـ
لۇققا ئىمتىھان بەردى، چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقتى. ئون يىل كۆزنى يۇمۇپ ـ
ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىر كۈنى ئەينەككە قارىدى،
بېشى چارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھەسرەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە
سوئال قويۇپ مۇنداق جاۋابقا ئېرىشتى: ئۇ مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيان بىلىم
ئارقىلىق ھەقىقىي بەختكە مۇيەسسەر بولالمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ غايىسى
كۆپۈككە ئايلانغانىدى.

ئۈچ ساۋاقداشىنىڭ ئىككىنچىسى جەمئىيەتكە چىقىپ بارلىق دوست ـ
بۇرادەرلىرىدىن ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزدى. ئۇ كۆڭلىدە: قەدىمكى دەۋرلەردىـ
كى سەييالەردەك سەيلە ـ ساياھەت قىلىپ يۈرسەم بەخت ماڭا ئۆزلۈكىدىن
چىراي ئاچىدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ ئون يىل ۋەتەنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندى،
جەنۇب ـ شىمالنى كېزىپ چىقتى. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ

ئىلمان سۇدا پۇتىنى يۇيدى، تاپىنىدىكى قېلىن بىر قەۋەت قاداقنى بايقاپ، نەچچە كۈندىن كېيىن جان دوست ساۋاقداشلىرىم بىلەن جەم بولسام، بەخت تەسىراتى توغرۇلۇق گەپنى نەدىن باشلايمەن؟ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ساۋاقداشلارنىڭ ئۈچىنچىسى جەمئىيەتكە چىقىپ، قورۇق قول ئىگىلىك تىكلەپ، تىجارەت ئارقىلىق تاپقان بايلىق بىلەن بەختىنى ھۇزۇرلىنىش يولىنى تاللىدى. ئۇ بىر ئادەم يېتەرلىك بايلىققا ئىگە بولسا، يېتىپ - قوپۇش ۋە يېمەك - ئىچمەكتە غەمدىن خالاس بولسا، بەختىنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى تېتىيالايدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ سۇدا دېڭىزغا شۇڭغۇدى، تەپەككۇرىنى يېڭىلىدى. ئۇ ھەر كۈنى تىجارەتتىن تاپقان پايدا بىلەن تارتقان زىياننى ھېسابلايتتى. ئۇ سودا سورۇنلىرىدا نۇرغۇن پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپ، ئاخىر ئالىي ماركىلىق ماشىنا، ئالىي تۇرالغۇ جاي ۋە چوڭ شىركەتنىڭ ئىگىسى بولدى. ئۇنىڭدا بەخت ئىگىلەش تۇيغۇسىلا بار ئىدى. لېكىن بۇنداق بەخت غىل - پال كۆرۈنۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بۇلۇتقا ئوخشايتتى. چۈنكى بايلىق ئۇنىڭ نەزىرىدە سان - سىپىردىنلا ئىبارەت ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن جەم بولىدىغان كۈننى ھېسابلاپ، بايلىق ئاتا قىلغان بەخت تەسىراتى توغرۇلۇق ھەرقانچە ئويلاپمۇ بەختىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمىدى. ئۇ ئون يىلدىن بۇيانقى سودا ساھەسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىپ، كۈنلىرىنىڭ بەزىدە پەقەت كۈرەش قىلىش ۋە بەزىدە غەم - قايغۇ ئىلكىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

ئۇلارنىڭ جەم بولىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى، ئۈچىلىسى لەۋزىدە تۇرۇپ زىياپەتكە بېرىش تەييارلىقىنى قىلىشتى. ساۋاقداشلارنىڭ بىرىنچىسى پويىزدىن يېڭىلا چۈشۈپ، ۋوگزالنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان بىر ئۈچ چاقلىق رىكشىنى كۆرۈپ قالدى، رىكشىدا بىر ياش چوكان ئولتۇراتتى، قۇچىقىدا بىر بوۋاق تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، بىر ئەر ئالدىراش كېلىپ رىكشىدا ئەپلەپ ئولتۇرا - ئولتۇرماستىنلا خوتۇنىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، ئارقىدىن چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت بىلەن خوتۇنىنى سۆيدى، ئاندىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنى ئاستا سۆيۈپ قويدى. بۇ كۆرۈنۈشتىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان بىرىنچى ساۋاقداشنىڭ كۆزلىرى نەملەندى ...

ساۋاقداشلارنىڭ ئىككىنچىسى سەپەر ئۈستىدە مۇنداق بىر مەنزىرىنى كۆردى: بىر جۈپ ئەر - خوتۇن دېھقان ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاگوندا ئولتۇرغانىدى،

ئېرى پىششىق تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى، خوتۇنى سۇدا پىشقان خۇاسىڭنىڭ شاكىلىنى ئاقلاۋاتاتتى. ئاقلاپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى قولىدىكى يېمەكلىكنى بىر - بىرىنىڭ ئاغزىغا تەڭلەيتتى، ئاندىن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى … بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا ئاجايىپ تۇيۇلۇپ كەتتى — دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت كۈلكىسى يوق بولسا كېرەك.

ساۋاقداشلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئۆزىنىڭ ئالىي ماركىلىق ماشىنىسىنى ھەيدەپ زىياپەتكە ماڭدى. ئۇ تاماق يېگىلى ماشىنىسىدىن چۈشۈۋېتىپ، ئاتىسى، ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ بالىسى قاتارلىق ئۈچەيلەننىڭ ئەبجەق بىر ۋېلىسىپىتكە مىنىۋالغان بىر ئائىلە كىشىلىرىنى كۆردى. ئاتىسى ۋېلىسىپىتنى ھەيدىگەندە، بالىسى ئالدىدا، خوتۇنى كەينىدە ئولتۇراتتى، ئەر چىپ - چىپ تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەندى، بالا ئۇنى يەلپۈۋاتاتتى، خوتۇنى ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى — شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ماشىنىنى ۋېلىسىپىت پېدالىنى تېپىۋاتقان ئەرنىڭ تۇرمۇشىغا تېگىشىش ئىستىكى يانغانىدى.

ئۈچ ساۋاقداش جەم بولدى، ئۇلار چەكسىز ھاياجانلانغانىدى، ئۇلار تىلغا ئالغان بەخت تەسىراتى ئۇلارنىڭ ئۇن يىللىق كەچۈرمىشلىرىگە ئازراقمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ئىدى، ئەكسىچە ئۆزلىرى ھېلىلا كۆرگەن مەنزىرە توغرۇلۇق زوق - شوق بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىشتى — تۇرمۇشتىكى ھەربىر نورمال پائالىيەت نامەلۇم بەختنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن بولىدۇ، بەخت دېگەن نورمال تۇرمۇش ھېسسىياتىنىڭ جەۋھىرى، بەخت دېگەن تىنچ روھىي ھالەتنىڭ سۈرىتى …

ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولساڭ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەن، پايدا ـ زىياننىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، كۆڭۈل قويۇش، ئەمەلىي روھ بولسىلا شۇ كۇپايە.

# تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا

خۇ ياڭ

## 1

مەكتەپ هويلىسىدىكى ماگنولىيە گۈللىرى تۇتاش ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئاقۇچ غۇنچىلار قۇياش نۇرىدا يېڭى هاياتلىقنىڭ خۇشاللىقىنى هەم كۆكلەم پەسلىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان جەزبىدارلىقىنى نامايان قىلىپ يالتىراپ تۇرۇشاتتى. «قىش پەسلىدە بەكمۇ ئۇزۇن كۆمۈلۈپ ياتقان ماگنولىيە گۈللىرىنىڭ گۈللەيدىغان ۋاقتى كەلدى» دېدى لېي مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ خىيالچان هالدا. مەندە كۆكلەم پەسلىگە نىسبەتەن قانداقتۇر بىر خىل هۆرمەت تۇيغۇسى ئويغاندى. تۆت پەسىلدە هامان مۇشۇنداق بىر لېۋەن پەسىل بولىدۇ، لېكىن بىزنىڭ هاياتىمىزدىچۇ؟ بىزنىڭ هاياتىمىزدا مۇشۇنداق كۆكلەم پەسلىدىن قانچىسى بولىدۇ؟ كۆكلەم پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بىر قېتىملىق قىيىن تاللاشقا دۇچ كېلىمىز. كۆڭۈلسىز ئىيۇل ئېيى، بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، سەن زادى قانداق؟ ياندۇرقى يىلى بۇگۈنكى كۈندە، بىز يەنە نەدە بولىمىز؟ ماگنولىيە گۈللىرى سەلكىن شامالدا يېنىك خۇرسىنىپ قويۇشتى.

بىز سىنىپقا يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن چېغىمىزدا، دەرسكە قوڭغۇراق ئاللىقاچان چېلىنىپ بولغانىدى. مۇنبەر ئالدىدا تۇرغان ماتېماتىكا مۇئەللىمى:

— بولۇڭلار، هازىر قايسى ۋاقىت، ئويۇنغا ئەجەب كۆڭلۈڭلار تارتىپ تۇرىدىكىنە؟ — دېدى.

لېي ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈپ، شوخلۇق قىلىپ تىلىمىزنى چىقىرىپ قويدۇق. مۇئەللىم بىزگە قاراپ نائىلاج كۈلۈپ قويدى. مەن دوسكىغا قاراپ ئولتۇردۇم، مۇئەللىمنىڭ جاۋغايلىرىدا كۆپۈك قايناپتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ هەممە نەرسىنى ئېچىمىزگە قويۇپ قويماقچى بولغاندەك توختىماي تېئورېما ۋە ئاكسىئوما توغرۇلۇق سۆزلەيتتى. چىرايىدا كىمدۇر بىرى

بىلەن ۋاقىت تالىشىۋاتقاندەك تاقەتسىزلىك ئەكس ئېتەتتى. مۇئەللىمىمۇ قاتتىق ئىجتىھات قىلىشىۋاتاتتى، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى.

— مۇشۇ ھەپتىدىن تارتىپ ھەر كۈنى كەچتە مۇزاكىرە قىلىمىز. ھەر قېتىمدا بىر يۈرۈش مەسىلىنى ئىشلەيمىز ... — دېدى سىنىپ مۇدىرى بىزگە قاراپ قەتئىي ھالدا. مۇئەللىم بىرىنچى بولۇپ مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى، مەكتىپىمىزنىڭ ئۆلكە بويىچە نۇقتىلىق مەكتەپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئالتە يىل ئوقۇپ بىر قېتىممۇ كەچلىك مۇزاكىرىگە قاتنىشىپ باققان ئەمەس ئىدىم. مەن ئاچچىقىمدا پارتىدىشىمغا قاراپ غۇدۇڭشىدىم، پارتىدىشىم يېنىك يېڭىمنى تارتىپ:

— چېچىلما، — دېدى.

بەلگىسىز كەلگۈسىنى ئويلاپ بىراقلا دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

## 2

كەينىمدە ئولتۇرغان شى قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئولتۇراتتى. بۇ مۇزىكىنىڭ مېلودىيىسى تولىمۇ غەلىتە ئىدى. مەن كەينىمگە قارىدىم، ئۇ ماڭا يۈزلىنىپ، كۆزلىرىنى مەندىن ئارتىلدۇرۇپ ئالدى تەرەپكە، قۇپقۇرۇق بوشلۇققا قارايتتى.

— بۇ ناخشىنىڭ ئىسمى «ئاق كىيىم يەلپۈنگەن يىللار» — دېدى ئۇ ماڭا.

مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— قانداق پىلانلىرىڭ بار؟ — دېدىم ئۇنىڭغا گويا بۇ سوئالنى ئۆزۈمدىن ھەم ئۇنىڭدىن سوراۋاتقاندەك.

ئۇ بېشىنى چايقاپ ھېلىقى ناخشىنى غىڭشىۋەردى:

— «يەنىلا ماڭايلى، بېشىمىزنى سىلىكىۋېتىپ، مۇزدەك سوغۇق كېچىدى-
كى دوقمۇش، ناخشا ئېيتقان ھېلىقى بالا ئەمدى شامالنىڭ قوينىدا ئەمەس، سەن يەنىلا ئاشۇ ئاق كىيىم يەلپۈنگەن يىللارنى ئەسلەۋاتامسەن...»

شى، مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم ئىدى، ئۇ زېرەك ھەم چاقماقتەك ئاجايىپ بىر قىز، ئىككىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق، ئۇ مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئۇ نەدە پەيدا بولسىلا، شۇ يەر جانلىنىپ، قىزىپ كېتەتتى.

— مۇئەللىم مېنى سەنئەت مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىڭ دەۋاتىدۇ. مېنىڭ ئىمتىھان بەرگۈم يوق، مەن داڭلىــق ئالــىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن، مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم شۇ يەردە چېچەك ئاچىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك گەپ قىلاتتى. بۇ تالانتلىق قىز ئىلگىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا پروگرامما باشقۇرغان، ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولۇپ، مەكتەپ تەنھەرىكەت كۆرىكىدە قوش تۈردە چېمپىيونمۇ بولغان. كۆڭلى بەك بۆلۈنۈپ كەتكەچكىمىكىن، نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى ئەمەس ئىدى. مۇئەللىم تالانت ئىگىلىرىنى ئاسراش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. سەنئەت مەكتەپكە ئىمتىھان بەرسە، ئۇ گەپ يوق ئۆتۈپ كېتەتتى. لېكىن مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىشى تەس. مەن بىر نەرسە دېيىشكە تەمشىلىپ، قوشۇمامنى تۈردۈم. ئۇ ماڭا يات ئادەمگە قارىغاندەك قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا «سەن گەپ قىلما، ھەممىنى مەن بىلىمەن» دېگەندەك بىر مەنە ئەكس ئەتكەن سوغۇق بىر نۇر يالتىرايتتى. ئۇنىڭ تەكەببۇرانە ھەم سەزگۈر يۈرىكى ماڭا ئايان ئىدى. چۈنكى مېنىڭ كۆكرەك قەپىسىمدىمۇ شۇنداق بىر يۈرەك تېپچەكلەيتتى.

## 3

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، مەن ھەر كۈنى ماڭىدىغان يولدا ئۇچۇشقا بولغان ئىنتىلىش ۋە كۈلۈشكە بولغان ئىستەك ئىلكىدە ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتىمەن. دوقمۇشتا شىنگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئادەتتە ئۇنى ھەربىر ئويلىغاندا كۈلۈمسىرەپ، ھەربىر ئەسلىگەندە خۇرسىنىپ قوياتتىم.

— ھوي، كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق! — دېدىم ئۇنىڭغا چىڭقىراق ئاۋازدا.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېنى كۆرۈپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ سەھەردىكى قۇياشنىڭ نۇرلىرى جىلۋىلەنگەن ئاقپىشماق چىرايى شۇقەدەر نۇرلۇق ھەم شۇقەدەر پارلاق ئىدى. ئەينى يىللاردىكى بۇ بىغەم ئوغۇل بالا شۇ تاپتا ۋېلىسىپىتنى بىمالال ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.

— ئارزۇيۇڭنى تولدۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟

ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق سوئال سوراش خىيالىم ئۇزۇندىن بۇيان بار ئىدى. ئۇنىڭ قايسى مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشىنى بىلگۈم كېلىپلا تۇراتتى. مەن ئارزۇ تولدۇرۇش توغرۇلۇق تېخىچە بىر قارارغا كېلىپ بولالمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قايسى مەكتەپكە تولدۇرۇشنى ئاڭسىز ھالدا كۈتۈۋاتاتتىم. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئارزۇسى مېنىڭ مەنزىلگاھىم ئىدى. ئىككىمىز ھەرقانداق گەپنى دېيىشەلەيدىغان دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ كەينىمدە ئولتۇراتتى، بىزنىڭ

دېيىشمەيدىغان گېپىمىز، قىلىشمايدىغان چاقچىقىمىز قالمايتتى. شۇ چاغدا
مەن شۇنداق گۆدەك ھەم شۇنداق نادان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ بارلىق ئىشىغا،
شادلىق ھەم قايغۇلىرىغا ئۆزۈمنىڭ شۇقەدەر قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىم-
نىلا بىلەتتىم. قەلبىمگە قىرتاق، ئەمما شېرىن ھېسلار ھۆكۈمران ئىدى.
تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان بولساقمۇ، لېكىن باشقا سىنىپتا
ئىدۇق. ئارىمىزدىكى يىراقلىشىش تۇيغۇسى سەۋەبلىك كەمدىن - كەم باردى -
كەلدى قىلىشاتتۇق. شۇ تاپتا ئىككىمىز ۋېلىسىپىتلىك كېتىۋاتاتتۇق. مەن
ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدىم.

— مەن ئىمتىھان بېرىپ ئۆلكە ئاتلاپ شاڭخەيگە كېتىمەن، — دېدى ئۇ
ئالدىغا قاراپ ماڭا ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن بېشارەت بېرىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قاراپ خىيالچان ھالدا بېشىمنى لىڭشىتتىم ۋە:

— مەن ۋۇخەنگە كېتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ئۇنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى
كۈتمەي تاقەتسىزلىك بىلەن.

مەن گويا قانداقتۇر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك راھەتلىنىپ ئۇزۇن تىنىدىم،
شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە مەيۈسلۈك غۇۋا ئەلەڭلەپ تۇراتتى. بۇ چاغدا بىز نېمىنى
بىلەتتۇق، ئەڭ ئاخىرى ئۇ ۋۇخەنگە كەتتى، مەن مۇشۇ يەردىكى بىر ئالىي
مەكتەپتە قالدىم.

ئاق ياز قۇياشى، پىنھان شېرىن ئازاب، بىزدىكى تىنچسىز قەلب ۋە بىخ
ئۇرۇپ كۆكلەشكە باشلىغان غايە.

## 4

ھاۋا گويا قارا بۇلۇتلار قۇياش يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇپ يېرىمىنى ئوچۇق
قالدۇرۇپ قويۇشقا تەمشەلگەن بىر ئەلپازدا بىر پەس كۆتۈرۈلگەن شامال بىلەنلا
ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ھاۋا دىمىق بولغانسېرى كىشىگە ئاسما مايكا ئىچىدىكى
تەن نەملىشىپ، كۆڭۈل بولسا بارغانسېرى قاغجىراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى،
يامغۇر تازا بىر شارقىراپ ياغقان بولسىكەن دەيتتى ھەرقانداق بىر كىشى.
كەچلىك تاماقتىن كېيىن شامال تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى، ئاسمان خۇددى تۆپە-
مىزدىلا تۇرغاندەك سىقىلىپ كېتىۋاتاتتۇق. مەن يامغۇرلۇق چاپاننى ئېلىپ
ئالدىراش سىنىپقا ماڭدىم. دەرس باشلىنىش ئالدىدا بىردىنلا توك توختاپ
قالدى. پۈتكۈل زالدا شادلىق ساداسى كۆچلۈك گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك ياڭراپ
كەتتى. ئاسان كەلمەيدىغان كېچە، بولۇشچە ساراڭلىق قىلىشىمىزغا بانا تې-

پىلغانىدى! مۇئەللىم بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. كىم بىلسۇن، ئۇمۇ بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى دوزاخ ئوتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاسمان كۆكسىنى تىلىپ يەر - جاھاننى يورۇتىدىغان ئېزىتقۇسىمان چاقماق ئوتلىرىنى ئەسلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىز ھەممىنى — ئىمتىھان ھەم سىناقنى، تەمكىنلىك ۋە ئىدراكنى تامام ئۇنتۇپ تەلۋىلەرچە ۋارقىرىشاتتۇق ھەم كۈلۈشەتتۇق. يامغۇر شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى، خۇددى غايەت زور ئاسماننىڭ تۇۋى تېشىلىپ يەر - زېمىننى سۇ بېسىپ كەتكەندەك مەنزىرە شەكىللەنگەنىدى. شى پۈچقىقىنى تۇرۇپ سىنىپقا شامالدەك كىرىپ كەلدى - دە، مېنى سىرتقا تارتىپ:

— تەنھەرىكەت مەيدانىغا بېرىپ يامغۇردا تۇرايلى! — دېدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا باللارغا خاس ساددىلىق ۋە خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى. مەن يامغۇرلۇقنى يېپىنچاقلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بوران - چاپقۇن ۋە چاقماق يورۇقى دەۋر سۈرۈۋاتقان مەيدانغا كەلدىم. گۈلدۈرماما ئاۋازىدىن قۇلاقلار زىڭىلداپ كېتەتتى. تەنھەرىكەت مەيدانى پاتقاق بولسىمۇ، بىز پاتقاقتا قارىماي يۈگۈرۈشەتتۇق، تەلۋىلەرچە كۈلۈشەتتۇق. تەنھەرىكەت مەيدانىدا يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان بىر توپ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار توپ تېپىۋاتاتتى. ئۇلار يامغۇردا ئېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شى ئالقىش ياڭرىتاتتى. ئۇنىڭغا ھۆرمىتىم قوزغالدى ھەم قورقۇپ قالدىم. ئېگىز ئۈچ قەۋەتلىك بىنادىن بىردىنلا بىر ئەر كىشىنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى: «تەكەببۇرلۇق بىلەن يۇزلەندىم قاتمۇقات دولقۇنلارغا، قۇياشتەك ئوتلۇق ئىسسىق قانلىرىم، ئۆز - ئۆزىنى كۆچەيتىدىغان ئوغۇل بالىمەن.» شى ئىككىمىز قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ، ئۈچىنچى قەۋەتكە قاراپ يامغۇردا تۇراتتۇق. ھەممىمىز سارائ بولدۇق دەپ ئويلىدىم. غايە ئۈچۈن جاپالىق تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، مەيلى كەلگۈسىدە بولسۇن، بىز يەنىلا ئەسلى خاراكتېرىنى يوقاتمىغان بالا، ۋۇجۇدىمىزدىكى شادلىقمۇ، ئازابمۇ ئۆزىمىزگە يارىشاتتى.


يامغۇر يەنىمۇ شىددەت ياغسۇن، گۈلدۈرماما يەنىمۇ قاتتىق گۈلدۈرلىسۇن!

## 5

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تۈگىدى. گۈلدۈرلەپ كەلگەن ئىمتىھان ئۈن - تىنسىز كېتىپ قالدى. ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا، بۇ قەدەمنىڭ ۋەزنىنى شۇندىلا بىلىندى. ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا

قارىغاندا كىشىدە ئاجايىپ مەنزىرىلىك خەتەرلىك تاغ چوققىسىنى كۆرگەندەك تەسىرات بولىدىكەن. كۆڭلۈمدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم ۋە نادامەت چەكتىم. غايەمنى، روھىي ماكانىمنى يوقىتىپ قويدۇم. تالاي قېتىم ئۇخلاۋېتىپ ھەم ئويغاق يېتىپ ئاغزىمدىن چۈشۈرمىگەن ئىسمىنى، سانسىزلىغان ئۇزاق كېچىلەردە كۈرەش قىلىشىمغا مەدەت بەرگەن ئىسمىنى مانا مۇشۇنداق يىتتۇرۇپ قويدۇم. كىشىلىك ھاياتنىڭ دەپ بەرگىلى بولمايدىغان، ئەمما ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئازابىنى تارتتىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىر قېتىملىق تاللىنىشىم ئىدى، ئۆزۈمنىڭ تاللىنىشىغا ئۆزۈمنىڭ مەسئۇل بولۇشى توغرا كەلدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى شەپىسىز يوسۇندا بىمالال يېتىپ كەلدى. ياشلىقنىڭ قەدىرىگە ئەمدىلا يەتكەن چاغدا جۇدالىقنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەنىدۇق. ئەسلەشكە تېگىشلىك يىللارنىڭ قەدىر - قىممىتى يېڭىلا ئۆتۈلۈشكە باشلىغانىدى. دوستلار گىتارغا تەڭكەش قىلىپ زاڭ تيەنسوننىڭ «دوستۇم» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىشىۋاتاتتى. رىتىمى تېز ۋە ياڭراق ناخشا ساداسىغا قىيالماسلىق ۋە تەلپۈنۈش، ئەسلىمە ئۈمىد گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. سىنىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ناخشىغا جور بولۇشتى. مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان ياشلىق چاغلاردا سۆيۈملۈك دوستلار بىلەن بىللە ئورتاق نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشمۇ كىشى ئۈچۈن خۇشاللىق ھەم بەخت ئىكەن.



ئۆزئارا مۇھەببەت، مۇشۇنداق مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىدە-
گە ئالغان ھېكايە، بىر - بىرىنى چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتلەش
ھەرقانداق كىشىنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ.

# يەتمىش ئۆچىنچى نومۇرلۇق ئاتا

جۇ چۈەنخۇي

شياۋ جياۋ ئون ياشقا كىرگەن ئوغۇل بالا. ئۇنىڭ ئاتىسى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئىككى يىلغىچە قايتىپ كەلمىدى. لېكىن مەلۇم مەزگىلدە، شياۋ جياۋنىڭ ئاپىسى ئېرىنىڭ جەنۇبتىكى بىر شەھەرنىڭ مەلۇم كوچىسىغا جايلاشقان يەتمىش ئۈچىنچى نومۇردىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. كېيىن شياۋ جياۋ ئانىسىدىن:

— ئاتام چاغان ھېيتتا نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— ئاتاڭ ئىككى يىلدىن بېرى تىجارىتىنى ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۇردى. بەك ئالدىراش، ئىشلىرى سەل بېسىققاندا قايتىپ كېلىدۇ. سەن ئاتاڭغا جاۋاب خەت يېزىۋەت، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن شياۋ جياۋ شىرەگە ئولتۇرۇپ خەت يېزىشقا باشلىدى. ئۇ خەتنى يېزىپ بولدى، ئاندىن لېپاپقا ئادرېسىنى مەلۇم شەھەر مەلۇم كوچىدىكى يەتمىش ئۆچىنچى نومۇر دەپ يازدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا خەت ئالاقە باشلاندى.

شياۋ جياۋ ئاتىسىدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئاتىسى ئۆزىنىڭ بىر خېتىدە ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرنى تىلغا ئالغانىدى. ئۇ خېتىدە: يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرنىڭ چوڭ، ئەمما كونا بىنا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شۇ بىنانىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئاتىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيگە قارىغاي ياغىچىدىن تاختاي بېسىلغان، دېرىزىلىرىگە مېغىز رەڭ پەردە تارتىلغانىدى. ئەتىگەندە، قۇياش ئۆپۈقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، ئاتىسى يېقىن ئەتراپتىكى چېركاۋدىن ئوقۇلۇۋاتقان ئىنجىلنىڭ ئاۋازىنى غۇۋا ئاڭلىيالايتتى. يامغۇر ياغقان كەچقۇرۇنلۇقى، ئاتىسى بالكوندىن پەسكە قاراپ كەينىدىكى چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ كوچىدا خۇددى

قايلىق قوڭغۇزلاردەك ئالدىراش ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان كىچىك ماشىنىلارنى كۆرەلەيتتى.

ئانىسى يەنە بىر پارچە خېتىدە بىنانىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكنى يازغانىدى، خەتتە يېزىلىشىچە: شېغىل يېيىتىلغان چىغىر يول بىلەن يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرغا بارغىلى بولاتتى، چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپى سالاسۇنلۇق گۈللۈك ئىدى، گۈللۈكتە ئىسمى نامەلۇم گەردىن چىنىدەك چوڭلۇقتىكى گۈللەر دەسلەپتە سۇس قىزىل، كېيىن بارا - بارا توق قىزىل رەڭ ئېلىپ ھەر كۈنى كەچتە ئاستا ئېچىلاتتى، ھەر كۈنى يەتتە خىل رەڭگە ئۆزگىرەتتى. بەش بۇرجەك بولۇپ ئېچىلىدىغان يەنە بىر كىچىكرەك قىزىلگۈلمۇ بار ئىدى. بۇ گۈل سالاسۇنغا يامىشىپ ئۆسۈشكە ئامراق. ياپراقلىرى ئۇششاق ھەم قارامتۇل، بۇ گۈلنىڭ ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن تىللىرى كۈندۈزى ھالقا شەكلىگە كىرىۋالاتتى، كەچقۇرۇنلۇق بولسا ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلايتتى.

شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان يەتمىش ئۈچىنچى نومۇردىكى چىرايلىق گۈللەر شياۋ جياۋنىڭ كۆڭلىدە نەچچە ئايغىچە ئېچىلغان پېتى تۇردى. شياۋ جياۋ تەتىلدە چوقۇم ئاتامنىڭ يېنىغا بارىمەن، ئۇ يەردىكى نەرسىلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن دەپ ئويلىدى.

شياۋ جياۋ ئانىسىنى سېغىنغانىدى. شياۋ جياۋ بۇ ئۆيىنى ھەر قېتىم ئانىسىغا دېگەندە، ئانىسى:

«ئاتاڭنىڭ تىجارەت قىلمىقى تولىمۇ جاپالىق، ئۇ بىزنىڭ ئۇنى ئاۋارە قىلىشىمىزنى خالىمايدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى تەكرارلايتتى. شياۋ جياۋ ئۆيىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئانىسى شياۋ جياۋغا پات - پاتلا سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئانىسى ئەۋەتكەن قەلەمدانىنى سومكىسىغا سېلىۋالاتتى، تەنھەرىكەت كىيىمىنى ئۈچىسىغا كىيىۋالاتتى. ئانىسى ئەۋەتكەن تاتلىق - تۈرۈملەرنى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە يېيىشكە، ئۇلار بىلەن يەتمىش ئۈچىنچى نومۇر توغرۇلۇق پاراڭلىشىشقا ئامراق ئىدى. گەپ ئۈزىراپ كەتكەندە، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن:

— سەن يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرغا بارغانمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

شياۋ جياۋنىڭ شۇئان تىلى تۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۇ:

— مەن ... مەن ئەلۋەتتە بارىمەن، — دەيتتى بىر ئازدىن كېيىن.

ئانىسىنى كۆرۈش ئىستىكى شياۋ جياۋنىڭ قەلبىدە يەنە قوزغالدى. بۇ ئىستەك بۇ قېتىم ھەرقانداق چاغدىكىدىن كۈچلۈك ئىدى.

شياۋ جياۋنىڭ پىلانى شۇ يىلى يازدا ئىشقا ئاشتى. مەكتەپ بەش كۈنلۈك يازلىق لاگېر ئۇيۇشتۇردى. شياۋ جياۋ يازلىق لاگېر پائالىيىتى ئۈچۈن ئانىسى بەرگەن يۈز يۈەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ۋوگزالغا باردى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يۈەنگە ئاتىسى تۇرۇۋاتقان شەھەرگە بارىدىغان بېلەتتىن بىرنى ئالدى.

شياۋ جياۋ پويىز بىلەن بىر كېچە - كۈندۈزدە نىشانلىغان يېرىگە يېتىپ باردى. ئۇ پويىزدىن چۈشۈپلا، ئادەم دېڭىزى ئارىسىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى، يەنە كېلىپ چوڭ شەھەرگە بېرىشى ئىدى. تەمتىرىمەي، سالماق بولاي دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

— مەلۇم يولغا قانداق بارىدۇ، سىز بىلەمسىز؟ — دەپ بىر يايمىكەش ئايالدىن سورىدى ئۇ.

— مەلۇم يول؟ بەك يىراق جۇمۇ، شەھەرنىڭ چېتىدىرەك، — دېدى ئۇ ئايال.

شياۋ جياۋ ئىچىدە: ئۇ ئايال يېڭىلىشتى، ئاتام مەلۇم يولنى شەھەر مەركىزىدە دېگەن تۇرسا، قانداقمۇ شەھەر چېتىدە بولسۇن بۇ يول؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە بىر خەلق ساقچىسىدىن، بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئەردىن، بىر بوۋايدىن، ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ بىرقانچە ئوقۇغۇچىدىن سورىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شياۋ جياۋغا مەلۇم يولنىڭ شەھەر چېتىدە ئىكەنلىكىنى دېدى. ئاتام نېمىشقا مېنى ئالدايدۇ؟ ئۇ ئەجەبلىنىپ قالدى.

كىشىلەر شياۋ جياۋغا ئۇ يەرگە بارغۇچە جىق ئاپتوبۇس ئالمىشىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، تاكسىغا چىقسا كۆپ قولاي بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ قو- يۇشتى. شياۋ جياۋ تاكسىغا ئولتۇرسا كۆپ پۇل كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ ئاتامنى تاپسام ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ دەپ ئويلاپ تاكسىغا چىقتى. ئەمما تاكسى شوپۇرى شياۋ جياۋنىڭ بارىدىغان جايىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بارمايدىغانلىقىنى دېدى. شوپۇر ئۇ يەر چەترەك، پۇل قوشۇپ بەرمىسە بارمايدى- غانلىقىنى، بولمىسا ئۇنى ئاچالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شياۋ جياۋ پۇلنى ھېسابلاپ كۆرۈپ بوپتۇ دېدى. شياۋ جياۋ ئاچالدا تاكسىدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى پاكار - پاكار ئۆيلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى بىرمۇنچىلىغان كۆكتاتلىقلارنى كۆردى. يولدا ئادەم ۋە ماشىنىلار- مۇ شالاڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ يەنە بىرىدىن يول سورىدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا غەرب تەرەپنى كۆرسىتىپ قويدى. شياۋ جياۋ يېرىم سائەت مېڭىپ كۆزلىگەن يېرىگە يېتىپ بارالمىدى. ئۇ يەنە بىرسىدىن يول سوراشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ كىشىمۇ ئۇنىڭغا غەرب

تەرەپنى كۆرسىتىپ قويدى. شىياۋ جياۋ ماڭغانسېرى ئىشىنىڭ سەل چاتاقلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى ئىككى سائەتكە يېقىن يول يۈردى. ئاخىر ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تىكلەكلىك تۇرغان مەلۇم يول بەلگىسىنى كۆردى. يەنە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئىشىك تاختىسىغا يېزىلغان بىر مىڭ يەتتە دېگەن نومۇر كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ مۇشۇ نومۇر بويىچە تۆۋەنلەپ، يولنىڭ بېشىغا چىقتى. يەتمىش ئۈچىنچى نومۇر ئاخىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى.

لېكىن شىياۋ جياۋ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكنى، مېغىز رەڭ پەردە تارتىلغان دېرىزىلەرنىمۇ كۆرمىدى. ھەتتا ئۇ يەردىكى بىنالارنىڭ بالكونىمۇ يوق ئىدى.

كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرگەن شىياۋ جياۋ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى!

شۇ كۈنى شىياۋ جياۋ كەينىگە ئۆرۈلۈپلا كەتتى، بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ياردىمىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يازلىق لاگېر پائالىيىتىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئۆيىگە قايتتى، ئانىسى ئۇنى يازلىق لاگېر پائالىيىتىدىن بالدۇر قايتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. بۇ قېتىمقى مەخپىي سەپەر توغرۇلۇق شىياۋ جياۋ ئانىسىغا تىنمىدى.

شىياۋ جياۋ ئاتىسى بىلەن بۇرۇنقىدەكلا خەت - ئالاقە قىلىشىپ يۈردى. ئۇ ئاتىسىغا يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرنى، ئۇ يەرنىڭ گۈزەل جاي ئىكەنلىكىدىن ساۋاقداشلىرىنىڭمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئاتىسى يېرىم يىلدىن كېيىن ئەۋەتكەن خېتىدە شىياۋ جياۋغا تىجارىتىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى، ئانچە ئالدىراش ئەمەسلىكىنى، چاغاندىن بۇرۇن قايتىدىغانلىقىنى يازدى.

ئاتىسى قايتىپ كېلىدىغان كۈنى، شىياۋ جياۋ ئانىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېكەتكە چىقتى. ئاتىسى بۇرۇنقىدىن كۆپ ياداپ كەتكەن، بېشىغا شەپكە كىيىۋالغانىدى. شىياۋ جياۋ ئاتىسىنى بىرلا كۆرۈپ تونۇۋالدى. ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاتىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

ئارىدىن ئون توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئاتىسىنىڭ ھېلىقى چاغدىكى گەپلىرى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، شېغىل يېيىتىلغان چىغىر يول بىلەن يەتمىش ئۈچىنچى نومۇرغا بارغىلى بولىدۇ، چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپى تۆمۈر سالاسۇنلۇق گۈللۈك ...

بۇ گۈللۈكنى شىياۋ جياۋنىڭ ئاتىسى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ياراتقانىدى، گۈللەر شىياۋ جياۋنىڭ قەلبىدە ھازىرمۇ پورەكلەپ ئېچىلغان پېتى تۇراتتى.

ناۋادا سىز شىياۋ جياۋدىن ئون توققۇز يىلنىڭ ئالدىدا نېمىلەرنى كۆرگەن دەپ سورىسىڭىز، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن سىزگە بۇنى دەپ بېرىدۇ: شىياۋ جياۋ شۇ كۈنى كۆرگەن يەتمىش ئۈچىنچى نومۇر سۈرلۈك تۇرق ئىدى.

سەممىيەت ئارقىلىق سەممىيەتكە ئېرىشكىلى، سە-
ممىيەت ئارقىلىق روھنى پاكلىغىلى بولىدۇ.

# سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالايلى

جاك شيۇفېك

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى ئۇزۇن ھەم دىمىق چېلىندى. ۋېن يى مۇئەل-
لىمنىڭ قەدەملىرى گويا پۇتىغا قوم خالتا تېڭىپ قويۇلغاندەك ئاستا ھەم ئېغىر
ئىدى. ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مۇشۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر سائەت-
لىك دەرس ، ئۇلار يازلىق تەتىلدىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقاتتى.
تۇرمۇش كىتابىنىڭ يەنە بىر ۋارىقى ئۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى
سائەتلىك دەرسنى ئۆتكۈسى يوق ئىدى، ئەمما ئۆتمىسە بولمايتتى، ئۆتكەندىمۇ
چوقۇم ياخشى ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېنىق
گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئايرىلىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى. دەرستە زادى
نېمىنى سۆزلەش كېرەك؟ يەنە شۇ تالاي قېتىم تەكرارلانغان گەپلەرنى دېيىش
كېرەكمۇ؟

يازنىڭ ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق كۆپكۆك ئاسمىنى كىشىنى مەپتۇن
قىلاتتى.

ۋېن يى مۇئەللىم توساتتىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە
كىرىپ، ئۇ يەردىن بىر سۇلياۋ خالتىنى كۆتۈرگەن پېتى چىقتى. ئۇنىڭ
قەدەملىرى تېز، كۈچلۈك ھەم ئېلاستىكلىققا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى
ئەجەبلىنەرلىك ھالەت ئىدى.

ۋېن يى مۇئەللىم مۇنبەردە جىم تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئوقۇغۇچىلارغا
تونۇشلۇق بولغان يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

ئۆز ئورۇنلىرىدا جىم ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىدىن چوڭقۇر
مېھىر بالقىپ تۇراتتى. ئادەتتە دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن تەڭ مۆك-
دەيدىغان «قېرى مۇشۇك» مۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ناھايىتى روھلۇق ئولتۇراتتى.

ۋېن يى مۇئەللىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇ سۇلياۋ خالتىنى مۇنبەرگە

ئاستا قويۇپ، ئاندىن نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ خالتىدىن ئالدى.

ئۇ قانداق نەرسىلەر؟

كىچىك سۇلياۋ خالتىدىكى چاچ قىسقۇچ، بىر بەكە، بىر ئەينەك، قېتىپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن ئىككى پارچە شاكىلات، نەچچە تال رەڭلىك تاماكا قېپى، بىر ئېلېكترونلۇق تاپانچا ···

قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرى تەرلىدى، يۈرەكلىرى تارتىشتى، چىرايلىرىغا قىزىللىق يۈگۈردى، بەزىلىرى خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋېلىشتى. ۋېن يى مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگەن هالدا بۇ ئويۇنچۇقلارنى گەپ - سۆز قىلماستىن «ئۆز ئىگىلىرى»گە قايتۇرماقتا. بۇ ئويۇنچۇقلارنى ۋېن يى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىدىن مۇسادىرە قىلغانىدى. شۇ چاغدا بەزى ئوقۇغۇچىلار قايىل بولماي ئۇنىڭ بىلەن جاۋابلاشقان، بەزىلىرى ئېلىۋالماقچى بولۇشقان، بەزىلەر تالاشقان هەتتا «ئوغرىلىماقچى»مۇ بولۇشقانىدى. بۈگۈن مۇئەللىم ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان چاغدا، ئۇلار نېمىشقا بۇ نەرسىلەرگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ؟

بۇ چاچ قىسقۇچ ۋۇ شاۋشاۋنىڭ ئىدى. ئۇ بىر قېتىم هېساب دەرسىدە شۇنى ئويناپ ئولتۇرۇپ تۆت ئەمەللىك شۇنداق ئاددىي بىر مەسىلىنى يېشىپ بېرەلمىگەنىدى. بىلەمسىز؟ كىمكى بىلىمنى ئويۇن قاتارىدا كۆرسە، بىلىممۇ ئۇنى «ئويۇن» قاتارىدا كۆرىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا دىققەت قىلىڭ! ۋېن يى مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى چاچ قىسقۇچنىڭ «ئىگىسى»گە مۇشۇلارنى ئۇقتۇرۇپ تۇراتتى.

بۇ بەكە جاۋ شاۋگۇاڭنىڭ ئىدى. ئۇ مۇشۇ بەكە بىلەن پارتىغا ئىسمىنى ئويۇپ قويغانىدى. بىر پارتىغا قانچىلىغان ئىشچى تاغىلارنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، بىلەمسەن؟ بىر ئادەم ئىسمىنى ياغاچقا ئويۇپ قويۇش بىلەن ئۆلمەس ئادەم بولالمايدۇ، هەتتا تاشقا ئويغان بىلەنمۇ نامىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى سەن هازىر چۈشەنمەيسەن، كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن. هەقىقىي ئۆلمەس كىشىنىڭ ئىسمى ئاۋامنىڭ قەلبىگە چېكىلگەن بولىدۇ. ۋېن يى مۇئەللىمنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى يېقىملىق تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى ···

لى مېيلى، سىز هەقىقەتەن چىرايلىق. سىزگە هەممە ئادەمنىڭ ئامراقلى-

قى كېلىدۇ. ماقالە دەرسىدە ئەينەككە قارىغىنىڭىز بولمىدى. سىز ئەينەكتىن
ئۆزىڭىزنىڭ دۇپدۇگىلەك يۈزىڭىز بىلەن ئۇزۇن كىرپىكلىرىڭىز ئارىسىدا مۆل-
دۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىڭىزنىلا كۆرەلەيسىز. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم نەرسە سىزدە
ھازىرلانغانمۇ؟ روھنى بېيىتىشلا گۈزەللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقمۇ؟
ۋېن يى مۇئەللىم مېھرىبانلىق، خاتىرجەملىك ۋە سەممىيلىك ئەكس ئەتكەن
كۆزلىرى ئارقىلىق لى مېيلى بىلەن «گۈزەللىك» توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىۋاتاتتى— بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مەڭگۈلۈك تېما ئىدى.

شېن فېيفېي، بۇ ئىككى تال شاكىلاتنى يېگىلى بولمايدۇ، خاتىرە ئورنىدا
ساقلاپ قوي. مەن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن، ئاشپاقا، دەرس ۋاقتىدىمۇ
شاكىلات يەمسەن! بوۋاڭ، موماڭ ۋە ئاتا - ئاناڭ سېنى بەك ئەركە قىلىۋېتىپ-
تۇ، سەن ياغ ئىچىدىكى بۆرەك. مەن ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە ھېلىمۇ يادىڭدى-
مۇ؟ توپ شاھى پېلى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن، ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنى
قۇتلۇقلىغان. بىر ئالدىن بېشارەتچى كېلىپ پېلىنىڭ پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە
تەنتەربىيە ساھەسىدە چولپان بولىدىغانلىقىنى دېگەن. پېلى: «ھەرگىز مۇمكىن
ئەمەس، چولپان توپچىلار ھەمىشە نامرات ئائىلىلەردىن چىقىدۇ» دېگەن.
شۇنداق، تۇرمۇش شاكىلاتتەك تاتلىق بولمايدۇ. سەن چوڭ بولغانسېرى شۇنى
ھېس قىلىسەنكى، تۇرمۇش كۆپىنچە قىرتاق، ئاچچىق، قاڭسىق ۋە چۇچۇمەل
كېلىدۇ … ۋېن يى مۇئەللىم كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، ئۇنىڭ ئىللىق قۇياش
نۇرلىرى ئوينىغان كۆزلىرى گويا شېن فېيفېيدىن: چۈشەندىڭمۇ؟ دەپ سورا-
ۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەنە بىر تاپانچىمۇ بار ئىدى. قاپقارا تاپانچا راست تاپانچىغا بەك ئوخشايت-
تى. شۇي دالى، سېنىڭ ئاتاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.
سەن «ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى» بولۇشنى ئويلايسەن. تەنەپپۇس ئارىلىق-
لىرىدا ئۆزۈڭگە «بويسۇنمىغان» كىچىك دوستلارنى سەت گەپلەر بىلەن تىللاي-
سەن. تاپانچا بىلەن ئۇرىسەن. تاپانچاڭنى مۇسادىرە قىلغان ۋاقتىمدا، قاراشلى-
رىڭدىن شۇقەدەر ئۆكتەملىك ئەكس ئەتكەنىدى. بالام، يولسىز تىل - ھاقارەت
بىلەن سەن پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيسەن. كۈچ-
لۈكلەر شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈككى، ئۇلاردا ھەقىقەتەن بىلىم بار. ھوقۇققا
تايىنىپ نوپۇز تىكلىگىلى بولمايدۇ. ياخشى كۆرۈشتىن ياخشى كۆرۈش، نەپ-
رەتتىن نەپرەت پەيدا بولىدۇ! ۋېن يى مۇئەللىمنىڭ قاراشلىرى پەرىشان ھەم

غەمكىن تۇسكە كىردى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا كۆپ، ناھايىتى كۆپ مەزمۇن باردەك، تولىراقى ئارزۇ – ئىستەككە تولغاندەك قىلاتتى.

ۋېن يى مۇئەللىم مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا بىر – بىرلەپ قايتۇرۇپ بەرمەكتە. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، گەپ قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ بىر – بىرىگە چاپلانغان ئون ئىككى پارچە ماركىنى كۆتۈرۈپ ساغلام بىر ساۋاقداشنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇيۇقسىز گەپ باشلىدى:

— ساۋاقداش يۇ ۋېي، بۇ سېنىڭ پوچتا ماركاڭ. ئالتۇن قەبرىگاھدىكى ئون ئىككى پەرىزات، نېمىدېگەن چىرايلىق ماركا بۇ! ... مەن سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. بۈگۈن سەندىن كەچۈرۈم سورىۋالاي، مېنى كەچۈر.

ساۋاقداشلارنىڭ قاراشلىرى تەڭلا بىر نۇقتىغا تىكىلدى، ھېسسىيات ئېقىنى خىيالچان قولۋاقلارنى بىر – بىرلەپ بىر يىل ئىلگىرىكى ئەسلىمىگە لەيلىتىپ ئېلىپ كەتتى.

ئۇ بۇ بىر قىممەتلىك تەنتەنىلىك ئېچىلغان ئوتتۇرا ئەترەت يىغىنى ئىدى.

ۋېن يى مۇئەللىم پىئونېرلىققا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان پىئونېرلارغا ئاتاپ تەبرىكنامە ئوقۇۋاتاتتى. توساتتىن كەينىدىكى پارتا تەرەپتىن كىملەرنىڭدۇر سوقۇشۇۋاتقان ئاۋازى كەلدى. ۋېن يى مۇئەللىم بېرىپ قارىسا، ئالتۇن قەبرىگاھدىكى ئون ئىككى پەرىزات ماركىسىنى تۇتقان يۇ ۋېي ئاچچىقلانغان ھالدا ئادەم يەيدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. مۇئەللىم ماركا توپلاش ھەۋەسكارىنىڭ قولىدىكى ماركىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئائىلە باشلىقىغا تېلېفون بەردى. يۇ ۋېي ئۆچ كۆڭگچە مەكتەپكە كېلەلمىدى. شۇ ئىشقا ۋېن يى مۇئەللىم كېيىن سەل پۇشايمان قىلدى، لېكىن قاراملىق ۋە قوپاللىق قىلغانلىقىنى بالىنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىدى ...

يۇ ۋېي ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى بىر جۈپ قىزىل ئالمىغا ئوخشايتتى.

ۋېن يى مۇئەللىمنىڭ كالپۇكلىرى مىدىراپ گەپ قىلىشقا تەمشەلدىيۇ، ئەمما گەپ قىلالمىدى. ئۇ قولى بىلەن ئاقارغان چاچلىرىنى تارىدى. بۇ چاغدا يۇ ۋېينىڭ پارتىدىشىمۇ «شاققىدە» ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۈزى قىزارغان، ۋۇجۇدى توختىماي تىترەيتتى. ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمىكىن، ئۇنىڭ گەپلىرى بىر – بىرىگە باغلاشمايتتى، تاققا – تۇققا ئىدى. لېكىن ساۋاقداشلار يەنىلا چۈشەندى. شۇ قېتىملىق ئوتتۇرا ئەترەت يىغىنىدا، ئۇ يۇ ۋېينىڭ سومكىسى-

دىن ھېلىقى ئالتۇن قەبرىگاھىدىكى ئون ئىككى پەرىزات ماركىسىنى ئېلىپ، ماركىغا ئىچى چوشۇپ قالغانىدى. بۇ ۋېيدىن بۇ ماركىنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىغان. بۇ ۋېي ئۇنىڭغا مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلىشنى ئېيتقان. ئۇنىڭ «قول بېرىشكەن بۇرادەرلەر» نىڭ تەلەپپۇزىدا: «خۇپسەنلىك قىلما، دەپ بەرمىسەڭ ماركاڭنى بەرمەيمەن!» دەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ جېدىلىنى ۋېن يى مۇئەللىم بايقاپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا بۇ ۋېي جازالاندى، ئۇ ئازابلانغان بولسىمۇ، گۇناھىنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

— ھەممە ئەيىب مەندە، مۇئەللىم، مەن ... بۇ ۋېيگە يۈز كېلەلمەيمەن ... سىزگە تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن ... سىزنى خاپا قىلىپ قويدۇم ...— دېدى ـ دە، ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

سىنىپنىڭ ئىچى ماختاش ساداسى ۋە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋاز بىلەن تولدى. باللارنىڭ قەلبى نۇقسانسىز، سەممىي ۋە تاڭ شەبنىمىدەك تازا ئىدى. بۇنداق قەلب ئاسان ھاياجانلىنىدۇ. ۋېن يى مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى غۇۋالاشتى. ئاھ، سەممىيەت ئارقىلىق سەممىيەتكە ئېرىشكىلى، سەممىيەت ئارقىلىقلا روھنى پاكلىغىلى بولىدۇ ...

دەرستىن چوشۇش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مۇئەللىمنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلار مۇئەللىمنىڭ كىيىمىنى ۋە قوللىرىنى تارتىشتۇرۇپ ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان سوۋغىلىرىنى — بىر پارچە سۈرەت، بىر تال مۇكاپاتلىق قەلەم، بىر پارچە قىممەتلىك ئاتكىرىتكا قاتارلىق ۋە ئۆزلىرى ياسىغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى ... بەس ـ بەستە مۇئەللىمنىڭ سومكىسىغا سېلىشتى. شېن فېيفېي ھېلىقى قاپقارا تاپانچىسىنى مۇئەللىمگە سوۋغا قىلدى، ئۇنىڭغا بۇ تاپانچا توساتتىن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەستەك بىلىندى. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتى نازۇك ھەم چۇرۇك كېلىدۇ. بەزىلىرى مۇئەللىمنىڭ كىيىمىدىكى بور توزۇندىلىرىنى ئاستا قاقاتتى. بەزىلىرى مۇئەللىمگە ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. بۇ ۋېينىڭ پارتىدىشى مۇئەللىمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى مۇئەللىمنىڭ قېنىق كۆك كىيىمىنىڭ يەڭلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى ...

مۇئەللىم، سىزدىن ئايرىلغىمىز يوق.

مۇئەللىم، سىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالايلى، يەنە بىر قېتىم!

كەچكى شەپەقنىڭ نۇرلىرىدىن ئاسماننىڭ غەربىي تەرىپى قىزىل رەڭگە كىرگەنىدى. ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر كۆك بىلەن بوي تالىشىپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان گۇگۇمنى تىترىتىپ تۇراتتى. قوڭغۇراقلىق بىر توپ كەپتەر گۈزەل مۇزىكىسىنى ئالەمگە ياڭرىتىپ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى.
ئوقۇغۇچىلار يەنىلا كېتىپ قېلىشتى. كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇپ دەرەخ بولۇشى كېرەك ئىدى ...

ۋېن يى مۇئەللىم ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلدى.

سومكا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېغىر تۇيۇلدى.

ھە، ئۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەزنىلىك قەلبى ئىدى، مەيىن كەچكى شامال لەرزان چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سەل خاتىرجەمسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.



مۇھەببەتنىڭ زادى قانچىلىكى تەكرارلىنىدۇ؟ ئۆز مۇھەببىتىڭنى باتۇرلۇق بىلەن دەل ۋاقتىدا ئىزھار قىل، «گۈل بولسىلا مۇمكىن بولۇر شاخ ـ شېخىنى ئەگكىلى، سۇ بولسىلا مۇمكىن بولۇر ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپقىلى» . بۇنى بىل.

## تاپشۇرۇق

شې لى تەرجىمىسى

مەن يېقىندا ئۆزۈم دەرس بېرىۋاتقان چوڭلار سىنىپىدا «قاملاشمىغان» بىر ئىشنى قىلىپ سالدىم. سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئائىلە تاپشۇرۇقى ئورۇنلاشتۇردۇم!

— كېلەر ھەپتىنىڭ ئىچىدە سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دەيسىز. ئۇ ئادەم چوقۇم سىز ئۇنىڭغا ئىلگىرى شۇنداق دەپ باقمىغان ئادەم بولسۇن ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردا ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇنداق ئىشقى ـ مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان گەپ ـ سۆز بولۇنمىغان بولسۇن، — دېدىم ئۇلارغا. تاپشۇرۇقنىڭ مەزمۇنى مۇشۇنداق ئىدى.

بۇ ۋەزىپە ئاڭلىماققا ئېغىر ئەمەس. چۈنكى سىنىپىمدىكى ئەرلەرنىڭ تولىسى ئوتتۇز بەش ياشتىن ئاشقان ئەرلەر ئىدى. ئەمما ئۇلار ئالاھىدىرەك دەۋردە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغۇدەك «جاسارەت» يوق. شۇ چاغلاردىكى كىشىلەر ئۆز ھېسسىياتىنى ۋە دەرد ـ ئەلىمىنى ئاسان ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى، شۇڭا بۇ بىرمۇنچىلىغان ئادەملەر ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ۋەزىپە ئىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق دەرس باشلاندى.

— سىز باشقا بىر ئادەمگە مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگەندە، نەتىجىسى قانداق بولدى؟ دەپ بېقىشىنى خالايدىغانلار بارمۇ؟ …— دەپ سورىدىم ئوقۇغۇچىلاردىن.

مەن ئادەتتىكىگە ئوخشاش تولۇق ئىشەنچ بىلەن بىرەر خانىمنىڭ مانا مەن سۆزلەپ باقاي دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتتۈم. لېكىن شۇ كۈنى كەچ، بىر ئەر قول كۆتۈردى، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان قىياپەتتە تۇراتتى،

سەل تىترەيتتى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ (ئۇنىڭ بويى ئېگىز ئىدى) مۇنداق دېدى:

— دانىس، ئۆتكەن ھەپتە بىزگە ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرغان چېغىڭىزدا، سىزدىن بەك خاپا بولغانىدىم. ئۇنداق گەپنى ھەرقانداق ئادەمگە قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ دېگەن كىم؟ نېمىگە ئاساسەن بىزنىڭ شەخسىي سىرىمىزغا ئارىلىشىدۇ؟ مەن مۇشۇنداق ئويلىدىم. لېكىن ماشىنا بىلەن ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ۋىجدانىم بىلەن پاراڭلاشتىم. ۋىجدانىم ماڭا، مېنىڭ كىمدۇر بىرىگە «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى … قاراڭ، بەش يىل بۇرۇن، ئاتام ئىككىمىز قاتتىق جېدەللىشىپ قالدۇق. شۇنىڭدىن بۇيان ئارىمىزدا يىرىكچىلىك تۈگىمىدى. مىلاد بايرىمىدىكى يىغىلىش ياكى ئائىلىۋى چايلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا ماي تارتىشىپ يۈرەتتۇق. ھەتتا ئاشۇنداق سورۇنلاردىمۇ بىر - بىرىمىز بىلەن گەپ قىلىشمايتتۇق … سەيشەنبە كۈنى ئۆيگە بېرىپ ئۆزۈمنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىمغا ئىشىنىپ، ئاتامغا «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېمەكچى بولدۇم … بۇ ماڭا غەلىتىرەك بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. لېكىن بۇ قارار بىلەن مەيدەمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاش ئېلىۋېتىلگەندەك بولدى. مەن ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ، بۇ نىيىتىمنى ئايالىمغا دېمەكچى بولدۇم. ئايالىم يېتىپ بولغانىكەن. قانداقلا بولسۇن، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشۇم كېرەك … مەن ئۇنىڭغا پىلانىمنى دېدىم، ئۇ ئورنىدىن «شاققىدە» تۇرۇپ، سەكرەپ مېنى قۇچاقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ ياش تۆككىنىمنى تويدىن كېيىن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شۇ كۈنى كەچ ئىككىمىز قەھۋە ئىچكەچ تۈن يېرىمىغىچە پاراڭلاشتۇق. بۇ ھېس - تۇيغۇ نېمىدېگەن بەلەن! … ئەتىسى بەك بالدۇر تۇرۇپ كەتتىم. ھاياجاندا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىگەنىدى. ئىشخانىغا بالدۇر باردىم، ئىككى سائەت ئىچىدە ئىلگىرى بىر كۈن قىلىدىغان ئىشتىنىمۇ كۆپ ئىشنى قىلىپ تۈگەتتىم … بەش يېرىم بولغاندا، چوڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستىم. ئىچىمدە ئىشىكنى ئاتامنىڭ ئېچىشىنى تىلىدىم. ناۋادا ئىشىكنى ئانام ئاچسا، ئاشۇ گەپنى ئۇنىڭغا قورقۇنچ ئىچىدە دەپ سېلىشتىن ئەنسىرىدىم. تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى، ئاتام ئىشىك تۈۋىگە كەلگەنىدى … ۋاقىتنى چىڭ تۇتتۇم — بوسۇغىدىن ئاتلاپلا: «ئاتا، مەن بۈگۈن ئالايىتەن ساڭا ‹مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېگىلى كەلدىم» دېدىم … ئاتام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باشقا

بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى يېقىملىق تۇسكە كىردى، چىرايىدىكى قورۇقلارمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، سېنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بۇ گەپنى ئىلگىرى ئاغزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم» دېدى ··· مۇشۇنداق قىممەتلىك مىنۇتلاردا قەدىمىمنى يۆتكىگۈم كەلمىدى، ئانام كۆزلىرى ياش ئالدىمغا كەلدى، مەن قولۇمنى لېۋىمگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يوللىدىم. ئاتام بىلەن بىردەم قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئايرىلدىم. مېنىڭ بۇنداق ئاجايىپ ھېس - تۇيغۇدا بولۇپ باقمىغىنىمغا ئۇزۇن بولغانىدى ··· بۇنى دېيىشىمدىكى مەقسەت بۇ ئەمەس، شۇ كۈنى ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئاتام — ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى بار ئىكەن، ماڭا دېمەپتۇ — يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا كىرىپ قالدى، ھوشسىز ياتىدۇ. ساقىيالامدۇ - ساقىيالمامدۇ بىلمەيمەن ··· سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلارغا سەمىمىي مەسلىھەتىم شۇكى: قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىزنى بىلسىڭىز، ھەرگىز ساقلىماڭ. مەن ئاتامغا «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گەپنى كېيىن دەيمەن دەپ يۈرۈۋەرگەن بولسام، قانداق بولاتتى — بەلكىم مەڭگۈ پۇرسەت بولمىغان بولاتتى! قىلماقچى بولغان ئىشىڭىزنى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ قىلىڭ. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ھەرىكەتلىنىڭ! — دېدى.



پەرزەنت ئاتا - ئانىغا مەڭگۈلۈك قەرزدار، بۇ قەرزنى ئاتا - ئانا پەرزەنتىدىن مەڭگۈ ئالمايدۇ.

# تېز تاماقخانىدىكى ئۇچرىشىش

يې چىنچېڭ

ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلدى، مەن بىر شەنبە كۈنى ئۆيگە قايتتىم. ئانام ماڭا ئالايتەن قىلىپ بەرگەن قوۋۇرغا گۆش شورپىسىنى ئىچىۋېتىپ: ئاپامدىن بۇ پۇلنى سورايمۇ - سورىمايمۇ دەپ دېلىغۇل بولدۇم.

ئاتام بالدۇر تۈگەپ كەتكەنىدى، مەن ئانامنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم — ئەزەلدىن ئارتۇق پۇل ئالمايتتىم. لېكىن، بۇ قېتىم مۇمكىن بولمىدى، چۈنكى جۇ يىڭنى مېھمان قىلمىسام بولمايتتى.

جۇ يىڭ بىلەن پات - پاتلا چىغىر يوللاردا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. مەكتەپنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىمىزنى ئۆزىمىزمۇ تۇيمايلا قالاتتۇق. قانداق قىلساق ۋاقىتنى ئۆز ئورنىدا توختىتىپ قويغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. ياتاقداشلىرىم ماڭا تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ جۇ يىڭغا رومانتىك بىر مىلاد بايرىمىنى ھەدىيە قىل دەپ ئەقىل كۆرسەتكەنىدى. جۇڭگوچە تاماقخانىلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شارائىتى ناچار ئىدى، شارائىتى ئوبدانراق يەرگە چىقىش قىلالمايتتىم، ئاخىر غەربچە تاماقخانىنى تاللىدىم.

ئاپامغا قانداق ئېغىز ئاچىمەن؟ قىزىق شورپا گېلىمدە تۇرۇپ قالدى. مەن يېنىش - يېنىش ئويلىنىۋاتىمەن. ئۆي ئىچى جىمجىت، شاپىلدىتىپ شورپا ئىچىۋاتىمەن، بۇنىڭدىن باشقا ئاۋاز يوق. ئانام ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ بىردىنلا:

— ئىككى كۈن ئىلگىرى زاۋۇتتا يىغىن ئېچىلدى، زاۋۇت بىر تۈركۈم ئادەمنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرماقچىمىش، — دېدى.

مەن «لىككىدە» ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئانامدىن:

— سەن ئىش ئورنۇڭدىن قالدۇرۇلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم. كۆزلىرىدىن تەشۋىشلىك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى.

ئانام تېگىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن كۆيۈنۈش ۋە ئېچىنىش بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ:

— قورقۇپ كەتكىنىڭنى قارا، مەن جىن ئەمەس، بىر تۇركۈم ئادەمنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرماقچىمىش دەۋاتىمەن، مەن بىر ئوبىدان ئىشلەۋاتىمەنغۇ، — دېدى.

مەن شۇندىلا يېنىك تىندىم. كۆڭلۈمدە ئانامنىڭ ھازىر كەيپىياتى يامان ئەمەس، چىشىمنى چىشلەپ دەيدىغان گەپنى دەۋېتەي دەپ ئويلىدىم - دە:

— ئانا، كېلەر مەۋسۇم زاۋۇتقا پراكتىكىغا بارىمىز، مەكتەپ ئىككى يۈز يۈەن ماتېرىيال پۇلى ئالىدىكەن، — دېدىم.

ئانام «ھە» دەۋەتتى ۋە:

— يەنە پۇل تاپشۇرىدىغان گەپ ئىكەن - دە ...— دېدى ئۈمىدسىز ھالدا.

مەن ئانامغا قاراشقا پېتىنالماي:

— بولمىسا، مۇئەللىمگە ...— دېدىم.

ئانام كەينىگە ئۆرۈلۈپ تارتمىنى ئاچتى:

— مەن ساڭا يۈز يۈەنلىكتىن ئىككىنى بېرەي، يولدا دىققەت قىل، — دېدى.

ئانام يېرىم كۈن دېگۈدەك ئاختۇرۇپ تارتمىدىن يۈز يۈەنلىكتىن بىرنى، ئەللىك يۈەنلىكتىن بىرنى تاپتى، قالغانلىرى ساپلا ئون يۈەنلىك ئىدى. ئۇ قولىدىكى پۇللارنىڭ بۇرجەكلىرىنى تۈزلەپ، ئەستايىدىل ساناپ، قاتلاپ سومكامنىڭ قېتىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، قوش قەۋەتلىك سىيرىتمىنى سىيرىپ قويدى. ئانام مېنى ئۇزىتىپ قويۇۋېتىپ:

— ئاپتوبۇستا دىققەت قىل، ئوغرى - يالغان كۆپ، — دەپ جېكىلىدى.

مەن «ھە، ماقۇل» دېدىم، لېكىن قەدەملىرىمنى كونترول قىلالماي، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ جۇ يىگىنىڭ يېنىغا كەلدىم. مىلاد بايرىمى، گۈگۈم چۈشكەن تاغ، قار ياغقانىدى، قار بىلەن مىلاد بايرىمى تېخىمۇ يارقىن تۈسكە كىرگەن ئىدى. غەربچە تاماقخانىدا ئادەم مىغىلداپ كەتكەن بولغاچقا بىز ئۆزۈن ساقلىدۇق، بىر ئورۇن بىكار بولدى، مەن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئورۇن ئىگىلىدىم.

جۇ يىڭ:

— خانقىز، ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇۋېتىڭ، — دەپ بىر مۇلازىمغا قول

پۇلاڭلاتتى.

بىر ئايال مۇلازىم بىز تەرەپكە قاراپ ئىتتىك ماڭدى. ئۇنىڭ ئورۇق ۋۇجۇدىنى، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ مېڭىشلىرىنى يىراقتىن كۆردۇم. بۇ ھالەتلەر ماڭا شۇنداق تونۇش ئىدى. مەن ئىچىمدە «ئانا!» دەپ تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ قانداقىسىگە مېنىڭ ئانام بولسۇن؟ ئۇ شۇ تاپتا ... شۇ تاپتا زاۋۇتتا ئىشلەۋاتىدۇ، دەيمەن ئۆزۈمچە، لېكىن ئانامنىڭ ئاشخانا ئۆيدىكى گىرىمسەن چىراغ يورۇقىدا ئولتۇرغان چاغدىكى غەمكىن چىرايى بىردىنلا كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئانام مېنى ئالدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانمۇ، قانداق؟

ئانامۇ مېنى كۆردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۇ ماڭا مىختەك قادىلىپ قاراۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئالاقزادىلىك، گۇمان، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گويا ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ سەل - پەل يېنىك پۇلاڭلاپ كەتتى.

ئانام ھېچنېمە دېمەستىن، ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. مېنىڭ «ئانا» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما ھەيران قالغانلىقىمدىن، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدىن يېنىمدا جۇ يىڭنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، گەپ - سۆز قىلماستىن، ئانامغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

ئانام ماڭا قاراپمۇ قويماي ياندىكى ئۇستەللەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قالدى - قاتتى نەرسىلەرنى ئەخلەت چېلىكىگە تۆكۈپ، بىردەم تۇرۇۋېلىپ، پېشانىسىنى ئېرتتى، ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئىككىنچى قېتىم ئۆتكەن چاغدا، بىلىكىدە ئەنگە ئوخشاش ئوچۇق بىر ئىزنى كۆرۈپ قالدىم، ئېنىقكى ئۇ كۆز يېشىدىن قالغان ئىز ئىدى.

شۇ شەنبە كۈنى كەچتە ئانام ماڭا ئەسلى ئۆزىنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى دېمەكچى بولغان، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۇنى ماڭا دېمىگەن، مېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن چاغدىكى روھىي ھالىتىمنى كۆرۈشكە كۆڭلى چىدىمىغان. مەن يانچۇقۇمدىكى پۇلنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ، پۇلنىڭ ۋەزنىنى بىرىنچى قېتىم بىلدىم.

مەن تۇغۇلۇپ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى تالاي ئىشلار

كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىدىم، كۆزلىرىمدە ياش، جۇ يىڭنىڭ چىرايلىق قاش ـ قاپاقلىرىنى كۆركەم خۇرۇم چاپان ئىچىدىكى ئىنچىكە بېلىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن بىردىنلا، مۇھەببەتنىڭ مەن ئۇچۇن ئارتۇقچە راھەت ـ پاراغەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققان چاغدا، بىر تۇتام پۇلنى ئانامنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— ئوقۇش مۇكاپات پۇلۇم، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ياللانما ئىشچى بولۇپ تاپقان پۇللىرىممۇ بار. ئانا، كېلەر مەۋسۇملۇق ئوقۇش راسخوتىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، سەن ئەمدى جاپا تارتىپ يۈرمە، — دېدىم.

ئانام ئالدىدىكى پۇلغا بىر ھازا قارىۋېتىپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يىغلاپ كەتتى.



قېرىنداشلىق مېھىر قاندەك قويۇق، تاغدەك يۈكسەك ۋە دېڭىزدەك چوڭقۇر بولىدۇ. دوستۇم، سەن ئەتراپىڭدا ساڭا ئۈن - تىنسىز بىلدۈرۈلۈۋاتقان كۆيۈنۈشنى ھېس قىلدىڭمۇ؟ سەن ئاشۇ كۈچلۈك قېرىنداشلىق مېھرىنى قەدىرلىدىڭمۇ؟

## «ئاكا» دېيىش ھەقىقەتەن شۇنچىلىك تەسمۇ؟

لىيۇ دىيەنشۈ

مەن ئۈلارغا ئىچ - ئىچىمدىن ئۆچ ئىدىم.

ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى چاقىرىق قەغىزى كەل-گەندىن بۇيان، ئانام يا يىغلىشىنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي يۈرەتتى. چاقىرىق قەغىزى قولۇمغا تەگكەندە، ئانام مېنىڭ قانداق يولغا چىقىشىمدىن غەم يېدى. ئۇ:

— ئەتە سېنى ئۇ ئاپىرىپ قويمىسا، ئاتىسى ئاپىرىپ قويسۇن، ئىشقىلىپ يالغۇز يولغا چىقساڭ بولمايدۇ، — دېدى.

مەن نائىلاج يول قويدۇم، ئۇنىڭ ئاپىرىپ قويۇشىغا ماقۇل بولدۇم. ئاتام قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە پاختىلىرىمىزنى يىغى-شىپ بەرگىلى گەنسۇدىن بىزنىڭكىگە كېلەتتى.

شۇ يىلى پاختىلار يىغىلىپ بولدى، ئۇلار بىزنىڭكىدە تۇرۇپ قېلىشتى. ئۆي ماڭا كۆڭۈلسىز بىلىنىشكە باشلىدى، ئۇلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق ئىدى، ھەتتا پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايتتىم. ئۈچ ۋاخ تامىقىمنى ئۆزۈمنىڭ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ يەيتتىم، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ ھەرگىز تاماق يېمەيتتىم. مەن ئۇنىڭ بىچارىلەرچە مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ئاتىسى-نىڭ قاپقارا قوللىرىدىن تولىمۇ بىزار ئىدىم. ئۇ ھە دېسىلا چوكىسى بىلەن قىسىپ قاچامغا سەي سالاتتى، ھەر قېتىم قاچامغا سېلىپ قويغان سەينى تۈيدۈرماي تاماق ئۈستىلىنىڭ ئاستىغا تۆكۈپ مۈشۈك باقاتتىم.

مېنىڭ بۇ قىلىقىمدىن ئانام بەك ئازابلىناتتى، بۇنى بىلەتتىم. ئۇ مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشۈمنى، ئۆگەي ئاتامنى «ئاتا»، ئۆگەي ئاكامنى «ئاكا» دېيىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيتتى.

چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ھەممىسى مېنىڭ يول تەييارلىقىم بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئانام ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقىم ئۈچۈن مەن بىلەن بىللە ياتتى.

ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، مەن ئاغرىقچان، شۇنچە كۆپ يېرىمىز بار، ئۆيدە ئەر ئەمگەك كۈچى بولمىسا، تولىمۇ تەس! سېنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەر ئايلىق يېمەك ـ ئىچمىكىمىزگىمۇ يېتىشەلمەيمىز. سەن تۆت يىل ئوقۇيسەن، ساڭا قىرىق ئەللىك مىڭ يۈەن پۇل كېتىدۇ. يەنىلا ئاشۇ ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە تايىنىدىغان گەپ. يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن. ساڭا باشقا گېپىم يوق، تاڭ ئاتسا، ئۇ سېنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقىدۇ، ئۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ «ئاكا» دەپ قوي بولامدۇ؟ ئۇ يىگىرمە ياشقا كىردى، سەندىن بىر ياش چوڭ، — دېدى ئانام.

ئانامغىمۇ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلىمەن، ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ، مېنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالمىدى. بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. مېڭىش ئالدىدا ئۇنى بىر قېتىم خاتىرجەم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، قولۇمنى ئانامنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە يېنىك قويۇپ، گېپىنى ئاڭلايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

تاڭ ئاتتى، «ئاتا»، «ئاكا» دەيدىغان پۈرسەتنى يەنە بىر قېتىم قولدىن بېرىپ قويدۇم.

راست گەپنى قىلغاندا، ئاتا ـ بالا ئىككىسى بولىدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئىككىسى بۇ دۇنياغا ئىشلەش ئۈچۈنلا يارالغاندەك قىلاتتى. ئادەتتە، قورسىقى تويسىلا، ئۇچى يالىڭاچ قالمىسىلا شۇنىڭغا شۈكۈر ـ قانائەت قىلاتتى. بىز يۈز مودىن ئارتۇق يەرنى ھۆددىگە ئالغان ئىدۇق، ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئەتىيازدىن كۈزگىچە، كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئېتىزدا كالىدەك ئىشلەيتتى. مەيداندا پاختا تېرىش ئىشلىرى «چاپ ـ چاپ» بولۇپ كەتكەن چاغلاردىمۇ، ئۇلار مېنىڭ بىرەر سائەت دەرستىن قېلىشىمغا يول قويمايتتى. ئوقۇۋاتقان ئادەم دەرستىن قالسا بولمايدۇ، دەرستىن قالسىلا دۆتلىشىپ كېتىدۇ دەيتتى ئۇلار.

ئېتىز ئىشلىرى مەيلى قانچىلىك ئالدىراش بولسۇن، ھەر قېتىم قار ياكى يامغۇر ياغقاندا، ئانام ئۇنىڭدىن ماڭا يامغۇرلۇق بىلەن رېزىنكە ئۆتۈك ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەن يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتسەممۇ، ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىشىنى خالىمايتتىم. ھەر قېتىم، ئۇنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەنلىكىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراشتۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ قولىدىكى نەرسىلەرنى

ئېلىنىۋالاتتىم. كېيىن ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلدى، بىرەر قېتىممۇ مەكتەپ دەرۋازى-سى ئالدىغا كەلمىدى، مەكتەپ ئالدىدىكى يول بويىغا تىكىلگەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ مەكتەپتىن يېنىشىمنى كۈتۈپ يامغۇرغا چىلىنىپ تۇراتتى.

ئۈستىدە بىر پارچە سۇلياۋ رەخت بار ئىدى، ھۆل بولۇپ كەتسىمۇ مېنىڭ گۈللۈك كۈنلۈكۈمنى ئاچمايتتى.

شىنجاڭدا ياز كۈنلىرى ئون بەش - ئون ئالتە سائەت كۈن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئاپتاپتا قارىداپ ھەم ياداپ كەتكەنىدى. ئەگەر تەقدىر ئۇنىڭغا ئادىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇمۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسا، مەن كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇشقا تامامەن سالاھىيىتى توشاتتى.

ئۇمۇ بەك بەختسىز ئىدى، ئاپىسى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەنىدى، گەنسۇدىكى جىلغىغا جايلاشقان يۇرتى نامرات بولغاچقا، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇ-يالمىغانىدى. ئۇ بىزنىڭكىگە كەلگەندە، ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن ئىدى. ئانام ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتماقچى بولغانىدى. ئەمما بىز يۈز مودىن ئارتۇق يەرنى ھۆددىگە ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئاتىسى ئۇنى تولۇق بىر ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئېتىز ئىشىغا سالدى. ئۇ كۈن بويى كۆز يەتكۈسىز ئاپتاپلىق چۆلدە ئىشلەيت-تى، ھەر يىلى بىر قات ئېرىسى سويۇلۇپ چۈشەتتى.

«تاراق، تاراق ...»

پويىز پۈتۈن سۈرئىتى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، مېنىڭ يۇرتۇم بىلەن بولغان ئارىلىقىم بارغانسېرى يىراقلىماقتا ئىدى! مەن پويىزدا ئولتۇرۇپ ئۆيدىن ئايرىلىش ھېسسىياتىنى بىرىنچى قېتىم سېزىۋاتاتتىم. ئانام يادىمغا يەتسىلا ۋاگون دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىۋالاتتىم. كۆزلىرىم تېلىپ كەتسە، ئالدىمدىكى شىرەگە بېشىمنى قويۇپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولىۋالاتتىم. ئۇدۇ-لۇمغا قارىغۇم يوق ئىدى.

مەن بىلەتتىم، ئۇدۇلۇمدا ئۇ قوللىرىنى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، دېرىزىدىن سىرتقا ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىگە قارايدىغاندۇ؟ مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا «لەپپىدە» قاراپ قوياتتىم، ئۇنىڭ ياغاچتەك ئولتۇرغىنى ئولتۇرغانىدى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشالايدىغانلىقىم ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان. شۇڭا، ئۇ كۆز ئالدىدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇرغان دېرىزە سىرتىدىكى نەرسىلەردىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرغانىدى.

بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى، سەپەرداشلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسى بىزنىڭ بىللە يولغا چىققان ھەمراھ ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى تېخىمۇ بىلمەيتتى.

مەن بەك زېرىكىپ كەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسامۇ، ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ نەتىجىسى بولمىدى.

پويىز لەنجۇغا يېقىنلاشتى. يەنە بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن شىئەنگە يېتىپ باراتتۇق. ئىككىمىز ئىككى كۈندۈز - بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. 50 نەچچە سائەت داۋامىدا بىر ئېغىز گەپلەشمىدۇق. بەزىدە ئۇ ئەكەلگەن ئۇسسۇزلۇقنى گەپ - سۆز قىلماستىن ئالدىمدىكى شىرەگە قويۇپ قوياتتى.

مەن كىتاب ئوقۇيتتۇم، ئۇمۇ كىتاب ئوقۇيتتى.

مەن پويىزدىكى تاماقنى يېمىدىم، ئېلىۋالغان نەرسىلىرىمنى يېدىم. ئۇ قورسىقى ئاچسا، ئازراق تاماق ئېلىپ يەيتتى.

پويىز لەنجۇ ۋوگزالىدىلا ئون مىنۇت توختىدى، نەرسە - كېرەك ساتىدىغانلار ۋاگونلارغا ياماشتى.

مەن مەززىلىك خۇاسىڭ سېتىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— خۇاسىڭنىڭ بىر بولىقى قانچە پۇل؟ — دەپ سورىدىم.

— بىر يۈەن، ئالامسىز؟ — دېدى ھېلىقى سەھرالىق ئايال بىر بولاق خۇاسىڭنى كۆتۈرۈپ.

مەن بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ:

— ئىككى بولاق ئالىمەن، — دېدىم.

ھېلىقى سەھرالىق ئايال پۇلنى ئېلىپ، ماڭا ئىككى بولاق خۇاسىڭ بەردى. ئۇ ئاشقان پۇلنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

ئۇ ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ، ھېلىقى سەھرالىق ئايالنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ بۇيرۇق قىلغاندەك:

— پۇلنى قايتۇر، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈر، قولىنىڭ چاققانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم.

ئۇنىڭ غەزەپلەنگەن ھالىتىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ھېلىقى ئايال ياۋاشلىق بىلەن پۇلنى قايتۇرمىغان بولسا، ئۇ ئۇ ئايالنى دېرىزىدىن ۋاگونغا تارتىپ كىرگەن بولاتتى.

مەن ھېلىقى ئايال قايتۇرغان پۇلنى ئېلىپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئولتۇرۇشۇمغا لەنجۇ ۋوگزالىدىن چىققان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر قولىدىكى ئىككى چوڭ

بوغچا بىلەن يۈك ـ تاقىسىنى يېنىمغا قويدى، مەن يات ئەرلەرنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇشىغا بەك ئۆچ ئىدىم.

مەن گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭ، بۇ ئورۇندا ئادەم بار، — دېدى ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەرگە.

ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر بوغچىسىنى تۇتۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ئادەم بار؟ ئادەم قېنى؟ — دېدى.

— ھاجەتخانىغا كەتتى، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

ھالقىلىق پەيتتە، ئۇ ئازراق ھىيلە ئىشلەتتى. باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىنى ئۆتۈشكە ھازىرلانغان تۇرقىدىن، ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر يەنە بىر ئېغىز گەپ قىلغان بولسا، ئۇنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى يەرگە ئېتىۋېتىشىدىن يانمايدىغانلىقىنى پەملىدىم. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر يەنە بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىدى، ئۇ ماڭا ھەم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ گۇمان بىلەن:

— ئۇ سىنىڭ نېمەڭ بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— سىڭلىم بولىدۇ. نېمە؟ نوپۇس تەكشۈرەمسەن؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر ئۆزىنى سوراپ، بوغچىلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى ئورۇن ئىزدەپ ئالدى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن بايامقى تىنچ ھالىتىگە قايتىپ، ۋاگون دېرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ خاتىرجەم ئولتۇردى. پويىز يەنە قوزغالدى.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مىننەتدارلىق قوزغالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇم، ئۇنى «ئاكا» دېگۈم كەلدى. لېكىن نەچچە قېتىم ئاغزىمنى ئاچتىمىيۇ، دېيەلمىدىم: قولۇمدىكى ئىككى بولاق خۇاسىڭنىڭ بىر بولىقىنى ئۇنىڭغا بەردىم.

ئۇ شۇئان ماڭا قورسىقىنىڭ ئاچمىغانلىقىنى، ئېلىپ قويۇپ ئالدىرىماي يېيىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ماڭا شىئەنگە بارىدىغان يولنىڭ ئۇزاقلىقىنى، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن نەرسە ـ كېرەك ساتىدىغانلارنىڭ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېلىقى بىر بولاق خۇاسىڭ شىرەدە تۇراتتى. پويىز شىئەنگە بارغان چاغدا، ھېلىقى بىر بولاق خۇاسىڭنىڭ سومكامدا تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

«ئاكا» دېيىش نېمىدېگەن، نېمىدېگەن تەس ـ ھە؟

بىز ئولتۇرغان پويىز كېچىكىپ كەچ سائەت ئون بىردە شىئەنگە كەلدى. پويىزدىن چۈشۈشۈم بىلەن بېشىم قېيىپ كەتتى. قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئادەم دېڭىزى ئارىسىدا ئۆيدىن، ئانامدىن ئايرىلىپ ناتونۇش دۇنياغا كېلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ شۇنداق يىغلىغۇم كېلىپ تۇراتتى.

ئۆزۈممۇ قورقۇنچاق ئىدىم، شۇڭا سومكامنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭدىن بىر قەدەم نېرى بولمىدىم. ئۇنىڭ بىر قورساق ئاكامدەك ماڭا شۇ قەدەر كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، مېنى شۇ قەدەر ئاسراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مۈرىسىدە يوغان ئىككى سومكا، قولىدا يوغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ ئاران ـ ئاران كېتىۋاتاتتى. مېنى يوقىتىپ قويماي دېگەندەك پات ـ پات كەينىگە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

مەن ۋوگزالنىڭ يەر ئاستى يولىدىن چىقىپ باقمىغاچقا، بەك قورقۇپ كەتتىم.

— ھوي، بۇنداق ماڭساق نەگە بارىمىز؟ بىرەرىدىن سوراپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— سوراش كەتمەيدۇ، ماڭغان يولىمىز توغرا، — دېدى ئۇ.

— سەن مېڭىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مېڭىپ باققان، بىر يىلى ئاتام بىلەن شىنجاڭغا بېرىشتا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان، چاتاق يوق، — دېدى ئۇ ماڭا.

ئانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن بىللە كېلىشىگە ماقۇل بولغانلىقىمدىن ئىچىمدە خۇرسەن بولدۇم. بولمىسا، چوڭ ـ كىچىك سومكىلارنى يا كۆتۈرەلمەي، يا سۆرەپ ماڭالماي، بارىدىغان يەرنى بىلەلمەي يىغلىغان بولاركەنمەن.

بىرنەچچە دوقمۇشتىن ئەگىلىپ چىراغلار چاقناپ تۇرغان يوپيورۇق بىر دۇنياغا چىقىپ قالدۇق، ۋوگزالنىڭ چىقىش ئېغىزى قايناپ كەتكەنىدى.

ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋالغىلى ۋوگزالغا چىققانلارنىڭ قوللىرىدا پۇلاڭلاپ تۇرغان تاختايلارغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى.

مەن بىرىنىڭ قولىدىكى «سەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختاينى يىراقتىن كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا:

— ھوي! سەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى! قارا، ئەنە! ئالدىمىزغا

ئادەم چىقىپتۇ! — دەپ تولۇلاپ سەكرەپ كەتتىم. يېنىمدىن چاقىرىق قەغىزىنى چىقاردىم.

بىرمۇنچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، كۆزەينەكلىك، ئېگىز بويلۇق بىر ئوغۇل ساۋاقداش قولۇمدىن سومكىنى ئېلىپ بىزنى ماشىنىغا چىقىشقا ئۈندىدى ۋە تېزرەك بولۇشىمىزنى، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ئالغىلى يەنە ئۈچ قېتىم ۋوگزالغا كېلىدىغانلىقىنى دېدى.

يەنە بىر ئوغۇل ساۋاقداش ئۇنىڭ مۇرىسىدىن سومكىنى ئېلىپ:

— ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟ ئاكىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مەندىن. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئەمىسە، ماشىنىغا چىقىڭلار. مەكتەپتە مېھمانخانا بار، ئائىلە تاۋابىئاتلارغا ھەقسىز، — دېدى ئۇ يەنە.

ئۇ سومكىنى قويۇپ:

— ياق، شىۋۇنى سىلەرگە تاپشۇردۇم. مەن ئەمدى خاتىرجەم ۋوگزالدا بىردەم ئولتۇرۇپ ئەتە تاڭ ئاتماستا، پويىز بىلەن كېتىمەن، — دېدى.

كۆزەينەكلىك ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئوغۇل ساۋاقداش:

— ئەتە تاڭ ئاتماستا يولغا چىقىمەن دەمسىز؟ نېمانداق ئالدىرايسىز؟ شىئەنگە كەلگەندىن كېيىن، ئويناپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ كېلىڭ ··· ماشىنىغا چىقىڭ! — دېدى.

— ياق، ئۆيدە ئىش جىق، پاختىنى يىغىش باشلاندى، ئاتام بىلەن ئانام يېتىشەلمەيدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى.

كۆزەينەكلىك ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئوغۇل ساۋاقداش ماڭا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن ئالمان - تالمان:

— ھوي، ئاكىڭىزغا خوش دېمەمسىز؟ — دېدى.

— ئاكا! ···— مەن شۇنداق دەپ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قولۇمنى چىقاردىم. كۆز چاناقلىرىمغا ياش تولغاندەك بىلىندى، شۇنداق يىغلىغۇم كەلدى، دەرھال قوللىرىم بىلەن يۈزۈمنى ئېتىۋالدىم.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئالدىراش كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى.

مەن ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم.

مەن شۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇ كۈنى قانىتى سۇنغان پەرىشتىنىڭ كۆك ئاسماندا يەنىمۇ ئۆرلەپ، يەنىمۇ يىراقلارغا قاراپ پەرۋاز قىلغانلىقىنى، پەرىشتىنىڭ مەن بەرگەن ئاشۇ قاناتلىرىنى باشقىلارنىڭ سىيلىغانلىقىنى كۆرسەم دەيمەن.

# پەرىشتىنىڭ قانىتى

ئەن شىن

## 1

خۇي زەي ئۆزىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ئىككى ئۇزۇن ناھايىتى روشەن تاتۇق بار ئىدى. بۇ ئىككى تاتۇق قىزغۇچ بولۇپ گەجگىسىدىن باشلىنىپ بېلىگە چۈشەتتى. ئۇ كىيىم يۆتكەشتىن بەك قورقاتتى، بولۇپمۇ تەنتەربىيە دەرسىدە، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تارتۇقنى يەنىلا بايقاپ قالدى.

«نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!»

«ھايۋانات!»

سادىدا ھەم غەرەزسىز دېيىلگەن گەپلەرنىڭ ئازابى ھامان چوڭقۇر بولىدۇ. خۇي زەي يىغلىۋەتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئانىسى ئالايىتەن ئۇنى يېتىلەپ، سىنىپ مۇدىرىنى ئىزدەپ مەكتەپكە كەلدى. خۇي زەينىڭ سىنىپ مەسئۇلى ناھايىتى مېھرىبان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئىدى، ئۇ خۇي زەينىڭ ئاپىسىنىڭ خۇي زەي توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىغا ئەستايىدىل قۇلاق سالدى.

— خۇي زەي تۇغۇلۇپلا ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالدى، ئەينى چاغدا ئۇنى داۋالىتىشتىن رايىمىز قايتقانىدى، لېكىن چىدىمىدۇق. شۇنداق سۆيۈملۈك بىر جاننى قاراپ تۇرۇپ نابۇت قىلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ — خۇي زەينىڭ ئاپىسى شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىشقا باشلىدى، — تەلىيىمىزگە ناھايىتى ئۇستا بىر دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىپ خۇي زەينىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمما دۈمبىسىگە ئىككى ئۇزۇن تاتۇق چۈشۈپ قالدى.

خۇي زەينىڭ ئاپىسى خۇي زەيگە قاراپ:

— كېلە، مۇئەللىمىڭگە دۇمبەڭنى كۆرسەت، — دېدى.

خۇي زەي ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېتىپ، كىيىمىنى سېلىپ، دۇمبىسىدىكى قورقۇنچلۇق ئىككى تال ئۇزۇن تاتۇقنى مۇئەللىمگە كۆرسەتتى، بۇ ھەم ئۇنىڭ ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

مۇئەللىم تاتۇقنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھەم كۆيۈنگەن ھالدا:

— ھېلىمۇ ئاغرىمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ياق، — دېدى خۇي زەي بېشىنى چايقاپ.

مۇئەللىم خۇي زەينىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەتىكى تەنتەربىيە دەرسىدە، سەن باشقىلار بىلەن بىللە كىيىم يۆتكە، — دېدى.

## 2

ئەتىسى تەنتەربىيە دەرسىدە خۇي زەي بىر بۇلۇڭدا قورۇنۇپ تۇرۇپ كىيىم سالدى. دەرۋەقە ئويلىغاندەك ساۋاقداشلىرى ئەجەبلەنگەن ھەم يىرگەنگەن قىياپەتتە:

— نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك! — دېيىشتى.

مۇئەللىم گەپ قىلمىدى، ئۇ ئاستا خۇي زەينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئەجەبلىنىش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— بۇ قۇرت - قوڭغۇز ئەمەس! — دېدى مۇئەللىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، خۇي زەينىڭ دۇمبىسىگە دىققەت بىلەن سەپسېلىپ، — مەن بۇرۇن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغان، سىلەرنىڭمۇ ئاڭلىغىنىڭلار بارمۇ؟

— بۇ بىر رىۋايەت، — دەپ سۆزىنى باشلىدى مۇئەللىم، — ھەربىر كىچىك دوست كۆكتىكى پەرىشتىدىن ئۆزگەرگەن. بەزى پەرىشتىلەر بالىغا ئۆزگەرگەندە ناھايىتى تېزلا قانات تاشلايدۇ: بەزى پەرىشتىلەر ھەرىكىتى ئاستا بولغاچقا قانات تاشلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. بۇ چاغدا، ھەرىكىتى ئاستىراق بولۇپ قالغان پەرىشتىلەر كىچىك بالىغا ئۆزگەرگەندە، دۇمبىسىدە مۇشۇنداق ئىككى ئۇزۇن تاتۇق قالىدۇ.

— پاھ! — دېيىشتى ساۋاقداشلار ھەيرانلىقىنى باسالماي، — ئۇ پەرىشتىنىڭ قانىتى ئىكەن - دە!

— توغرا، — دېدى مۇئەللىم سىرلىق كۈلۈپ، — بىر - بىرىڭلارنىڭ دۇمبىسىگە قاراپ بېقىڭلار. ئاراڭلاردا ئۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈنلەي قانات تاشلىمىغانلار بارمىكىن؟

مۇئەللىم شۇنداق دېۋىدى، ساۋاقداشلار ئالمان ـ تالمان بىر ـ بىرىنىڭ دۇمبىلىرىگە قاراشتى. بىراق، خۇي زەيگە ئوخشاش دۇمبىسىدە ئېنىق تاتۇق بارلار چىقمىدى.

— مۇئەللىم، مېنىڭ ماۋۇ يېرىمدە ئازراق تاتۇق بار، مەنمۇ پەرىشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىمدىن كۆزەينەكلىك بىر ساۋاقداش زوق ـ شوخ بىلەن قول كۆتۈرۈپ.

— ياق، مېنىڭ ماۋۇ يېرىمدە قىزىل تاتۇق بار، مەن پەرىشتە!

3

ساۋاقداشلار دۇمبىسىدە تاتۇق بارلىقىنى بىر ـ بىرىگە ئېتىراپ قىلدۇ. رۇش بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇلار خۇي زەينى زاڭلىق قىلىدىغان ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. خۇي زەينىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىدە شۇئان ياش توختىدى.

بىردىنلا، بىر قىز ساۋاقداش.

— مۇئەللىم، پەرىشتىنىڭ قانىتىنى سىلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— ئۇنامدۇ ـ ئۇنىمامدۇ ئۇزىدىن سوراڭ، — دېدى مۇئەللىم كۈلۈمسىرىـ گەن پېتى خۇي زەيگە قاراپ كۆزىنى يۇمۇشلاپ.

خۇي زەي روھلىنىپ تارتىنغان هالدا:

— ماقۇل، — دېدى.

قىز خۇي زەينىڭ دۇمبىسىدىكى تاتۇقنى يېنىك سىلاپ:

— پاھ، نېمىدېگەن سىلىق، مەن پەرىشتىنىڭ قانىتىنى سىلىدىم! — دەپ خۇشال بولۇپ ۋارقىرىدى.

قىز ساۋاقداشنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن باشقا ساۋاقداشلارمۇ سېھىرلەنگەندەك:

— مەنمۇ سىلايمەن! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

بىر سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسىدە، بىر پارچە ئالاهىدە كۆرۈنۈش هاسىل بولغانىدى، سىنىپتىكى نەچچە ئون ساۋاقداش قاتار تىزىلىشىپ خۇي زەينىڭ دۇمبىسىنى سىلاش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى ...

كېيىن خۇي زەي بارا ـ بارا چوڭ بولدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىسىدە شەھەر بويىچە ئۈچىنچى بولدى. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈش تۈرىنى تاللىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دۇمبىسىدىكى ئىككى تال تاتۇق مۇئەللىمى كۆيۈنۈپ تۇرۇپ تىلىگەن «پەرىشتىنىڭ قانىتى» ئىدى.

جۇڭگودا كۆرۈلۈۋاتقان ئائىلە تەربىيىسىدىكى چولتا-
لىقا قارىتا ئاتا - ئانىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ خاتا قىلغان
- قىلمىغانلىقى، ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلى-
قى توغرۇلۇق ئويلىنىپ بېقىشى كېرەكمۇ - يوق، جۇڭ-
گولۇق ئاتا - ئانىلار تاللىماي ئۇرۇق چېچىپ تىكەن ئالدى-
غان تراگېدىيىنى قايتا پەيدا قىلماڭلار.

# تاللىماي چاچساڭ ئۇرۇق، ئالغىنىڭ تىكەن بولۇر

لى يۇڭيىڭ

ئۇ خانىم رايونغا قاراشلىق ئورگاندا ئىشلەيدىغان ئاددىي بىر خىزمەتچى. ئېرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي خىزمەتچى. ئۇلار ياۋاش ھەم قانائەتچان، مائاشىمۇ يۇقىرى ئەمەس، كۆڭلىرى قەدىر - ئەھۋال. بىردىنلا بېيىپ كەتكەن كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ ياراملىق بىر قىزى بار. قىزنىڭ نەتىجىسى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالدىنقىلار قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى، مەيلى سىناق ياكى ئىمتىھان بولسۇن، ئۇ ئەزەلدىن قورقۇپ باققان ئەمەس.

بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە، تالاي ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى توغرۇلۇق ئىزتىراپ چېكىدۇ، نومۇرى تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن بالىسىنى ياخشىراق مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىر تالاي ئوقۇش راسخوتى تۆلەۋاتقان ئاتا - ئانىلار ساماندەك. بۇ ئائىلىلەر تېجەشلىك ياشاپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ قىزنىڭ ئائىلىسىدە بولسا بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت ئەمەس.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، ياخشى نەتىجە ياخشى بالىنىڭ ئۆلچىمى. ياخشى بالىلارنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەر ۋە ئىشداشلار، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەتتىمۇ مۇشۇنداق ھېسابلايدۇ. قىزى ئۇلارنىڭ ئابرۇيى، شەرەپلىك قۇرۇلۇشى، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئاددىي كىشىلىك ھاياتىغا ھەدىيە قىلغان ئەڭ ياخشى تولۇقلىمىسى. ئۇلار ئۆمرىدە ئەمەل - مەنسەپ تۇتمىغان بولسىمۇ، مۇشۇنىڭغا شۈكۈر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن

قىزى بۇ ئائىلىنىڭ قىممەتلىك مېھمانىغا، پادىشاھىسىغا، قوياشىغا ئايلاندى. قىزى ئائىلە ئىشلىرىغا قولىنى ئەگرى قىلمايتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا مەكتەپ ياتىقىدا ياتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دېگۈدەك تاماق توشۇدى، چۈنكى قىزى مەكتەپ ئاشخانىسىدا قىستىلىپ يۈرۈشنى ھەم مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ تامىقىنىمۇ ياقتۇرمايتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ كۈتۈشىگە ئادەتلىنىپ قالغانىدى، سۆيۈقئاش ئىچىۋېتىپ، ئانا، سۆيۈقئاش بەتتام ئىكەن دېسە، ئانىسى قىزىنىڭ قاچىسىغا دەرھال جياڭيۇ قوياتتى. ئاچچىقسۇ دېسە، ئانا شۇئان ئاچچىقسۇ تەييار قىلىپ بېرەتتى. جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ بوتۇلكىلىرى ئۇنىڭ تاماق شىرەسىدە تۇراتتى، ئۇ قولىنى ئىشقا سالمايتتى. ئانىسىمۇ، قىزىمۇ بۇ ھالەتكە كۆنۈپ كەتكەنىدى. بىرسى چاكارغا، يەنە بىرسى مەلىكىگە ئوخشايتتى، بۇ ھال ئائىلىدە مۇقىم قېلىپقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

كېيىن، قىزى داڭدار بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى، تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە داڭدار بىر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئاسپىرانت-لىققا ئوقۇدى، ئۇلار قىزى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن پەخىرلىنەتتى.

بەختلىك بۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك كەلدى. ئېرى، قىزىنىڭ ئاتىسى مېڭىسىدە ئۆسمە پەيدا بولۇپ قورقۇنچلۇق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى، دوختۇر ئۇنىڭغا ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىسا، ئېرىنىڭ كۆپ بولغاندا ئىككى يىل ياشىيالايدىغانلىقىنى، قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ ئوپېراتسىيە قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئەللىك پىرسەنت بولاتتى، ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسىمۇ، ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن مۇشكۈل جەريان كېتەتتى ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ كېچىچە يىغلاپ چىقتى، ياپراقتەك تىترەپ تۇرۇپ قىزىغا تېلېفون قىلدى. قىزى ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىشنى ئوقۇپ، بىر ھازا جىمىپ كېتىپ ئاندىن: «ئانا، يەنىلا ئۆزۈڭ بىر قارارغا كەل، مەن يا دوختۇر بولمىسام، بۇ ئىشنى ماڭا مەسلىھەت سالغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟» دېدى. ئانىسى ھەيران بولغىنىچە قىزىغا: «ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ» دېدى. قىزى خاپا بولدى، ئۇ ئانىسىغا: «سەن مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋالدىڭ، مېنىڭ دېگىنىم بىر ئىلمىي مەسىلە!» دېدى.

ھېلىمۇ ياخشى، ئوپېراتسىيە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېرى يەنە تالاي قېتىم ئەجەلنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى، ئۇ ئېرىنىڭ قوللىرىنى، ئاجىز جېنىنى تۇتۇپ، قانچىلىغان قورقۇنچلۇق كېچىلەرنى ئۇيقۇ-

سىز ئۆتكۈزدى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. قىزى ئۆز ئۆمرىنىڭ باھار مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ياش ھاياتى ئارقى- لىق ئەجەل قويىنىدا ياتقان ئانىسىغا ئاجايىپ كۈچ ۋە جاسارەت بەخش ئەتكەن بولاتتى، ئانا شۇنداق ئويلايتتى. ئارىلىقتا قىزى بىر قېتىم كېلىپ ئۈچ كۈن تۇردى. ئۈچ كۈننىڭ بىر كۈنىدە دوختۇرخانىدا، يەنە بىر كۈنىدە ساۋاقداشلى- رى بىلەن بىللە، ئۈچىنچى كۈنى ئۆيدە بولدى، ئاندىن ئالدىراش مەكتىپىگە قايتتى. قىزى ئانىسىغا ماگىستىرلىق ئۈچۈن دىسسېرتاتسىيە ياقلايدىغان چاغ- نىڭ يېتىپ كېلىپ قالغانلىقىنى دېدى. ئېرى بىر يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئەسلىگە كېلىپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ماڭالايدىغان، گەپ قىلالايدىغان بولدى. ئۇزۇن ۋاقىت تەشۋىشلىنىش ۋە جىددىيلىشىش نەتىجىسىدە، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە يۇقى- رى قان بېسىمى كېسىلى بولۇپ قالدى. شۇ يىل قىشتا، قىزى بۇرۇنقىدەك قىشلىق تەتىلدە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ دوكتورلۇققا ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىدە سان بارلىقىنى، يېتەكچى ئۇستاز بىلەن دېيىشىپ قويغانلىقىنى، يېتەكچى ئۇستازىنىڭ مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى دې- دى. ئانىسى قەۋەت خۇرسەن بولدى، ئېرى كۈنسايىن ياخشى بولۇپ كېتىۋاتات- تى. قىزى دوكتور بولسا، بۇ ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچۈن ھەقىقەتەن قالتىس ئىش قىلىپ بەرگەن بولاتتى. بۇ يىل قىش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىللىق تۇيۇلدى.

كەچلىك تاماق ۋاقتى ئىدى، ئۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئېرىگە تاماق بېرىۋا- تاتتى، ئېرىنىڭ قوللىرى قولاشمايدىغان بولغاچقا، قوشۇق تۇتالمايتتى. ئۇ ئېرىنى بىر يىلدىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، شورپا، شۆلگەي قاتارلىق نەرسىلەر ئېرىنىڭ جاۋغىيىدىن پات - پاتلا سىرغىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئېرىگە ھەر قېتىم تاماق بەرگەن چاغدا، پاختىدىن ئىشلەنگەن، سۇ سۈمۈ- رۈشچان يۇمشاق لۆڭگىنى يېنىغا قويۇۋالاتتى. قىزى بۇ ئىشلارغا سەل ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. ئېرىغا تاماق يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ قىزىغا ھۆل بولۇپ كەتكەن لۆڭگىنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ يۇيۇۋېتىشنى بۇيرۇ- دى. ئانا باشتا قىزىنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىق ئالامىتىنى، ئاندىن كېيىن گويا مەينەتچىلىك يۇقۇپ قالىدىغاندەك لۆڭگىنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ ئالغانلىقىنى كۆردى. شۇ ئەسنادا، ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان غەزەپ پەيدا بولدى - دە، ئۇ قىزنى كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى، قىزى ئۆز جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى.

كىشىلىك ھايات چوڭ سەھنىگە ئوخشايدۇ، بۇ سەھنىدە ھەربىر ئادەم ۋەقەلىكى ئوخشاش بولمىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان روللارنى ئوينايدۇ.

# ئوۋياڭنىڭ ھېكايىسى

جۇ چۇنخۇي

بۇ راست بولغان ۋەقە.

ئوۋياڭ ھېكايىسىنى ئادەتتى بويىچە مۇشۇنداق دەپ باشلايتتى. بىز چۇرقىرىشىپ: «تېزرەك ئېيتە، راستمۇ، يالغانمۇ كىمنىڭ كارى، ھېكايە دېگەن شۇنداق بولمامدۇ؟» دەيتتۇق. ھېكايە ئاڭلاشقا ھەممىمىز ئامراق ئىدۇق. بىزدىكى ھېكايە ئاڭلاشقا بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئوۋياڭ يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ سىنىپىمىزدىكى ھېكايە ئېيتىشقا ئەڭ خۇشتار ھەم ھېكايىنى قاملاشتۇرۇپ ئېيتالايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. دەرستىن چۈشۈپ بىكار بولۇپ قالغان چاغدا: «ئوۋياڭ، ھېكايە ئېيتە» دەيتتۇق. ئۇ ماقۇل بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چۆرىسىگە يىغىلاتتۇق. ئوۋياڭ ئاۋۋال دىققىتىمىزنى يىغاتتى، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇشلاپ، بۇ راست بولغان ۋەقە دەيتتى ـ دە، ھېكايىسىنى باشلايتتى.

ئوۋياڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا شاڭخەيدىن مەكتىپىمىزگە ئالمىشىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپتەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى قاتۇرۇپ يېزىپ بىزنىڭ يۈرەك تارمىزنى چېكىپ تاشلايتتى. بەزىدە جىن ـ ئالۋاستىلار توغرۇلۇق ھېكايە ئېيتىۋېتىپ، جىددىي يېرىگە كەلگەندە قەستەن ئاخىرىنى ئېيتماي تۇرۇۋالاتتى. بىز قورققىنىمىزدىن تىنالماي قالاتتۇق، شۇنداقتىمۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولاتتۇق. ئوۋياڭ بىزگە قارىۋېتىپ، مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ، ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئوۋياڭنىڭ ھېكايىلىرى بىزگە ھېكايىدەك تۇيۇلاتتى، تەپسىلاتى توغرۇلۇق ئويلىنىش كەتمەيتتى. ھېكايە تۈگىگەندىن كېيىن، مۇشۇ راست بولغان ۋەقەمۇ، راست بولغان ۋەقە مۇشۇنداق بولامدۇ؟ دەپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتۇق.

لېكىن ئوۋياڭ ئېيتقان بەزى ھېكايىلەردىن قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ بىر تاغام بار ئىدى، ئۇ مۇنداق ئادەم ئىدى ياكى بىر ھامام بار ئىدى،

ئۇ مۇنداق ئايال ئىدى دەپ ھېكايىسىنى ئادەتتىكى ئىشلاردىن باشلاپ، بارا - بارا ۋەقەلىككە ئۆتۈپ كېتەتتى. ھېكايە تەسىرلىك ئىدى، بىز بىر - بىرىمىزگە قاراشقا پېتىنالماي بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ يىغلايتتۇق، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەتسىزلىنەتتۇق. ھەربىر ھېكايىنى باشلىغاندا، ئوۋياڭ بۇ راست بولغان ۋەقە دەيتتى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاشۇ ھېكايىلىرى راست بولسا، ئوۋياڭنىڭ ئون نەچچە تاغىسى، ئون نەچچە ھاممىسى بولغان بولاتتى، بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇنى بايقاپ قالاتتۇق.

ھېكايە ياخشى بولغاچقا، ھېكايىنىڭ راست - يالغانلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ئوۋياڭ ھېكايە ئېيتالايدىغان ئارتۇقچىلىقى بىلەن سىنىپتا بەك يۈز تېپىپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇنىڭسىزمۇ ياخشى بىر بالا ئىدى: ئۇ كۆڭلى ئوچۇق ۋە روھلۇق، قىزغىن ۋە مەرد، باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىدىغان بالا ئىدى. ئەتىدىن كەچكىچە كۈلۈپلا يۈرەتتى، ئەتراپىدىكىلەرنى خۇشال قىلىشقا ئامراق ئىدى. بىر كۈنى، ئوۋياڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، شەپكە كىيىپ مەكتەپكە كەلدى. ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق. ئوۋياڭ بىزدىن ئەتەي تاقىرباش بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىدى. دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋاقتىدا بىز ئۇنىڭ تاقىر بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «بۇرادەر، بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرە» دېدۇق.

ئۇ بۇرۇنقىدەك ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ماقۇل دېدى. ئوۋياڭ ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇن بىر ئوغۇل بالا بار ئىكەن، بىز بىلەن تەڭتۇش ئىكەن، ئۇنىڭمۇ بىزنىڭكىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئويلىرى بار ئىكەن. كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسام، دۇنيانى ئايلىنىپ چىقسام، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئىشلارنى قىلسام دەيدىكەن. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، تىرىشسىلا بۇ ئارزۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان ئىشلار. ھېلىقى ئوغۇل بالا مۇشۇنداق ئويلايدىكەن. ئەمما، بىر كۈنى دوختۇر ھېلىقى بالىنىڭ ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىككى يىللا ھايات كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى دەپتۇ. دوختۇر بۇ گەپنى ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئۆزىگە دېمەپتۇ، لېكىن ئۇ ئاڭلاپ قاپتۇ، ھېلىقى ئوغۇل بالا ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ، مىجەزى ئۆزگىرىپ ئادەم خالىماس بولۇپ قاپتۇ. ئاتىسى ئۇنىڭغا كۈن بويى يۇمشاق گەپ قىلىپ، زورمۇزور كۈلۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ. پۈتكۈل ئائىلە بەك ئازابلىنىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ھېلىقى ئوغۇل


بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر مىلىچماللار دۇكىنىدا قۇچاقلىشىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆيدە يىغلىسا بالىنىڭ ئاسانلا بىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ھېلىقى ئوغۇل بالا بۇ ئىشتىن لەرزىگە كېلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پۇرسىتىدىن ئايرىلدىم، لېكىن ئاتا - ئانامغا ۋاپادار ئوغۇل بولۇش پۇرسىتى قولۇمدىن كەتكىنى يوققۇ، نېمىشقا ئۇلارنى ئازابلايمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاتا - ئانىسىغا: مەن ئوقۇيمەن دەپتۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈپتۇ: ئۇ بىر ئايغا تەڭ بىر كۈننى ئىسراپ قىلىشنى خالىماپتۇ. ئۇ مەكتەپكە كەپتۇ. ھەربىر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلىدە بوپتۇ، تولىمۇ قىزغىنلىق كۆرسىتىپتۇ. ئۇ بۇنىڭغا كۆنمەپتۇ. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ناتونۇش بىر جايغا كۆچۈپ كېتىشنى دەپتۇ ...

ئوۋياڭ سۆزلەپ دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، دەرسكە قوڭغۇراق چېلىنىپ، ھەممىمىز ئۆز ئورنىمىزغا بېرىپ ئولتۇردۇق. راستىنى دېگەندە، بۇنى قالتىس ياخشى ھېكايە دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوۋياڭنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئادەتتىكىدەك. لېكىن بىزنىڭ ھېلىقى بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى شۇنداق بىلگۈم بار ئىدى. دەرستىن چۈشتۇق، ئوۋياڭ ئۆيىگە كەتتى، ئۆيدە ئىشىم چىقىپ قالدى، ئاخىرىنى ئەتە ئېيتىپ بېرەي دېدى ئۇ.

ئەتىسى ئوۋياڭ مەكتەپكە كەلمىدى، ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى. كېيىن سىنىپ مۇدىرىمىز بىزگە ئوۋياڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ شاڭخەيگە كەتكەنلىكىنى دەپ بىزدىن: «ئوۋياڭنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى سىلەر بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىدى.

بىز شۇندىلا چۈشەندۇق، ئوۋياڭنىڭ ئاخىرى چىقمىغان ھېكايىسىنى، تاقىر بېشىنى، ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ راست بولغان ۋەقە دېمەي باشلىغان ھېكايىسىنى ئويلىدۇق.

بۇ ئوۋياڭنىڭ راست بولغان ۋەقە توغرۇلۇق ئېيتقان ھېكايىسى بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇ ھېكايىنىڭ يالغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتۇق.



ياخشى نىيەتتە دېيىلگەن يالغان گەپ كىشىگە قاتتىق سوغۇقتا يەتكۈزۈلگەن كۆمۈردەك ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ، قۇملۇقتىكى بوستانلىقتەك ئۈمىد ۋە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ.

# ئالتە موما

بى شيۈمېي

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدا، باھار سەيلىسىگە سىنىپ بويىچە چيەنداۋ كۆلىگە باردۇق.

بىزنىڭ ياش سىنىپ مۇدىرىمىز توي قىلىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. سىنىپ مۇدىرىمىزدىنمۇ ياش پراكتىكانت مۇئەللىم بىزنى باشلاپ بارىدىغان بولدى. پراكتىكانت مۇئەللىم بۇ خۇش خەۋەرنى ئېلان قىلغاندا، سىنىپتا شۇ ھامان قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى، ساۋاقداشلار باھار سەيلىسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەم تاپشۇرىدىغان راسخوت قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇئەل-لىمدىن سوراشتى. پراكتىكانت مۇئەللىم بىزدىن:

— يەنە قانداق ئىشلار بار؟ — دەپ سورىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، بىرەرىمۇ قول كۆتۈرمىدى ۋە ھېچكىممۇ ئورنىدىن تۇرمىدى. بۇلۇڭدا ئولتۇرغان تاغلىق رايوندىن كەلگەن ھېلىقى قىز ساۋاقداشقا ھېچقايسىمىز دىققەت قىلماپتۇق. ئۇ قولىنى ئارانلا كۆتۈرگەندى، بارماقلىرى تىترەپ ئېچىلمايۋاتاتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاغزىنى نېمىدۇر دېمەكچىدەك ئۆمەللەتتىيۇ، گەپ قىلالمايتتى. ئۇزۇندا، ناھايىتى ئۇزۇندا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنتايىن پەس ئاۋازدا:

— مۇئەللىم، موما ئېلىۋالسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىمدىن:

بۇ گەپتىن كۆتۈرۈلگەن غەرەزسىز كۈلكە ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى، ئۇ شەلپەردەك قىزارغان ھالدا بېشىنى سېلىپ جىم ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى. چىرايلىق پراكتىكانت ئايال مۇئەللىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئېلىۋېلىڭ، چاتاق يوق، — دېدى.

يولغا چىقىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، ھېلىقى قىز ساۋاقداش تاماق بېلىتى-گە ئالتە موما ئېلىپ، ئاندىن خۇددى ئوغرىدەك بېشىنى كۆتۈرمەي يۈگۈرگەن

پېتى ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. ياتاقتا بىرنەچچە ساۋاقداش باھار سەيلىسىگە ئېلىۋالىدىغان تاتلىق - تۈرۈملىرىنى يىغىشتۇرغاچ، بىرنەرسە توغرۇلۇق مۇ-ھاكىمە قىلىشىۋاتاتتى. ھېلىقى قىز ساۋاقداش ئۇدۇل كارىۋىتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالتە مومىنى سولياۋ خالتىغا سالدى. ياتاقتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى سەل پەسلىدى، ھېلىقى قىز ساۋاقداشنىڭ كۆزى ياشلاندى.

يولغا چىقىدىغان كۈنى يامغۇر ياغدى، شىرىلداپ ياغقان ئۇششاق يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى مىسكىنلىكنى يۇيۇپ تاشلىغاندى. قىز ساۋاقداشنىڭ سومكىسىدا ئالتە موما بار ئىدى. كۈنلۈكى بولمىغاچقا، ئۇ باشقىلارنىڭ كۈنلۈكى ئاستىغا كىردى، ساۋاقدىشىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ كۈنلۈكنى توختىماي ساۋاقدىشى تەرەپكە ئىتتىرەت-تى. چىيەنداۋ كۆلىگە بارغاندا، قىز ساۋاقداشنىڭ كۈنلۈكىنىڭ سىرتىدا قالغان بەدىنىنىڭ يېرىمى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بوغچىسىمۇ ھۆل ئىدى. ساۋاقداش-لار تاماق يېگىلى ئاشخانىغا يۈگۈرۈشتى. ئۇ كۆپچىلىك كەتكەندىن كېيىن سومكىسىدىن مومىنى ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ياتاقتا قالدى. سولياۋ خالتا تۆشۈك بولغاچقا، سومكىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يامغۇر سۈيىدە مومىلار ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ يامغۇر سۈيىدە ھۆل بولۇپ كەتكەن مومىنى يېيىشكە باشلىدى.

ئۇ بىر مومىنى يەپ بولا - بولماستىن، ساۋاقداشلار ياتاققا قايتىپ كىردى. ساۋاقداشلىرىنىڭ بۇنچىلىك تېز كىرىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بۇ قىز ساۋاقداش ھۆل بولۇپ كەتكەن مومىنى نەگە تىقىشنى بىلمەي، تېخى قۇرۇمىغان سومكىسىغا تىقىشقا مەجبۇر بولدى. سىنىپ باشلىقى يەن تۈيۈقسىزلا:

— ھەي، قورسىقىم تويمىدى، ماڭا موماڭدىن بىرنى بېرەمسەن؟ — دېدى ئۇنىڭغا.

ئۇ يا «ھە»، يا «ياق» دېمىدى. ئۇ ئوڭايسىزلانغانىدى. يەن ئۇنىڭ سومكىسىدىن بىر مومىنى ئېلىپ يېدى. قالغان بىرنەچچە ساۋاقداشمۇ بىرى بىردىن موما ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى ۋە مەكتەپ ئاشخانىسى سالغان مومىنىڭ يېيىشلىك ئىكەنلىكىنى دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئېلىۋالغان ئالتە مومىسىنى ساۋاقداشلىرى بىردەمدىلا سوقۇۋەتتى. ئۇ قۇرۇق سومكىسىغا قاراپ ئۈنسىز ياش تۆكتى.

ئەتىسى، ساۋاقداشلىرى ناشتا قىلىدىغان چاغدا، ئۇ ياتاقتىن «غىپپىدە» چىقىپ كەتتى. يامغۇر توختىغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى يىغلاۋاتاتتى. كىرا


ھەققىنى تۆلەش ئۈچۈن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاتىسىنى قەرز قىلمىغان بولسا، ئۇ بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتى. لېكىن تاغ - دەريالارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇنىڭ مەيلىنى تارتامدۇ؟ ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر دۆڭدە پۇشايمان قىلغاچ يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنى سىنىپ باشلىقى يەن ئىزدەپ تاپتى، يەن ئۇنى قولىدىن تارتىپ:

— ئېلىۋالغان مومىلىرىڭنى بىز يەۋەتتۇق، بىرنەچچە كۈنلۈك تامىقىڭنى بىز ھەل قىلىشىمىز كېرەك! — دېدى.

ئۇ ھورى ئۆرلەپ تۇرغان قىزىق ئوماچ ئىچتى ۋە يۇمشاق موما يېدى، كۆزىنىڭ جىيەكلىرى ھال رەڭ تۇسكە كىردى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ مومىسىنى يېگەنلەر ئۇنى مېھمان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى گالدىن تەستە ئۆتىدىغان ئاچچىق مومىنى يېمەيدىغان، باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش قورۇما ۋە گۈرۈچ تامىقى يەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بارا - بارا كۈلكە جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ خالىس سوۋغىسىنى ئۇنىسىز قوبۇل قىلدى ۋە ساددا، لېكىن مېۋىسى مول دوستلۇقتىن بەھرىمەن بولدى. ساۋاقداشلىرىغا رەھمەت ئېيتقۇدەك مادارى يوق بۇ قىز ساۋاقداش تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇش، باشقىلارغا يەنىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ياردەم بېرىش ۋە ياتاقنىڭ تازىلىقىنى تالىشىپ قىلىش ئارقىلىق ساۋاقداشلىرىغا رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئۇ كېيىن سىنىپ بويىچە ئۆگىنىشتە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە ساۋاقداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئۇ شۇنى بىلەتتىكى، ساۋاقداشلىرى بەرگەن بايلىق سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ئاق كۆڭۈللۈك ۋە سەمىمىيەت ئىدى. ئۇلارنىڭ دوستانىلىقى گويا باھار پەسلىدىكى ئىللىق قۇياش نۇرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولىنى يورۇتاتتى.



چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا سېنى ئۈركەش - ئۈركەش قۇم دېڭىزىدىن پەقەت تۆگىلا ئاچىقالايدۇ، قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە سېنى پەقەت چىراغ يورۇقىلا يورۇقلۇققا باشلاپ چىقىدۇ.

# خاراكتېر ئىمتىھانى

سۇڭ يەنچۇن

ۋاڭ خوجايىن سودا سارىيىدىكى ئىشلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇن ئىدى، لېكىن ئوغلىنى تەربىيىلەشتە قاتتىق مەغلۇپ بولدى. ۋاڭ شاۋماۋ ئىسىملىك بۇ ئوغۇل مەكتەپتە ھېچكىمدىن قورقمايدىغان بالا - قازا بىر بالا ئىدى، ئۇ ئوقۇشتىن بەك رايى قايتقان، ھەرقايسى پەنلەردە نەتىجىسى ئىنتايىن ناچار ئوقۇغۇچى ئىدى. بىر كۈنى، ۋاڭ خوجايىن يېنىمغا كېلىپ ئوغلىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— مەن شۇنداق پەزىلەتلىك ھەم شۇنداق يارامىلىق ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ئاڭلىسام سىز دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پىكىر بايان قىلىشىغا يول قويىدىكەنسىز، دەرسخانا كەيپىياتىنى بەك جانلاندۇرۇۋېتىدىكەنسىز. بۇنىڭدىن باشقا چەت - ياقىغا جايلاشقان جايلارغا ئۆزىڭىز چىقىپ قىلىپ ساياھەتكە بارىدىكەنسىز. تۇرقىڭىزدىن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. ئوغلۇم سىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭغا سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم. مەن ۋاڭ خوجايىندىن ئوغلىنىڭ خاراكتېر ۋە قىزىقىشىغا دائىر ئىشلارنى سورىدىم - دە، ئۇنىڭدىن خاراكتېر ئىمتىھانى ئېلىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ۋاڭ شاۋماۋ بىلەن بىرىنچى قېتىم يۈز - كۆزۈمنى يۇيماي، ساقال - بۇرۇتۇمنى ئالماي، ياماق چۈشكەن پادىچى ئىشتىنىمنى، پۇتۇمغا كەش كىيىپ كۆرۈشتۇم. ئالايىتەن مۇشۇنداق بولۇۋالغانىدىم. مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن بالا - قازا بۇ بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلغانىدىم. ئۇنىڭغا ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالماقچى بولدۇم، ئۇ قارشى چىقمىدى. ئۇ مەندىن:

— نەچچە نومۇر ئالسام بولار؟ — دەپ سورىدى.
— نۆل، — دېدىم مەن.
ئۇ خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ، نېمە دېگەندەك يەنە مەندىن:
— نەچچە نومۇر؟ — دەپ سورىدى.
— نۆل، — دېدىم مەن يەنە.
— بولىدۇ، ئىمتىھاندا يۈز نومۇر ئالالمايمەن، لېكىن نۆل ئېلىشقا ئىشەنچىم بار. شۇنداق كېلىشتۇق ئەمىسە، ناۋادا نۆل ئالسام، سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن ئىستېپا بېرىسىز. پۇشايمان قىلمايسىز جۇمۇ! — دېدى.
— پۇشايمان قىلمايمەن، پۇشايمان قىلمايمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا ساكىيامۇنىدەك جاۋاب بېرىپ.
بىرىنچى سوئال، «خىيالچان كېچە» نىڭ ئاپتورى كىم؟ A. لى بەي، B. دۇفۇ، C. بەي جۈيى
— ئاپتورىنىڭ لى بەي ئىكەنلىكىنى ئۈچ ياشلىق بالىمۇ بىلىدۇ، لېكىن ئۇنى تاللىمايمەن، — دېدى ئۇ. ئۇ B نى تاللىدى.
ئىككىنچى سوئال، جۇڭگونىڭ پايتەختى قەيەر: A. نەنجىڭ، B. بېيجىڭ، C. تيەنجىن.
ۋاڭ شاۋماۋ كۈلۈپ قويۇپ، قەستەنگە B نى تاللىمىدى.
ئۈچىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان چاغدا، ۋاڭ شاۋماۋ بېشىنى قاشلىدى. شىنخەي ئىنقىلابى قاچان پارتلىغان؟ دېگەن سوئال ئىدى. A. 1901 - يىلى، B. 1911 - يىلى، C. 1922 - يىلى، ئۇ ئارىسالدى بولۇپ B نى تاللىدى. ئۇنىڭ نۆل ئالىدىغان ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى. چۈنكى شىنخەي ئىنقىلابى 1911 - يىلى پارتلىغانىدى.
ۋاڭ شاۋماۋ ئوتتۇز نومۇر قويۇلغان ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ قايىل بولمىدى، ئۇ:
— كېلەر قېتىملىق ئىمتىھاندا كىتاب كۆرسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى مەندىن.
— ئەلۋەتتە بولىدۇ. بىراق ئىمتىھان سوئالى بۈگۈنكى سوئالدىن قىيىن بولىدۇ، ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ — دېدىم.
— بار! — دېدى ئۇ ماڭا.
بىرىنچى قېتىملىق نۆلنىڭ دەرسى ئوڭۇشلۇق تۈگىدى. مەن ئۇنى مەن قۇرغان توزاقتا چۈشتى دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئەتەي خاتا جاۋاب بەرگەنلىكى

شۇنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، ۋاڭ شاۋماۋ مەن ئورۇنلاشتۇرغان ھەر قېتىملىق ئىمتىھانغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان، چوڭقۇر ئويلىنىدىغان ھەم ھەر خىل كىتابلارنى كۆرىدىغان بولدى. مەن ئاخىر ئۇنىڭ نۆل ئېلىشىغا يول قويدۇم. ئەمما ئۇ مېنى ھەيدىۋېتىش خىيالىدا بولمىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىدىن داۋاملىق ئىمتىھان ئېلىشىمنى، كىتاب كۆرمەيمۇ نۆل ئېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا يالۋۇردى.

يازلىق تەتىل تۈگىدى. مەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىپ مەكتەپكە قايتتىم. كېيىن ۋاڭ خوجايىنىنىڭ رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بەرگەن تېلېفونىنى ئالدىم. ئۇ تېلېفوندا ماڭا ئوغلىنىڭ ئۆگىنىشتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ مېنىڭ چارەمنىڭ دانالىقىنى ئېيتىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي مېنى ماختاۋەردى. مەن ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ باشقا بالىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، مەن پەقەتلا «شاگىرتنىڭ ھالىغا قاراپ ئۆگىتىش، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش» ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىمنى دېدىم.



ئىللىق ئائىلىنى، ساۋاقداشلارنىڭ سەمىمىي دوستلۇ-
قىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ساۋاقداشلارنىڭ
دوستلۇقى ئالتۇندىنمۇ ساپ بولىدۇ.

# مەكتەپ پۈتتۈرۈش سوۋغىسى

ۋۇ ياۋمىڭ

تۆت يىللىق ساۋاقداشلار ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتۇق. بىرمۇنچە ساۋاقداش-لار مەكتەپ پۈتتۈرۈش خاتىرىسى ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىغا سوۋغا تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. مەن لىن جېنىڭلا بىر چەتتە جىم ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇ يىراق تاغلىق كەنتتىن كەلگەن، ئائىلىسى نامرات، ساۋاقداشلار-غا سوۋغا قىلغۇدەك بىر نەرسە ئالىدىغان ماجال ئۇنىڭدا يوق ئىدى. مەن بۇنى بىلەتتىم.

ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، سوۋغا توغرىسىدىكى پاراڭنى توختاتتۇق، ئۇ بىزنىڭ جىمىپ قالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كۆپچىلىككە مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك سوۋغام بار، — دېدى.

— كېرىكى يوق، كۆڭلۈڭ بىزگە تېگىل بولدى، — دېدۇق ئۇنىڭغا.

— مەن بۇ گەپنى چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

لىن جې ئىككىمىز بىر ياتاقتا ياتاتتۇق. تۆت يىل سەن - پەن دېيىشمەي ئوبدان ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئەھۋالى ماڭا بەش قولدەك ئېنىق ئىدى.

ھەر قېتىم ئوقۇش باشلانغان چاغدا، ئۇ ئۆيىدىن ئىككى قۇتا چىلىغان تۇرۇپ ۋە كۆكتات ئەكېلەتتى. سەي ئورنىدا چىلىغان سەي يەيتتى. ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا، تامىقىنى ئېلىپلا، ياتاققا قايتىپ چىلىغان سەي بىلەن تاماق يەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئەكەلگەن چىلىغان سېيىنى ئىقتىساد قىلىپ ئىشلە-تەتتى. ئۇزاقراق ئىشلىتىشكە تىرىشاتتى. ھەرقانچە ئىقتىساد قىلغان بىلەنمۇ چىلىغان سەي ئۇنىڭ بىر مەۋسۇم يېيىشىگە يەتمەيتتى. سەيسىز قۇرۇق تاماققا قالغانلىقىنى كۆرگەن ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا ئاز - تولا تاماق بېلىتى بېرەتتى.

مەن ئۆيۈم شەھەردە بولغاچقا، پات - پاتلا ئۆيدىن بېلىق ۋە گۆش ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا بېرەتتىم. يەكشەنبە كۈنلىرى، شەھەردە تۇرىدىغان ساۋاقداشلار تامىقىد-

نى ياخشىلاش مەقسىتىدە ئۇنى نۆۋەت بىلەن ئۆيلىرىگە ئاپىراتتى.
قىش كۈنلىرى، ئۇ بەك يېلىنىڭ كىيىنىپ يۈرەتتى. ساۋاقداشلار ئۇنىڭغا ئۆيلىرىدىن كىيىم - كېچەك ئەكېلىپ بېرەتتى، گەرچە كىيىملەر كونىراق بولسىمۇ، لېكىن لىن جې موھتاج ئىدى. لىن جې ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان، بىز قارتا ئوينايتتۇق، قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتۇق، مۇھەببەتلىشەتتۇق. بۇ چاغلاردا ئۇ يا سىنىپتا، يا قىرائەتخانىدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشتىن ھاسىل قىلغان ئاز - تولا تەسىراتلىرى توغرۇلۇق ماقالە يېزىپ، ئېلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن گېزىتخانىغا ئەۋەتەتتى. قەلەم ھەققى بىلەن ئوقۇش راسخوتىنى تۆلەيتتى ياكى كىتاب ئالاتتى. بىز ئوينىشىپ بىزنى مېھمان قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتاتتۇق. بۇ پەقەت بىزنىڭ چېقىشىپ دەپ قويغان گېپىمىز ئىدى. قەلەم ھەققىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىكەن-لىكىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق.

مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بىزنىڭ سىنىپتا ئۆتكۈزۈلدى، ساۋاقداشلار ئۆزئارا ياخشى تىلەكلەر تىلىشىپ، بىر - بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىشماقتا ئىدى.

تۆت يىل داۋامىدا ساۋاقداشلار بىر - بىرىمىز بىلەن ياخشى - يامان دېيىشكەن بولساقمۇ، ھەر تەرەپكە كېتىدىغانلىقىمىزنى، بۈگۈنكىدەك جەم بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ ئەمدى كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىساقلا كۆڭلىمىز يېرىم بولاتتى.

شۇ چاغدا، لىن جېنىڭ ئارىمىزدا يوقلۇقىنى بايقاپ قالدىم. لىن جې قېنى؟ بىز ئۇنى ئىزدەۋاتساق، ئۇ بىر دەستە خاتىرە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. نېمانداق چاكىنا ئۇ؟ ئوقۇشمۇ پۈتتى، كۆپچىلىككە خاتىرە دەپتەر تەقدىم قىلغىنى نېمىسى ئۇنىڭ؟ ئۇ كۆپچىلىككە پەرۋا قىلماي، ھەربىر-رىمىزگە بىردىن خاتىرە دەپتەر بەردى. ئاندىن كېيىن، ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ، خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ:

— مەن تۆت يىلدىن بۇيان ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئوتتۇز بەش پارچە ئەسەرنى تاللاپ، مۇشۇ خاتىرە دەپتەرگە پۈتتۈم. ماڭا ھەربىر ساۋاقداش ياردەم بەرگەن، مەن ھەربىر ساۋاقداشنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىنى يېزىپ قالدۇرۇپ ماڭغان. مەن بۇنى كۆپەيتىپ ئوتتۇز بەش

خاتىرە دەپتەر قىلدىم. مەن كۆپچىلىكنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىنى ياندۇرالمى-
دىم، لېكىن بۇ سەمىمىي ھېسسىيات بىر ئۆمۈر يۈرىكىمدىن چىقمايدۇ! —
دېدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىغا ئېگىلىپ سالام قىلدى، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە
يەردىن بېشىنى ئالمىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا، كۆز چاناقلىرىدا
لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆردۈم.

جىمجىتلىق، بۇ جىمجىتلىقتا يۈرەكنىڭ سوقۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى
بولاتتى. ھەممىمىز تەسىرلەندۇق. بىز تۆلىگەن بەدەلنىڭ ھەقىقەتەن تىلغا
ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. بىراق، مەن شۇنى بىلدىمكى، مۇشۇ ئالاھىدە سوۋغا
بولغاچقا، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق تېخىمۇ قەدىرلىك بولىدۇ.

# سەۋرى قامەتلىك بامبۇك دەرىخىنىڭ ئىزھارى

«ياپيېشىل تاغلاردۇر ماكانىم مېنىڭ،
قىيادىن ئۈنىدۇ يىلتىزىم مېنىڭ،
قاتمۇقات مۇشەققەت ئالدىدا ھەرگىز،
تەۋرەنمەس مۇستەھكەم ئىرادەم مېنىڭ»

ھەربىر ئادەمنىڭ ياشلىق باھارىدا ئوخشاش بولمىغان قىستۇرما كۈيلەر بولىدۇ، بەزى كۈيلەر جۇشقۇن ھەم ياڭراق، بەزى كۈيلەر مىسكىن ھەم مۇڭلۇق كېلىدۇ. بىز تىنىچ ئولتۇرۇپ بامبۇكنىڭ تۇپ-راقنى يېرىپ چىققان چاغدىكى ئاۋازىغا قۇلاق سالساق، بامبۇكنىڭ جۇدۇن - چاپقۇندىكى غەيۇرانە قىياپىتىنى، ھاۋا ئوچۇق چاغدىكى زىلۋا قامىتىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنىڭ بىلەن ياشلىق باھارىمىزدا قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان ۋە ئاتاق - ئابرۇيغا بېرىلمەيدىغان «بامبۇك روھى» بىر ئۈلۈش كۆپىيىدۇ.



مۇھەببەتنىڭ چېگرىسى بولمايدۇ؛ مۇھەببەت قىممەت تەكشۈرمەيدۇ؛ مۇھەببەت سالاھىيەت سۈرۈشتە قىلمايدۇ. بۇ دۇنيادا، ھەركىم مۇھەببەت قوغلىشىشقا ئەرزىيدۇ.

# ھەركىم مۇھەببەت قوغلىشىشقا ئەرزىيدۇ

ما دي

ئۇ بىر تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئىدى. ئۇنى بىر ئايال بېقىۋالدى، ئۇنى بېقىۋالغان ئايال ۋە ئۇنىڭ ئېرى قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان، شۇ چاغقىچە بالا يۈزى كۆرمىگەن ئەر ـ خوتۇنلار ئىدى. ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتەتتى. كېسەل ئېرى يىل بويى ئورۇن تۇتۇپ ياتاتتى. خوتۇنى داۋاملىق سىرتلاردا يۈرۈپ باشقىلارنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى قىلىپ بېرىپ ياكى ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ ئائىلىسىنى قامدايتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بۇ بالىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، كۈنلىرى نامراتلىقتا ئۆتسىمۇ، ئۇنى سۈت ۋە تۇخۇملار بىلەن بېقىپ چوڭ قىلدى.

بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەكتەپتە بىرنەچچە كۈن ئوقۇپلا، ئوقۇماس بولۇۋالدى، ئۇ بىر توپ قالايمىقان بالىلارغا ئارىلىشىپ يۈردى. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئۆيىگە يېنىپ كېلەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ئۇ بېقىۋالغان ئاتىسىنىڭ كارىۋاتتا ياتقان كېسەل ھالىتىنى، ئانىسىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيدىن سەل رايى قايتتى. بىر قېتىم، شەھەردىكى بىر باغچىدا ئۇ بىرنەچچە بالا بىلەن بىر خەلق ئىشچىسىنىڭ پۇلىنى بۇلاپ، قۇتۇلۇپ قالدى. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ بېقىۋالغان ئاتا ـ ئانام مېنىڭدىن چانسا، ئۇلاردىن ئۇزۇل ـ كېسىل ئايرىلىمەن دەپ ئويلىدى. لېكىن بېقىۋالغان ئانىسى گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بېقىۋالغان ئاتىسى قازا قىلىپ كەتتى، بېقىۋالغان ئانىسىمۇ قېرىپ، چۇۋۇق چاچلىرى تامام ئاقىرىپ شامالدا پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان شامدەك پىلدىرلاپ قالغانىدى. ئۇ ئىش قىلىدىغان يېشــىغا يەتــتــى، لېــكىن ئىشلىمەي، ئەتىدىن ـ كەچكىچە لاغايلاپ يۈردى. نەتىجىدە، توپلىشىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بەش يىل كېسىلىپ كەتتى. ئۇ بەش يىل ئىچىدە كۈنلىرىنى

غۇۋالىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلدى. شۇ مەزگىللەردە ئاتمىش ياشتىن ئاشقان بېقىۋالغان ئانىسىنى شۇنچە يىراق يەردىن ئۇ جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان تۈرمىگە كېلىپ، ئۇنى يوقلاپ تۇردى. ئۇ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان بېقىۋاتقان ئانىسىغا قاراپ، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۈرىكى سەل - پەل ئېچىشتى.

ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ بېقىۋالغان ئانىسى تۇرۇشلۇق شەھەرگە بارمىدى، بىرنەچچە شەھەرنى ئايلىنىپ، ئاخىر بىر شەھەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەنە تىنچ يۈرمەي، شۇ شەھەردىكى بىر قىسىم ناچار ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قالدى. ئۇلار بىر قېتىم چوڭ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلدى. بىراق، سىرلىق بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى مەقسىتىگە يېتىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇ پارتلىتىشقا مەسئۇل بولغانىدى، شۇ ئارىدا پارتلىتىش دورىسى سەۋەبسىز ئۆچۈپ قالدى.

پارتلىتىش ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن، پۇل قاچىلاپ ماڭغان ماشىنا ئامان قالدى. لېكىن ئۇلارنى ساقچىلار تۇتۇۋالدى. سوراق جەريانىدا، ئۇ پىلىككە ئوت ياقاي دەپ تۇرغان چاغدا، بېقىۋالغان ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان چاچلىرى چۇۋۇق، ياشانغان بىر ئايالنىڭ ئۈچ چاقلىق ھارۋىنى ھەيدەپ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، پارتلىتىش دورىسىنى پارتلاتمىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭدا ھالقىلىق پەيتتە پەيدا بولغان بۇ خىيال ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ساقچىلار ساقچىخانىلار ئارقىلىق تەكشۈرۈپ، بېقىۋالغان ئانىسىنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ساقچى تەرەپ بېقىۋالغان ئانىسىنى شۇنچە يىراق يەردىن ئەكېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. بېقىۋالغان ئانىسى بالىسىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، ئانا - بالا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشىپ كېتىشتى. بېقىۋالغان ئانىسى:

— سېنىڭ ئىشىڭنى ساقچىلار ماڭا دېدى، — دېدى بالىسىغا.

بالىسى يىغلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. ئۇ بېقىۋالغان ئانىسىغا:


— ئانا، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، شۇنچە يىل جاپا تارتىپ باققانلىرىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق ۋاپاسىز بىر ئوغۇل سېنىڭ شۇنچە يىلدىن بېرى بېرىپ كېلىۋاتقان ئانىلىق مېھرىڭنى ئاقلىيالمىدى، — دەپ ئايانچلىق ھالدا، — ئانا، سەن ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىڭنى خاتا بېرىپ قويۇپسەن ... — دەپ ۋارقىرىدى.

— ياق، — دېدى بېقىۋالغان ئانىسى چاچلىرىنى تۈزەپ تۇرۇپ، —

ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىمنى خاتا بېرىپ قويمىدىم. توغرا، مېنىڭ سەن ئۈچۈن ئازابلانغان، سېنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەن چاغلىرىم بولغان. ئەمما، سېنىڭ شۇ قېتىمقى ئىشىڭنى ئوقۇپ، ساڭا ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىمنى خاتا بېرىپ قويمىغانلىقىمنى بىلدىم!

ھېكايىنىڭ يېشىمى ناھايىتى ئاددىي، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جازا ئۆتەش مۇددىتى توشقان چاغدا، ئۇنىڭمۇ يېشى بىر يەرگە باردى. ئۇ چەت - ياقىغا جايلاشقان ناتونۇش شەھەردە بىر ئاشخانا ئاچتى. ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ شەھەردىكىلەر ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان تالاي كىشىلەرگە ياردەم قىلغانلىقىنى، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى.

ئۇ قازا قىلىپ كېتىشتىن ئىلگىرى، ئاشخانىسىنى بىر يېتىم بالىغا بەردى. ئۇ بۇ يېتىم بالىغا بىر ئېغىز سۆزىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ سۆز ئۇنىڭ بېقىۋالغان ئانىسى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتكەن: بۇ دۇنيادا، ھەركىم مېھرىڭنى بېرىشكە ئەرزىيدۇ دېگەن سۆز ئىكەن.



شادلىق ئۆزئارا بولىدۇ، باشقىلارنى شادلاندۇرالىغان ئادەملا ھەقىقىي شادلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

## شادلىق بەخش ئەتكۈچى تۆت ئېغىز سۆز

يا چىن

ئون ئالتە ياشلىق بىر ئۆسمۈر بالا ياشانغان بىر دانىشمەننى زىيارەت قىپتۇ.

— مەن قانداق قىلسام ئۆزۈمنى خۇش قىلالايدىغان ھەم باشقىلارنى شادلاندۇرالايدىغان بىر ئادەم بولالايمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆسمۈر بالا دانىشمەن بوۋايدىن.

دانىشمەن بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— بالام، مۇشۇ يېشىڭدا سەندە مۇشۇنداق بىر ئىستەكنىڭ بولۇشى، بۇ ئاسان ئەمەس. مەن ساڭا تۆت ئېغىز سۆز ھەدىيە قىلاي، بىرىنچى ئېغىز سۆز: سەن ئۆزۈڭنى باشقىلار دەپ بىل، — دەپتۇ.

— بۇ گەپچە، مەن ئازابلىنىپ كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا، ئۆزۈمنى باشقا بىر ئادەم دەپ بىلسەم، ئازابىم يەڭگىللەيدۇ؛ خۇشاللىقتىن قىن - قىنىمغا پاتماي قالغاندا، ئۆزۈمنى باشقا بىر ئادەم دەپ بىلسەم، خۇشاللىقىمدا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمايمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۆسمۈر بالا.

دانىشمەن بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ئارقىدىنلا:

— ئىككىنچى ئېغىز سۆز: باشقىلارنى ئۆزۈڭ دەپ بىل، — دەپتۇ.

ئۆسمۈر بالا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

— بۇ گەپچە، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىككە ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلغىلى ۋە ھاجىتىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا يادەم بەرگىلى بولىدىكەن - دە، — دەپتۇ.

دانىشمەن بوۋاينىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— ئۈچىنچى ئېغىز سۆز: باشقىلارنى باشقىلار دەپ بىل، — دەپتۇ.

ئۆسمۈر بالا چوڭقۇر ئوي بىلەن جىمىپ كېتىپ:

— بۇ مۇنداق دېگەن گەپ ئوخشىمامدۇ، باشقىلارنىڭ مۇستەقىللىقىگە تولۇق ھۆرمەت قىل، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىگە دەخلى - تەرۇز

قىلما، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— بارىكاللا، بارىكاللا، ئۈمىدلىك بالىكەنسەن، — دەپتۇ.

— تۆتىنچى ئېغىز سۆز: ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ دەپ بىل، بۇ سۆزنى چۈشەنمەك بەك تەس، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈڭدە ئاستا - ئاستا چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭگە قالدۇرۇپ قوياي، — دەپتۇ دانىشمەن بوۋاي.

— ماقۇل، بۇ تۆت ئېغىز سۆزنى قانداق قىلسام بىرلىككە كەلتۈرەلەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆسمۈر بالا دانىشمەن بوۋايدىن.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، بۇنىڭغا ئۆمرۈڭدىكى ۋاقىت ھەم كەچۈرمىشلىرىڭنى سەرپ قىلىسەن.

گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى: شادلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتىدۇ. كىشىلىك ھاياتىمىزدا تالاي داۋلىلار بار، شۇ داۋلىلارنى چۈشىنىش ۋە تەسىراتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېرەك بولىدۇ.



بەزىلەر ئانا مېھرىنىڭ نازۇكلۇقى، ئاتا مېھرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۈچۈن يىغلايدۇ؛ بەزىلەر ئۆزىنى ئەيىبلەپ، ئەپسۇس - نادامەت چېكىپ يىغلايدۇ.

# بىر تاغار موما

ما شياڭسەي

بىر يىلى، مەن جياڭسۇنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا جازا مۇددىتى ئۆتىدىم. بىر قېتىم زاۋخېلىق بىر جىنايەتچى ئەكېلىندى. ئۇ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئارىلاپ يوقلاپ تۇرغان جىنايەتچىلەرگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ ئائىلىسىگە كەينى - كەينىدىن توختىماي خەت يازاتتى، ھەر ئايدا بېرىلىدىغان بىرنەچچە يۈەن «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش پۇلى» لېپاپ ۋە ماركا سېتىۋېلىش بىلەن تۈگەيتتى. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، ئائىلىسىدىن ئۇنى كۆرگىلى ھېچكىم كەلمىدى. ئاخىر، ئۇ تاقەت قىلالماي ئۆيىگە «ئادا - جۇدا بولۇش خېتى» يېزىپ، پوچتىدىن سېلىۋەتتى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشۇ بىرتاللا بالىسى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە بالىسىنى يوقلاپ كېلىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلىغان، لېكىن بەك نامرات بولغاچقا، نەچچە ئون يۈەنلىك يول خىراجىتىنىمۇ ئېپىنى قىلالمىغانىدى. ئوغلىدىن كەلگەن «ئادا - جۇدا بولۇش خېتى»نى تاپشۇرۇۋالغان ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇلار ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، ئوغلىنى كۆرۈپ كېلىش قارارىغا كەلدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى قول ھارۋىسىنى ئاچىقىپ، چاقىدىن يەل قاچامدۇ، يوق، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، چاتاق يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئۆيىدىكى بىردىنبىر يېڭىراق يوتقاننى ھارۋىغا يېيىپ سالدى، ئاندىن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىغا قاراپ يول ئالدى.

ئۇلار يولدا ھارۋىنى نۆۋەتلىشىپ تارتىپ، نۆۋەتلىشىپ ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ماڭدى، كىم ھارغان بولسا شۇ ئارام ئالدى، لېكىن ھارۋا بىكار تۇرۇپ قالمىدى. ئاتا ھەمراھىنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بېشىنى سىلىپ ھارۋا تارتاتتى، بولمىغان چاغدا، ھەمراھى ھارۋا تارتىپ، ئۇ ئارام ئالاتتى.

سەپەر يىراق ئىدى، ئۇنىڭ ئايىغى يىرتىلىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئويلىمىغانىدى. خوتۇنى ئېرىنىڭ پۇتىدىن تىكەننى تارتىۋالغاندا، ئاچچىقىغا پايلىماي بېشىنى چايقاپ، خۇرسىنىپ كەتتى. لېكىن يولنى داۋام قىلمىسا بولمايتتى، تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان چاغدا، نەلەردىندۇر تېپىپ كەلگەن توقماق بىلەن ھارۋىنى تىرەپ قويۇپ، ئۆزلىرى دالىدا بىرەر - يېرىمدەم كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ، تاڭ قاراڭغۇسىدا يەنە يولىنى داۋام قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، ئىككى يۈز چاقىرىمدىن ئوشۇق يول بېسىپ، ئۈچ كۈندۈز - ئۈچ كېچە ئۆتكەندىن كېيىن مەنزىلگە يېتىپ كەلدى.

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى تۇرمىگە ئوخشاشمايتتى. بىرەر جىنايەتچىنى ئائىلىسىدىكىلەر يوقلاپ كەلسە، ئەتراپىقا بىر توپ جىنايەتچى ئولىشىۋالىدىغان ئەھۋال كۆزگە سىڭىپ قالغانىدى. شۇڭا زاۋخېلىق جىنايەتچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆرگىلى كەلگەندە، مەنمۇ باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن شۇ مەيداندا بار ئىدىم.

شۇ كۈنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بالىسىنى كۆرگىلى ئىككى يۈز چاقىرىمدىن ئوشۇق كېلىدىغان يۇرتىدىن پىيادە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇ مەيداندا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولدى! بولۇپمۇ يىرتىق ئاياغنىڭ ئۇچىدىن چىقىپ قالغان قاپقارا بارماقلارنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلاپ كەتتى. ھەتتا باشقۇرۇش، تەربىيىلەش كادىرلىرىمۇ كۆز ياشلىرىنى ئېيتتىشتى. بۇ چاغدا «گۇپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ زاۋخېلىق جىنايەتچى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى!

بىز ئالدىراش بېرىپ ئۇنى تارتتۇق، لېكىن ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، مەيداننىڭ باشقۇرۇش - تەربىيىلەش كادىرلىرى بىزگە:

— ئۇنى تارتماڭلار، تىزلىنىپ ئولتۇرسۇن، تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ! — دېيىشتى - دە، زاۋخېلىق جىنايەتچى بىلەن كارى بولماي، بوۋاي بىلەن موماينى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك ئاشخانىغا ئەكىرىپ، ئاشپەز ئۇستاملارغا سۈيۈقئاش قىلىشنى جېكىلىدى. كۆپ ئۆتمەستىن، لىقمۇ- لىق ئىككى چىنە سۈيۈقئاش تەييار بولدى. بوۋاي بىلەن موماي قورسىقى ئېچىپ ئېچىرقاپ كەتكەنىدى، تۇزۇتمۇ قىلمىدى، ئورۇندۇقتىمۇ ئولتۇرماي، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان پېتى تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە سۈيۈقئاشنى بىر تېمىم سۈيىنىمۇ قالدۇرماي، تەرلەپ ئولتۇرۇپ پاك - پاكىز

ئېچىپ بولدى.

تاماقتىن كېيىن، باشقۇرۇش - تەربىيىلەش كادىرلىرى يەنە كېلىپ بىر تۇتام پارچە پۇلنى ئۇلارغا تەڭلەپ:

— بوۋا، موما، بۇ بىرنەچچىمىز يىغقان بىر يۈز يىگىرمە يۈەن پۇل، پۇل جىق ئەمەس، ئەمما بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز، — دېدى.

باشقۇرۇش - تەربىيىلەش كادىرلىرى شۇنچە گەپ قىلسىمۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ تۇرۇپ يەنە پۇلۇڭلارنى ئالساق قانداق بولىدۇ؟ سىلەرنىڭمۇ بالا - چاقاڭلار بار، سىلەرگىمۇ ئاسان ئەمەس، — موماي شۇنداق دەپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ، — بالام، ئوبدان ئۆزگەر، كېلەر يىلى بۇغداي يىغىمىدىن كېيىن، ئاتاڭ ئىككىمىز يەنە سېنى كۆرگىلى كېلىمىز ... — دېدى.

ئادەتتە، ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشۈشىگە پەقەت يېرىم سائەتلا ۋاقىت بېرىلەتتى، بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكىنىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەش كادىرلىرى ئىمكان بار كۆرۈشۈش ۋاقتىنى كەينىگە سۈردى. ئاخىر، ئۇلار ئوغلىغا تازا سەپسېلىپ قارىۋېتىپ، كۆزى قىيمىغان هالدا يولغا چىقتى. مېنىڭ ئالدىدا بوۋاي قول هارۋىسىدىن بىر تاغارنى تەستە يەرگە ئالدى - دە، ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان بالىسىنىڭ قورسىقىنىڭ تويماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قورسقى ئاچقاندا يەي-دىغان نەرسە ئالغاچ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.


زاۋخېلىق جىنايەتچى بىردەم - بىردەم كەينىگە قاراپ، ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاتا - ئانىسىغا قاراپ يەنىلا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ياش ئىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولدى. بۇ چاغدا تاغاردا يەيدىغان نېمە باردۇ؟ يەيدىغان نەرسە ئەكەلگەن تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمانداق ئېچىرقاپ كېتىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئارىمىزدا ئىككى زاۋخېلىق جىنايەتچى بار ئىدى، ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىپ هېلىقى يوغان تاغارنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى. ئارىسىدىن بىرى تاغارنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتالمىدى، تاغار «گۇپ» قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. تاغاردىن يۇمىلاق نەرسىلەر تۆكۈلۈپ يەرنى بىر ئالدى. مەن بېرىپ قارىدىم، تاغاردىن يەرگە نەچچە يۈز موما دومىلاپ چۈشكەنىدى! بۇ مومىلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى يۇمىلاق ۋە بەزىلىرى ياپىلاق ئىدى، بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى، بىر قاسقاد-

دىن چىققان موملارغا ئوخشاشمايتتى. يەنە كېلىپ موملارنىڭ يېرىمى قۇرۇ-
تۇلغانىدى. مەن ئۆزۈمنى كاچىتىمغا بىر شاپىلاق تەگكەندەك، يۈزۈم ئاچچىق
ئاغرىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مەن «جەمئىيەت»تە «باغرى تاش» دەپ نام
ئالغان ئادەم ئىدىم. شۇ تاپتا كەيپىياتىمنى كونترول قىلالماي قالدىم. زاۋخې-
لىق جىنايەتچىنىڭ يېنىغا كېلىپ «گۇپ» قىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردۇم. بۇ
ھەرىكىتىم باشقىلارغىمۇ تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، شۇ مەيداندىكى جىنايەت-
چىلەرنىڭ ھەممىسى تەكشى تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئىككى يۈز چاقىرىم يولنى پىيادە بېسىپ ئوغلىنى
كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى، ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ مۇشۇنچىلىك موما يىغقانلىقىنى
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى! كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرىۋېتىدىغان ئىش
شۇكى، مومىنىڭ پاختىلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنىڭ بىرى ھارۋا
تارتسا، بىرى ھارۋىدا موما قۇرۇتقانىدى ... ئەمەلىيەتتە، ئەمگەك بىلەن ئۆز-
گەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدا تاماقنىڭ نورمىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە
ھەربىر مومىنىڭ بىر جىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن ...

بۇ تاغارغا قاچىلانغان نەرسە، موما ئەمەس، بەلكى مېھرىبان يۈرەك، ئاتا
- ئانىنىڭ مېھرىبان يۈرىكى ئىدى! بۇ يۈرەك كۆزۈمگە، روھىمغا سانجىلىپ
جېنىمنى ئالدى! شۇ چاغدا «ئاتا، ئانا، مەن ئۆزگىرەلەيمەن!» دېگەن يۈرەكنى
ئەزگۈدەك بىر ئاۋاز قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىدى.

زاۋخېلىق جىنايەتچىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆرگىلى كەلگەن ۋاقىتتا
دېگەن بىردىنبىر گېپى مۇشۇ ئىدى، ھاۋانى تىترەتكەن بۇ بىر ئېغىز گەپ
يۈرىكىمگە بازغاندەك ئۇرۇلدى.



كونىلاردا: چوڭ تۇغاننى بۇزغان چۇمۇلىنىڭ ئۇۋىسى دەيدىغان گەپ بار. ئەرزىمەس ساۋابلىق ئىشنى قىلغۇچە، ئانچىكى يامان ئىش قىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق دەپ قارىماسلىق كېرەك.

# تۇلپارنى يىقىتقان چۆپ

يې چىنچىڭ

مەن بەزىدە ئاغىنەمنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ قالىمەن، ئۈستىلىدە تۇرغان ئىشخانا بۇيۇملىرىنىڭ: مىخ، قىزىل ۋە كۆك قەلەملەرنىڭ ··· جۈپى ـ جۈپى بىلەن تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

مېنىڭ قىزىقىپ قالغانلىقىمنى كۆرگەن ئاغىنەم كۈلۈپ قويۇپ ماڭا بىر قۇتا مىخنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاغىنەم داڭلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئەلا نەتىجىسى بىلەن ئۆلكىلىك بىر ئورگانغا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن گۈزەل ئىستىقبالغا تەلپۈنگەن ياش ئىدى. ئۇ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا بەك كۆپ ئەقىل ئىشلىتىش كەتمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ھېچقانچە بىر نەتىجە ياراتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئىختىيارسىز كۆڭلى سوۋۇپ قاپتۇ.

بىر قېتىم سىستېما بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا، ئۇ ئىشلەۋاتقان باشقارما كېچىچە ماتېرىيال تەييارلاپتۇ. ئۇنىڭغا ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە مىخلاش ئىشى تەقسىم قىلىنىغانىكەن. باشقارما باشلىقى:

— تەييارلىق خىزمىتىنى جەزمەن ياخشى قىلىش كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە ئىككى يېنىمىزغا قاراپ قالساق بولمايدۇ، — دەپ جىددىي جېكىلەپتۇ.

بۇ گەپ ئاغىنەمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقماپتۇ. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بالىلىرى قىلىدىغان بىر ئىشقا شۇنچىلىك دەپ كەتكەن بارمۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بۇ گەپكە پەرۋا قىلماپتۇ. ئىشداشلار تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ. ئاغىنەم باشقىلارغا ياردەم قىلايمۇ دېمەي بىر چەتتە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ماتېرىياللار پۈتۈپ ئۈنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ئۇ ماتېرىياللارنى تۈپلەپ مىخلاشقا كىرىشىپتۇ. ئون نەچچە كىشىلىك ماتېرىيالنى مىخلاپ بولغاندىن كېيىن مىخنىڭ تۈگەيدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن. مىخ قالماپتۇ. ئۇ ئېرىنچەك-لىك بىلەن مىخ قاچىلانغان قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ، قارىسا قۇتا قۇپقۇرۇق.

ھەممە ئادەم ھەرىكەتكە كېلىپ، يېشىك ۋە ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇپ قېزىد-ۋېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇلار بۇرۇن پۈتلىشىپ تۇرىدىغان ئەرزىمەس نەر-سىنى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ.

شۇ چاغ يېرىم كېچە، سائەت ئون بىر بولغان چاغ ئىكەن، ماتېرىياللارنى ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە — يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن ۋەكىللەرنىڭ قوللىرىغا بېرىش كېرەك ئىكەن. باشقارما باشلىقى:

— ساڭا مەن تەييارلىق خىزمىتىنى ئوبدان قىل دېگەن ئەمەسمىدىم؟ مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنىمۇ قىلالمىساڭ، سېنىڭ نەرىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىسى! — دەپ ئۈنىڭغا ۋارقىراپتۇ.

ئاغىنەم گەپ قىلالماي، شاپىلاق يېگەن ئادەمدەك قىزىرىپ - تاتىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

جىق ئاۋارىچىلىكلەردىن، ئەتىسى سەھەر ۋاقتى سائەت تۆتتە، كېچە - كۈندۈز تىجارەت قىلىدىغان بىر سودا مەركىزىدىن مىخ ئاپتۇ. ئاخىر يىغىن باشلىنىشتىن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئورۇندىلىپ بوپتۇ. ئاغىنەم ئىشداشلىرى بىلەن بىللە چىرايلىرىدا تەبەسسۇم، چىرايلىق تۈپلەنگەن ماتېرى-ياللارنى ۋەكىللەرگە تارقىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كېچىچە كۆز يۇممىغانلىقىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن.


شۇ ئىشتىن كېيىن، ئاغىنەم يامان گەپ ئاڭلاشنى كۈتۈپ سالپىيىپ يۈرۈپتۇ. ئادەتتە، ئۇ قوپال ۋە ئادەمىيگەرچىلىكى يوق دەپ قارىغان باشقارما باشلىقى ئۈنىڭغا:

— ئېسىڭدە تۇت، خىزمەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر، — دېگەن سۆزنىلا قىپتۇ.

ئاغىنەم باشقارما باشلىقىنىڭ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر پايدىلىنىپ تۈگىتەلمەيدى-غان پايدىلىق بىر ئېغىز گەپنى قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئۈچ ئۇلۇش خىزمەتنى ئون ئۇلۇش تەييارلىق بىلەن قىلىش كېرەكلىكىنى، بۇنىڭدا ۋاقىت

ئىسراپ بولمايدىغانلىقىنى، ئون ئۈلۈش خىزمەتكە ئۈچ ئۈلۈش روھىي ھالەت بىلەن يۈزلەنسە، بۇنىڭدىن ئوڭشىۋالغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقىنى دەپ بەردى.

ئۇ جىددىي تەرزدە يەنە: تۇلپار ئېگىز ۋە تىك تاغلاردا ئەمەس، بەلكى تۈزلەڭدە يۇمشاق ئوت - چۆپتىن توقۇلغان چەمبەرگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتكە بارىدىغان يولدا، ھەقىقىي پۇتلىكاشاڭ، بەزىدە سەل بىخۇدلۇق ۋە سەل مەنسىتمەسلىكتىن يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ مىسالى مەن بايام دېگەن بىر قوتا كىچىك مىخ.



قىينچىلىقتا، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، مەيلى بەختـ-
لىك ياكى بەختسىز بولايلى، ئىشقىلىپ پىلىلداپ قالغان
ئۈمىد ئۇچقۇنىنى كۆچمىزنىڭ يېتىشىچە ئەمەس، بەلكى
پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يالقۇنجىتىشىمىز كېرەك.

## كەمبەغەللىنىڭ دەسمايىسى

ۋاڭ گوخۇا

ئېگىچە - سىڭىل ئۇچەيلەننىڭ ئەڭ چوڭى ئون تۆت ياشتا، ئەڭ كىچىكى يەتتە ياشتا ئىدى. بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىسىدە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرەپبال قازا قىلىپ كەتتى. بۇ ئۈچ ئېگىچە - سىڭىل كېسەلچان چوڭ دادىسىنىڭ قولىغا قالدى. شۇ يىلى يازدا ئېگىچە - سىڭىللارنىڭ چوڭى ناھىيە-دىكى نۇقتىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتتى، ئەمما ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغىدەك پۇلى يوق ئىدى. بۇ ئىش شۇ يەردىكى گېزىتكە بېسىلغاندىن كېيىن، ئېگىچە - سىڭىللارنىڭ چوڭى بەش يۈز يۈەن ئىئانىغا ئېرىشتى. ئوقۇش راسخوتىنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىغا تۇرمۇش خىرا-جىتى ئۈچۈن يەنە ئىككى يۈز يۈەن ئېشىپ قالدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. چاغان كەلدى، ئېگىچە - سىڭىللارنىڭ چوڭى چاغان ئۆتكۈزگىلى ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. چوڭ دادىسى ھەسرەت بىلەن ئۇنىڭغا ئىككى سىڭلىسىنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پۇل يوق بولۇۋاتقانلىقىنى دېدى. ئېگىچە - سىڭىللارنىڭ چوڭى دېلىغۇل بولۇپ يانچۇقى-دىن پۇرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تونۇغىلى بولمايدىغان يۈز يۈەننى چىقىرىپ چوڭ دادىسىغا بەردى. چوڭ دادىسى ئۇنىڭدىن:

— ئوقۇش خىراجىتىڭنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

نەۋرىسى بېشىنى چايقىدى. چوڭ دادىسى يەنە ئۇنىڭدىن:

— ئوغرىلىق قىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ يەنە بېشىنى چايقىدى. چوڭ دادىسى يەنە ئۇنىڭدىن:

— بۇ نەدىن كەلگەن يۈز يۈەن؟ — دەپ سورىدى.

بۇ خەق ئىئانە قىلغان پۇلدىن ئاشقان يۈز يۈەن ئىدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ قىز يېرىم يىللىق تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن

پەقەت يۈز يۈەن ئىشلەتكەنىدى.

بۇ راست بولغان ۋەقە. پۇل ئىئانە قىلغان كىشى مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا ئاغىنەم گېزىتخانىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن پۇل ئىئانە قىلىنغانلارنى جاۋابەن زىيارەت قىلىپ بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. يېرىم يىلدا يۈز يۈەن ئىشلىتىلگەن. بىر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون ئالتە يۈەن كەتسە، ھەربىر كۈنگە بەش مو كېتىدۇ. بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماق، بىر ۋاخ تاماق …

ئۇيان ھېسابلاپ - بۇيان ھېسابلاپ ئاغىنەمنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەرقانچە ھېسابلاپ، ئۇ قىزنىڭ يۈز يۈەن بىلەن يېرىم يىللىق تۇرمۇشىنى قانداق قامدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقالماپتۇ.

شۇنچىلىك كۆپ شەھەرلىكلەر پۇلنى پاخالدەك خەجلەيدۇ. بىزنىڭ يېنىمىزدىلا بولسا، قۇرامىغا يەتمىگەن بىر قىز بالا تۇرمۇشىنى بىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئۇسۇل بىلەن ھېسابلىق ئۆتكۈزگەن. مەن بولسام، ئىشتىن سىرت يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئادەم، مۇشۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان چاغدا، بۇ ۋەقەلىكتىن قانداق بىر تېمىنى چەكلەپ ئېلىشنى ھەقىقەتەن بىلمىدىم، كۆڭلۈم تولىمۇ، تولىمۇ غەش بولدى …

كىشىلەرنىڭ ئۆمرىگە نەزەر سالساق، بىز ئۆزىمىزدە يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىكەنمىز. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇزۇن سوزۇلغان كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىنتىلىش بىلەن ئۆتكەن مۇ-ساپىسىدە ھاياتلىق بولىقىمىز قۇرۇپ كەتمەيدىكەن.

# كىتاب مەستانىسى

خۇ شيەن

بويا زىچىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى غەمكىن ئىدى، پۇتلىرى سەل تىترەپ تۇراتتى. ئۇمۇ يەتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بوۋاي ئىدى، قەدىناس دوست زىچىنىڭ مۇشۇنداق تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كېتىشى ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى.

زىچى ئۆمۈر بويى پاك ئۆتكەن ئادەم بولغاچقا، ئۇ ھەممە نەرسىدىن مۇشۇ بىر ئۆي كىتابنى ئەتىۋار بىلەتتى. زىچى ۋەسىيىتىدە مۇشۇ ئۆيدىكى بارلىق كىتابلىرىنى ئۇنىڭغا قالدۇرغانىدى. بۇ ئىشتىن بويا سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى. زىچىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ئورۇنلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان باللار ئىدى، بۇ بىر ئۆي كىتابقا ئۇلارنىڭ ھېچقايسى-سى قىزىقمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەملەندى ھەم قەدى-ناس دوستىنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن دوستانىلىكىدىن قەۋەتلا تەسىرلەندى.

زىچىنىڭ بۇ كۇتۇپخانىسى ئۇنىڭغا بەك تونۇش ئىدى. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچكەچ پاراڭلاشقىلى كېلەتتى. ئالدىنقى قېتىم ئالغان كىتابنى قايتۇرۇپ، يېڭى كىتاب ئەكېتەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ئادىتى، ئۇلار ئون يىل بۇرۇن دەم ئېلىشقا چىققاندىن بۇيان مۇشۇ كەمگىچە ئۈزۈلۈپ قالمىغانىدى.

زىچىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى بويانىڭ ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسى دېسىمۇ بولاتتى. زىچىمۇ پات - پات كۈلۈپ تۇرۇپ: مەن سېنىڭ كۇتۇپخاناڭنىڭ باشقۇرغۇچى خادىمى دەيتتى. مانا ئەمدى زىچى بۇ دۇنيادىن كەتتى. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىۋا-سى ئۇنىڭ بولۇپ قالدى. بويا ئادەتتە ئۆزى ئولتۇرىدىغان سافادا ئولتۇردى، ئۇنىڭغا زىچى ئۇدۇلىدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، دىلىنى يورۇتقان مۇشۇ بىر ئۆي كىتابلىرىدىن ئېپتىخارلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىتاب يىغىپ ساقلاشقا دائىر ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— بۇ ئادەم ئەمدى ئۇ دۇنياغا كەتتى، — دېدى بويا، كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلىتىپ. ئۇ مەيدىسىنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، كەيپىياتىنى كونترول قىلىشقا تىرىشتى. مۇشۇ يېشىدا ئارتۇقچە ھاياجانلانسا بولمايدىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەدىناس دوستىنىڭ ئۇستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، رەھمەتلىكنىڭ يىغىپ ساقلىغان كىتابلىرىنىڭ ھېسابىنى ئېلىشقا باشلىدى. ئۇستەل ئۇستىنى نېپىز بىر قەۋەت چاڭ باسقانىدى. بويا ئۇستەلدە تۇرغان بىر كىتابنى قولىغا ئالدى. بۇ كىتاب ھېلىقى «غېرىبانە ھۇجرىدا ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن كىتاب ئىدى. زىچچىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان دەل مۇشۇ كىتاب ئىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، زىچچى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، تېلېفوندا ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان قولىغا چۈشۈرۈش ئىستىكىدە يۈرگەن «غېرىبانە ھۇجرىدا يېزىلغان ماقالىلەر» دېگەن كىتابقا ھازىر باھا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى، دەرھال پۇتۇشۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقان. بويا قەدىناس دوستىنىڭ كىتاب مەستانىسى ئىكەنلىكىنى، قەدىمىي كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ياكى كونا نۇسخىسىغا ئېرىشىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمچە شادلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. زىچچى ئاشۇ «غېرىبانە ھۇجرىدا يېزىلغان ماقالىلەر» دېگەن كىتابنى قولىدىن چىقىرىپ قويغانلىقتىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپلا يۈرەتتى. ئۇ بىر يىل شۇ كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇ ئۇنىڭ ياش چاغلىرى بولغاچقا، ئۇنىڭدا قەدىمىي كىتابلارنى يىغىپ ساقلاش ھەۋىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن. قېرىغان چېغىدا ئۇ كىتابنى نەدە كۆرگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. خاتا ئەمەس بۇ كىتاب قەدىمىي كىتابلار بازىرىدا مەرۋايىتقا ئايلانغانىدى، بۇ كىتابقا يۈز مىڭ يۈەن باھا قويغانلارمۇ چىققانىدى. زىچچى ئەينى چاغدا بۇ كىتابنى ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئۆكۈنىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇ تاپتا بۇ كىتاب ھەقىقەتەن زىچچىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بويا قەدىناس دوستى ئۈچۈن خۇرسەن بولدى.

شۇ قېتىملىق تېلېفونلىشىشنىڭ بۇ دۇنيادا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تېلېفونلىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، زىچچى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا جان ئۈزگەنىدى. زىچچىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى بويا سەزگەنىدى. بىر كۈنى زىچچى قولىغا چۈشۈرگەن «غېرىبانە ھۇجرىدا ماقالىلەر توپلىمى» دېگەن كىتابتىن بەھرىلىنىش ئۈچۈن، ئۇ

زىچىنىڭكىگە كەلدى، قارىسا زىچى ئۈستەلگە مەيدىسىنى قويۇپ ياتقان پېتى ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى، ئالدىدا مۇشۇ «غېرىبانە ھۇجرىدا يېزىلغان ماقالە-لەر» دېگەن كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى. بويا كېيىن بۇ كىتابنىڭ ساختا نۇسخا ئىكەنلىكىنى بىلدى. زىچى ئۆمرىدە يىغقان پۇلىغا بۇ كىتابنى سېتىۋېلىپ، بىردىنلا خاتىرجەم بولالماي، مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ كىتابنى بېكىتكۈز-گەن ۋە ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بايقاپ قالغان. كىتاب ساتقان ئادەمنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە، زىچى كۇتۇپخانىسىدا بۇ كىتابنى كۆرۈپ ئۇيالغىنىدىن ئاچچىقلىنىپ، كەيپىياتى ئارتۇقچە ئۇسال بولۇپ كەتكەنلىكتىن مېڭىسىگە تۇيۇقسىز قان چۈشكەنىدى.

بويا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، بىچارە زىچى بىر ئۆمۈر كىتابنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنىدى، كىتاب ئاخىر ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇ ھەقىقەتەن ئۆكۈنۈشلۈك ئىش ئىدى. ئۇ ھېلىقى «بالاقازا كىتاب» نى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، بۇلۇڭدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان كىتابلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. زىچى-نىڭ كۇتۇپخانىسى ئۇنىڭغا شۇنداق تونۇش بولغىنى بىلەن، بۇلۇڭدا دۆۋىلەك-لىك تۇرغان كىتابلارنى ئۇ كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ كىتابلارنىڭ ئۈستىدىكى توپا - چاڭلارنى سۈرتكەچ، كىتابلارنى ۋاراقلىدى. بىردىنلا تېشى يوق ھەم چەت - چۆرىلىرى يىرتىلغان كونا بىر كىتاب ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. زىچى پات - پاتلا قەدىمىي كىتابلار توغرىسىدىكى بىلىملەرنى سۆزلەپ تۇرغاچقا، ئۇمۇ چالا قەدىمىي كىتابلارنى يىغىپ ساقلىغۇچىدىن بولۇپ قالغانىدى. بۇ كىتابنىڭ تېشى يوق ئىدى، لېكىن بىرلا قاراپ ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىدىكى قەدىمىي كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بويا كىتابنى ئاچتى، كىتاب-نىڭ ئارىسىدا خەتكۈش تۇراتتى.

شۇ بەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسى مۇنداق باشلانغانىدى: ئۇ ئاخىر مال - مۈلۈككە بېرىلىپ كەتتى، مىجەز - خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىپ خۇددى جىن چاپلىشىپ قالغان ئادەمدەك نېمە قىلىشىنى، نەگە بېرىپ، نەدە توختىشىنى بىلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭغا گويا بېشىغا توقماق تەگكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بويا خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئادىتى بويىچە بۇنىڭ زادى قانداق كىتاب ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كىتابنى ئالدىراش ۋاراقلىدى. ئۇ كىتابنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان: «ئەپەندى غېرىب كولبىدە تاماملىدى» دېگەن بىر قۇر خەتكە كۆزى چۈشتى.

تۇۋا، بۇ زىچى قولىغا چۈشۈرەلمەي يۈرۈۋاتىمەن دېگەن، ئاخىر كېلىپ جېنىغا زامىن بولغان ھېلىقى «غېرىبانە ھۇجرىدا يېزىلغان ماقالىلەر» دېگەن كىتاب ئىدى.

ناۋادا ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىزنى مۇقەددەس بۇرچ دەپ تونۇساق، ئىشىمىزغا ھېرىسمەنلىك بىلەن بېرىلسەك، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلساق، ئۇ چاغدا ئىشىمىزدىن بىز ئويلىمىغان خۇشاللىق تاپالىغان بولاتتۇق.

# ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى

خۇاڭ شۈيشېڭ

كوچىلاردا ساتىراشخانا دېگەن ساماندەك تولا، لېكىن مەن مۇۋاپىق ساتىراشخانا تاپالماي ئاۋارە.

مېنىڭ چېچىم يۇمشاق ھەم شالاڭ، بېشىمنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ غەلىتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوقا ماڭلايمەن. نۇرغۇن ساتىراشلار چېچىمنى كۆڭلۇمدىكىدەك ياساپ قويالمايدۇ. ئۇلار ھەمىشە چېچىمنى «شاق - شۇق» قىلىپلا ئاممىباب شەكىلدە ياساپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈرئىتىدىن ھەيران قالىمەن. ئورنۇم ئىسسىق - ئىسسىمايلا، خالاتنى بوينۇمدىن ئېلىۋېتىدۇ. مەن گاڭگىرىغان ھالدا چېچىمنى ياسىغان ساتىراشتىن:

— بولدىمۇ؟ — دەپ سورايمەن. ئۇ سەۋرسىزلەنگىنىچە مەندىن ياندۇرۇپ:

— قانداق ياساپ قويسام بولاتتى ئەمىسە؟ — دەپ سورايدۇ.

ئەينەكتىن چىرايىمنى كۆرىمەن. بېشىم بىر بولسا تەرەت تۇڭىنىڭ ياپقۇچىغا، بىر بولسا تامام تۇك تاشلىمىغان چۇجىنىڭ سىياقىغا ئوخشاپ قالغان بولىدۇ. بەتبەشىرە بىر سىياققا كىرىپ قالىمەن. مۇشۇ ئىچ پۇشۇقىدا تالاي ساتىراشخانىلارغا بېرىپ باقتىم، ئاقىۋىتى ئوخشاش بولۇپ چىقاتتى.

ئۇلار ئەسلى چاچ قۇرۇتۇشقا، چاچ بۇدۇر قىلىشقا ۋە يۈز تېرىسىنى ياخشىلاشقا كەلگەن خېرىدارلارنى رازى قىلىشقا ئادەتلەنگەنىكەن. بۇرۇنقىدەك بىر خىل شەكىلدە چاچ ياساشقا ئۇلارنىڭ چولىسىمۇ تەگمەيدىكەن. يەنە كېلىپ، مېنىڭ بۇ بېشىممۇ ساتىراشلارنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان باش ئىدى.

ھەر قېتىم چاچ ياساتقاندا، بەك بىچارە بولۇپ كېتىمەن. يېرىم ئايغىچىلىك تالا - تۈزگە چىقىشتىنمۇ قورقىمەن. چاچ ياستىدىغان چاغدا، تۇرۇپلا ئۆزۈمچە تىترەپ كېتىمەن. ئۆزۈمنى «چاچ ياستىشتىن قورقۇش كېسىلى»

گە گىرىپتار بولۇپ قالغاندەك سېزىمەن.

مېنىڭ بۇ دەردىمدىن خەۋەر تاپقان بىر دوستۇم ماڭا بىر چېۋەر ئۇستام تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا:

— بېشىڭىز نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان بولدى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كونا شەھەردىكى بىر كوچىغا كىردىم. بىر توپ قەدىمىي كامفارا دەرىخى تۈۋىدىكى لاپاستا بىر ياشانغان كىشى خۇاڭمېي ئاھاڭىغا غىڭشىپ، ناھايىتى بېرىلىپ بىر ەيلەننىڭ چېچىنى ياساۋاتاتتى. قولىدىكى قايچىسى باش ئۇستىدە ئويناپتتى. ئۇنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرىدىن كۆزلەر ئالاچەكمەن بولۇپ كېتەتتى.

مەن بارغان چاغدا سائەت چۈشتىن كېيىن تۆتلەردىن ئاشقانىدى. ئۈچ ئادەم نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مېنىڭمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تەمشەلگەنلىكىمنى كۆرگەن ئاق كۆڭۈل بىر كىشى ماڭا:

— بولدى ساقلىماڭ، ئەتە كېلىڭ، بۈگۈن سىزگە بەرىبىر نۆۋەت كەلمەيدۇ، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەنمەي چاسا ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. قاراپ ئولتۇرغان كىشىگە ساتىراش ئۇستام چاچ ياساۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى گۈل چېكىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇ ئۆز ئىشىنى تەرتىپ بىلەن كۆڭۈل قويۇپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ھەربىر باش نەپىس ياسالغان قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدىن ئاشتى. ئالدىمدا كەلگەن بىر ەيلەن بويىنىنى سوزۇپ ئولتۇراتتى. كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، مەن قايتىپ كېتىپ ئەتە كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ساتىراش ئۇستامنىڭ لاپىسىغا تۇنجى خېرىدار بولۇپ كەپتىمەن.

ساتىراش ئۇستام كۈلۈپ:

— تۈنۈگۈن سىزنى بەك ساقلىتىۋەتتىم، كېلىڭ، كېلىڭ…، چېچىڭىزنى راۋۇرۇس ياساپ قوياي! — دېدى.

كونا ھەم سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. كۆڭلۈمدە بولسا گۇمان، چېچىمنىڭ ياخشى ـ يامان ياسىلىشى مۇشۇ ئۇستامنىڭ ھۈنىرىگە باغلىق دەيمەن ئىچىمدە. ساتىراش ئۇستام خالاتنى بويىنۇمغا چىگىپ، چېچىمنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئاندىن بېشىمنى سىلاپ ھىجىيىپ قويىدى ـ دە:

— كىچىككىنىزدە تازىمۇ كەپسىز ئىكەنسىز ـ دە، جىم ياتمىغان بالىنىڭ بېشى مۇشۇنداق ئىسكەتسىز بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ساتىراش ئۇستام، —

نۇرغۇن ساتىراشخانىلاردا چاچ ياستىپ باققان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى يەنە.
— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ.
— لاپ ئۇرۇۋاتقىنىم يوق، سىزنىڭ خام كاۋىدەك مۇشۇ بېشىڭىزنى پۇتكۇل شەھەردە مېنىڭدىن باشقا بىرى سىز رازى بولغۇدەك ئالالىسا، مەن بۇ ھۈنىرىمنى ھۈنەر دېمەيمەن، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.
ئۇنىڭ قايچىسى بېشىمدا ئويناشقا باشلىدى، ئۇ قايچىسى بىلەن چېچىمنى «كارت ـ كارت» قىلاتتى، توختاپ قالاتتى، ئالدىمدا تۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇشلاپ قويۇپ، بېشىمغا قاراپ پىكرىمنى ئالاتتى. ئۇ گويا چاچ ياسىماي خۇددى بىر پارچە مەشھۇر رەسىمدىن لەززەت ئېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. قايچىسى بىلەن چېچىمنى «كارت ـ كارت» قىرقىپ قوياتتى، توختاپ قالاتتى، بېشىمغا قارايتتى، پىكرىمنى ئالاتتى. ئارىدىن توپتوغرا بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى، چېچىممۇ كۆڭلۈمدىكىدەك ياسالغانىدى — ياسىلىشى مۇۋاپىق، چاچنىڭ شالاڭ ۋە قويۇق يەرلىرى، نورمال ئىسكەتلىك چاچ ئەينەكتىن بارا ـ بارا نامايان بولۇشقا باشلىدى.
مەن ئەينەكتىن ئۆزۈمنىڭ يېڭى ئوبرازىمنى كۆرۈۋېتىپ، باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا ساتىراش ئۇستامغا ئۆزۈمچە:
— بوۋا، ھۈنىرىڭىز گۈلدەك ئىكەن، شەھەرنىڭ كۆزىدىن بىر دۇكان ئاچسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ تەكلىپ بەردىم.
— شەھەرنىڭ كۆزىنىمۇ ئەڭ ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، مەن مۇشۇنداق ئاستا ئىش قىلىپ پۇل تاپالايمەنمۇ؟ ياخشى ھۈنەر بەزىدە سەۋرچانلىق بىلەن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭدا باشقىلاردەك تېز پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى ساتىراش ئۇستام ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ، — مەن پۇلنى دېمەيمەن، ئوغۇللىرىم بەرگەن پۇل ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ. بىكار يۈرۈشنى خالىمەيمەن، كۆنۈپ قاپتىمەن. ئاز ـ تولا مىدىرلاپ تۇرسام، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرسەم، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدىكەن … ئۇنىڭ ئۇستىگە نەچچە ئون يىل ساتىراشلىق قىلدىم، بۇ ھۈنەرنى ئۆزۈممۇ بەك ياخشى كۆرىمەن …
ئۇنىڭغا مۇشۇنداق بىمەنە تەكلىپ بېرىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن يۈزۈم قىزىرىپ كەتتى. ئۆز ئىشىنى ئوبدان قىلىپ ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئۆزىدىن زور قانائەت تاپىدىغان بۇ ساتىراش ئۇستام ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشى ۋە غۇرۇر جەلپكارلىقى بىلەن كىشىلىك ھايات ھەققىدە ماڭا بىر قېتىملىق تەسىرلىك دەرس ئۆتتى، مەن خىجىل بولدۇم ھەم ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى.

ئوگۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەت سەۋەبلىك بەختسىز بولۇپ قالغان كىشى بەرداشلىق بېرىشنى، يارا ئازابىنى كالللىسىغا ئەكەلمەسلىكنى ئۆگەنسۇن، خۇددى مەرۋايىتلارغا ئوخشاش ئۆز يارىسىنى قايتا نامايان قىلىپ، يارىسىدىن چوڭ ھەم نۇرلۇق مەرۋايىت ھاسىل قىلىپ، ھايات يولىنى نۇرلاندۇرسۇن.

## تەقدىرداشلار

تاۋ ۋېيدۇڭ

دېڭىزدا پالاكەتكە يولۇققان ئىككى ئادەم قۇتقۇزۇش كېمىسىنىڭ ياردىمىدە ھەر ھالدا ھايات قالدى. لېكىن، ھاۋا ئوتتەك قىزىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۇسساپ چاكىلداپ كەتتى.

— سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇسساپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى A خورسىنىپ.

— ھەئە، بىزنى كىملەر كېلىپ قۇتقۇزۇۋالار ـ ھە؟ — دېدى B.

بۇ چاغدا، بىر چايكا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا:

— ئەپەندىلەر، سول تەرىپىڭلاردا سۈيى تاتلىق بىر قۇدۇق بار. شۇ يەرگە بارساڭلار قانغۇچە سۇ ئىچەلەيسىلەر، — دېدى.

— ئۇ يەردە ئارال بارمۇ؟ — دەپ سورىدى چايكىدىن A خۇشال بولۇپ.

— يوق، — دەپ جاۋاب بەردى چايكا.

— ئارال بولمىسا، نەدىن كەلگەن سۈيى تاتلىق قۇدۇق ئۇ، — دېدى A مەيۇسلىنىپ.


— قۇدۇق سۈيى بۇلاقتىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ يەر دېڭىزنىڭ تېيىز يېرى، ناۋادا دېڭىزنىڭ ئاستىدا بىر پارچە ئويمانلىق بولسا، شۇ ئويمانلىقتىكى غايەت زور بۇلاقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقسا، بۇنىڭدىن نېمىشقا سۈيى تاتلىق قۇدۇق ھاسىل بولمايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ئۇسساپ ئۆلگەندىن كۆرە، نېمىشقا بېرىپ كۆرۈپ باقمايمىز؟ — دېدى B.

— بارغان بىلەنمۇ كۈچۈڭنى بىكار ئىسراپ قىلىسەن، — دېدى A، —

ئەخمەق، مېنىڭ ئۇزاقراق ياشىغۇم بار.

B ئۇزۇپ بېرىپ راستتىنلا سۈيى تاتلىق بىر قۇدۇقنى تاپتى. A ئۇمىدسىزلىك ئىلكىدە ئۇسساپ ئۆلدى.

ئۇزاقراق ياشاشنى ئويلىغان ئۇزاقراق ياشايدۇ، ھاياتلىق ئىزدىگەن ئادەم ئاخىر ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ. مۆجىزە بىزنىڭ قىيىن ئەھۋالىمىزدىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، مۆجىزىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىڭىزلا، مۆجىزە ھامان يۈز بېرىدۇ. بۇ شۇنداق ئاسان بولسىمۇ، بىراق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.



كەلگۈسىدە تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېچ-كىم بىلمەيدۇ، ئەمما بىز خۇشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن چىرايىمىز بىلەن تەقدىرگە يۈزلىنەيلى.

## چىرايغا پۈتۈلگەن تەقدىر

خۇاڭ شياۋپىڭ

شۇيشىسارىيىدىكى ئېيردى گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توققۇز ياشلىق بىر مايلامچى بالا بار ئىدى. بىر كۈنى شىركەتنىڭ باش لىدىرى كاففېر شىركەتنىڭ بارلىق كەسپىي ۋەكىللىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ھېلىقى مايلامچى بالىغا ئايىغىنى مايلاتقاچ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— بىر قېتىم ئاياغ مايلاپ قانچە پۇل تاپىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن كاففېر.

— بەش پۇڭ، — دېدى مايلامچى بالا خۇشال بولۇپ، — بەزىدە ئازراق چاي پۇلىغا ئېرىشىپ قالىمەن.

— سەن كېلىشتىن ئاۋۋال بۇ يەردە كىم ئاياغ مايلايتتى، ئۇ نېمىشقا كېتىپ قالدى؟

— بېرىس ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا بار ئىدى. ئۇ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بالا. ئاڭلىسام، ئۇ ئاياغ مايلاپ تىرىكچىلىك قىلغىلى بولمىغۇدەك دەپ كېتىپ قاپتۇ.

— سەن بىر قېتىم ئاياغ مايلاپ بەش پۇڭ تېپىپ، كۈنۈڭنى ئېلىپ كېتەلەمسەن؟

— ھەئە، ئەپەندى، مەن ھەر ھەپتىدە ئانامغا ئون يۈەن بېرىمەن، بەش يۈەننى بانكىغا قويىمەن، ئىككى يۈەننى پارچە - پۇرات خىراجەت قىلىمەن. يەنە بىر يىل ئىشلىسەم، بانكىغا قويغان پۇلۇمغا بىر ۋېلىسىپىت كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەرگەچ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاياغ مايلايتتى.

ئوغۇل بالا ئاياغنى مايلاپ بولدى، كاففېر ئۇنىڭغا باشتا بەش پۇڭ، ئاندىن كېيىن يېنىدىن بىر يۈەن چىقىرىپ چاي پۇلى بەردى. ئوغۇل بالا چىرايلىق كۈلۈپ قويۇپ بايىقىدەك خۇشال كەيپىياتتا:


— رەھمەت سىزگە، ئەپەندى، — دېدى.

كاففېر كەينىگە ئۆرۈلۈپ شىركەتنىڭ كەسپىي ۋەكىللىرىگە يۈزلىنىپ:

— ئون يەتتە ياشلىق بىر مايلامچى ئاياغ مايلاپ بۇ يەردە كۈن ئالماق تەس ئىكەن دەپ كېتىپ قالغان، توققۇز ياشلىق مايلامچى بالا بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىپ، يەنە ئېشىنالىغان بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇلاردا بىر - بىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى چىراي بار. ئون يەتتە ياشلىق مايلامچى بالا تۇرمۇشتىن ئۈمىدسىزلىنىپ، خۇددى بىرىدە ئېلىشى باردەك ئەتىدىن - كەچكىچە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەن. خېرىدارلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا چاي پۇلى بەرمەيدۇ. توققۇز ياشلىق بۇ بالا بولسا، تۇرمۇشقا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىغان. ئۇ ھەمىشە خېرىدارلارنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنىڭغا چاي پۇلى بەرمەسكە كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنايدۇ؟

كاففېرنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ كەسپىي ۋەكىللىرى بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، ھەربىرىنىڭ چىرايىدا جەلپكار تەبەسسۇم ۋە ئۈمىدلىك روھىي ھالەت ئەكس ئەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى قىلىۋاتقان مال تونۇشتۇرۇش كەسپىنىڭ ياخشى بولماي كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ.

بۇ شاكىچىكنىڭ ئىلھامى بىلەن بارلىق كەسپىي ۋەكىللەر پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇلار مال تونۇشتۇرۇش داۋامىدا، خېرىدارلاردىن ئۆزىنىڭ سەممىي مۇئامىلىسى بىلەن تەبەسسۇمىنىمۇ ئايىماپتۇ. مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ كۆپلەپ ئېشىپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئېيىردى گۇرۇھى شىركىتى خانىۋەيران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەي، بۇگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسى سېتىش شىركىتىگە ئايلىنىپتۇ.



مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئەمەلىيەتتە شۇنچىلىك ئا-
سان. ئادەم لەۋزىدىن مەڭگۈ يانمىسىلا، ھەرقانداق قى-
يىنچىلىق ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

# دەس تۇرغان قېتىم سانى

خۇڭ لىڭ

ئوغلىنىڭ غېمىدە يۈرىكى پارە - پارە بولغان بىر ئاتا بار ئىدى، ئوغلى ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەركەكلەرگە خاس جاسارەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئاتا ھېچقانداق ئامال قىلالماي، بىر بوكسچى-نى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەركەكلەرگە خاس جاسارەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئوغلىنى چېنىقتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

— ئوغلۇڭ بۇ يەردە يېرىم يىل تۇرسۇن. يېرىم يىلغىچە ئۇنى كۆرگىلى كەلمە. يېرىم يىلدىن كېيىن، مەن ئوغلۇڭنى چېنىقتۇرۇپ راۋۇرۇس ئەركەك قىلىپ بېرىمەن! — دېدى بوكسچى بالىنىڭ ئاتىسىغا.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئاتا ئوغلىنى ئالغىلى كەلدى، بوكسچى بالىنىڭ ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ يېرىم يىللىق مەشقلەندۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرسى-تىش ئۈچۈن بىر مەيدان بوكس مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. ئوغلى بىر بوكس تىرېنېرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتى، بوكسچى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

تىرېنېرنىڭ مۇشتى تەگسىلا، ئوغۇل بالا شۇ زامان يىقىلاتتى. بىراق، ئوغۇل بالا يىقىلغان ھامان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېلىشىشقا تەييار تۇراتتى. ئۇ يىغلايتتى، يەنە ئورنىدىن تۇراتتى … بۇ مەنزىرە يىگىرمە قېتىمدىن ئارتۇق تەكرارلاندى.


— سېنىڭچە، ئوغلۇڭنىڭ ئىپادىسى جاسارەتلىك ئەركەكلەرنىڭ ئۆلچىمى-گە توشامدىكەن؟ — دەپ سورىدى بوكسچى بالىنىڭ ئاتىسىدىن. بۇ ئادەم ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ:

— خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مەشىق قىلسۇن دەپ بۇ يەرگە ئەكېلىپ بەرگىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى، ئوغلۇم قول ياندۇرالمايدىغان، مۇشت تەگسىلا يىقىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب

بەردى. بوكسچى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا:

— مەن بەك ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، سەن پەقەت يۇزەكى ھالدىكى يېڭىش - يېڭىلىشنى كۆردۇڭ. ئەمما سەن ئوغلۇڭنىڭ يىقىلغان ھامان دەرھال ئورنىدىن تۇرغان چاغدىكى جەسۇرانە قەيسەرلىكىنى كۆردۇڭمۇ؟ ھەقىقىي ئەر-كەكلەرچە جاسارەت دېگەن ئەنە شۇ! — دېدى.

دەرەخ قانچە چوڭقۇر يىلتىز تارتسا، شۇنچە تىك ئۆسىدۇ؛ بىخ بولۇڭ - پۇچقاقلاردا كۆكىرىپ تۇرغان بىلەن، ئۇ يەنىلا كۆكلەم ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتىن ئايانمايدۇ. دەس تۇرغان قېتىم سانى يىقىلغان قېتىم ساندىن بىر قېتىم كۆپ بولسىلا، مۇۋەپپەقىيەت دېگەن شۇ.



ھېس - تۇيغۇنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلغىلى بول-
مايدۇ، كۆڭلى قايغۇ - ھەسرەتكە تولغان ئادەم باشقىلارنى
ئالقىشلىيالمايدۇ، شادلىقتىن يايرىغان ئادەملا باشقىلارنى
چىن كۆڭلىدىن ئالقىشلىيالايدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي ئالقىش.

# ئاخىرقى ئالقىش

جاك پىك

تاماشىبىنلارنىڭ ئاجايىپ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغان بىر ھەزىلكەش ئۇستاز بار ئىدى، ئۇ سەھنىگە چىقسىلا، تاماشىبىنلار كۈلۈپ قورساقلىرىنى تۇتۇپ تېلىقىپ قالاتتى.

بۇ ھەزىلكەش ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ئىدى، ياخشى ئۇستازدىن يارامىلىق شاگىرت يېتىشىپ چىقىدۇ دېگەندەك، شاگىرتلىرىنىڭ تولىسى ھە-زىلكەشلىك كەسپىدە نەتىجە قازىنىپ نام چىقارغانىدى.

ئۇستاز قېرىلىق يېتىپ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇ سەكرات ئۇستى-دە شاگىرتلىرىنى يېنىغا چاقىردى ۋە ئۇلارغا:

— روھىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، سىلەرگە ھاۋالە قىلىدىغان بىر ئىش بار، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاگىرتلىرى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتتى. ئۇستاز:

— مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىنى ئاڭلاش، ناۋادا سىلەر مېيىتىمنى ئەڭ قىزغىن ئالقىش بىلەن ئۇزىتىپ، ھاياتىم ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم تەشەككۈر سالىمى يوللىيالىساڭلار، كۆزۈم يۇمۇلغان بولاتتى، — دېدى.

شاگىرتلىرى تېڭىرقاپ قېلىشتى: بۇنداق مېيىت ئۇزىتىشنى كىم ئاڭلى-غان؟ لېكىن ئۇستازنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. شاگىرتلىرىنىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرگەن ئۇستاز:

— مەن يارالغان كۈنۈمدىن تارتىپلا كىشىلەرنى شادلاندۇرۇپ كەلدىم، مۇشۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىۋېتىپ كىشىلەرنى يىغلىتىپ ئازابقا قويسام، بۇ مېنىڭ ئىرادەمگە خىلاپ، — دېدى.

شاگىرتلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ھېچقايسىسى گەپ قىلىشقا پېتىنال-
ماپتۇ. ئۇستاز خاپا بولۇپ:
— سىلەر كەينىمدە يۈرۈپ ئۇزۇن يىل مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
كەلدىڭلار، گەرچە قابىلىيەتتە ماڭا يەتمىسەڭلارمۇ، كىچىككىنە ئارزۇيۇمنىمۇ
قانائەتلەندۈرەلمەمسىلەر؟ — دېدى.
ئۇستاز ئاخىر مۇشۇنداق دېۋىدى، شاگىرتلىرى نائىلاج ماقۇل بولۇشتى.
شاگىرتلىرى ئۇستازنىڭ يېنىدىن چىقىپ ئويلىغانسېرى بۇ ئىش ئۇلارغا
بىئەپ تۇيۇلۇپتۇ: ناۋادا ئۇستاز بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا، كىشىلەرنىڭ
چەكسىز قايغۇرۇشى ئېنىق، شۇنداق بىر چاغدا ئۇلار ئۇستازىغا ئالقىش ياڭرات-
سا، سەھنىگە قايتا چىقمىسا بولىدۇ، مۇبادا چىقىپ قالسا تاماشىبىنلار ئۇلارنى
سەھنىدىن دۈشكەلەپ چۈشۈرۈۋېتىشى تۇرغان گەپ. ئەمما ئۇستازنىڭ گېپىنى
ئاڭلىماسلىققا ھېچقايسىسىنىڭ ھەددى ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار
ئۇرغۇن قېتىم مەسلىھەتلىشىپ، ياخشى ئامال تاپالماپتۇ. ئاخىر بولماي،
ۋاقتى كەلگەندە جامائەتنىڭ ئىنكاسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچ-
نېمىگە قارىماي ئالقىش ياڭرىتىش ئۈچۈن كېلىشىپتۇ. كىم ئالقىش ياڭراتمى-
سا، شۇ ئۇستازنىڭ شاگىرتى ئەمەس دەپ ھېسابلىنىدىغان بولۇشۇپتۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇستاز ئالەمدىن ئۆتتى. مېيىت ئۇزىتىلغان كۈنى،
كوچىلاردا ئادەم قالمىدى، مېيىت ئۇزاتقۇچىلارنىڭ سېپى نەچچە چاقىرىم
ئارىلىققا سوزۇلدى. شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ مېيىتىنى قايغۇلۇق ھالەتتە
ئۇزىتىپ كېتىۋاتاتتى. يولدا ئادەملەر توختىماي مېيىت ئۇزاتقۇچىلار سېپىگە
ئۆزلۈكىدىن قېتىلىپ ماڭدى. پۈتكۈل شەھەر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمگەنىدى.
شاگىرتلىرى باشتا ئۇستاز ئۈچۈن ئالقىش ياڭرىتىش پۇرسىتىنى ئىزدە-
دى، بىراق ئۇستازىنى يەرلىككە قويىدىغان قەبرىستانلىققا يېقىنلاشقانسېرى
ئۇلارنى قايغۇ ـ ھەسرەت شۇنچىلىك چىرمىۋالدى. مېيىتنى يەرلىككە قويىد-
غان چاغ كەلگەندە، شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ جەسىتى ئاستا ـ ئاستا يەرلىككە
ئەكىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇستازىنىڭ ماھارىتىنى بۇنىڭدىن كې-
يىن كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىشتى. بىر
ئادەمنىڭ يىغىسىغا ئون ئادەم، ئون ئادەمنىڭ يىغىسىغا يۈز ئادەم قېتىلىپ،
قەبرىستانلىقنى يىغا ـ زار ئاۋازى قاپلىدى، پىغانلىق كەيپىيات يۇقىرى پەللىگە
كۆتۈرۈلدى.
مېيىت ئۇزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاگىرتلارنىڭ كۆڭلى تەسكىن

تاپتى، ئۇلار شۇ چاغدىلا ئۇستازىنىڭ تەلپىنى يەتتە قەۋەت ئاسمانغا چۆرۈۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز يۈرەكلىرى تارتىشىپ بىر مەھەل ئازابلاندى.

ئەتىسى، يەرلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى «شادلىق ئىلاھى» دېگەن ماۋزۇدا، ئۇستازىنىڭ كاتتا دەپنە مۇراسىمى توغرۇلۇق تەپسىلىي خەۋەر بەردى. ئۇستازىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئاشكارا ئېلان قىلىندى. ئۇستازىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار ئىدى: «مەن بىر ئارتىس بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا تولىمۇ ئىنتىزارمەن. تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىنى سەنئەت ھاياتىمدا ماڭا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپات دەپ بىلىمەن. ئەمما، ئالقىشنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىياتىنى ھۆرمەتلىگەندىلا، ئۇلارنى ھەقىقىي شادلاندۇرغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇغان ھەقىقىي ئالقىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

شاگىرتلىرى ئۇستازىنىڭ بۇ ھەقتە كۆڭۈل قويۇپ ئويلانغانلىقىنى ئاخىر چۈشەندى: ئۇ مۇشۇ ئىشنى شاگىرتلىرىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم دەرس بەرگەنىدى، ئالقىشنى مەجبۇرىي تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ كۆڭۈل قېتىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شاگىرتلىرىنىڭ ئويۇن قويۇش ماھارىتى يەنىمۇ مۇكەممەل بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

ئارزۇ - ئارمان بولىدىكەن، شۇ «ئارزۇ - ئارمان»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا نىيەت باغلايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ئېزىقتۇرۇشلارغا تىز پۈكمەيدىغان ئىرادە ۋە «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دەيدىغان روھ بولۇشى كېرەك.

# ئارزۇ - ئارماننىڭ قىممىتى

[ئامېرىكا] رىك. C. ھىنرى

مەن ئېسىمنى بىلسەم ئائىلىمىز بەك نامرات ئىكەن. ئەمما ئائىلىمىز مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشكە تولغانىدى، مېنىڭ كۆڭلۈم خۇشال، روھىم جۇشقۇن ئىدى. بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك نامرات بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارزۇ - ئارمىنى بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

مەن ئىسپورتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئون ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىمدا، يىغقان پۇللىرىمغا بىر كالتەك توپ توپى ئالدىم. ھەر سائەتتە توقسان ئىنگلىز مىلى سۈرئىتىدە توپ ئاتاتتىم، ئاتقان توپۇم پۇتبول مەيدانىدا مىدىرلاپ تۇرغان ھەرقانداق بىر نەرسىگە شەكسىز تېگەتتى، مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ترېنېرىم ئاۋېل كياۋس ماڭا ئىشىنەتتى، ئۇ ماڭا ئۆز - ئۆزىگە قانداق ئىشىنىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتەتتى. ئۇ يەنە ماڭا ئارزۇ - ئارمىنى ۋە ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ۋە ئىشەنچىسى يوق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن مۇتلەق ئوخشاشمايدىغانلىقى توغرۇلۇق تەلىم بېرەتتى.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدىغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىر دوستۇم ماڭا يازلىق تەتىلدە ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتنى تاپتى. بۇ ياندا پۇل بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان پۇرسەت ئىدى— ياندا پۇل بولسا قىزلار بىلەن ئۇچراشقىلى، يېڭى ۋېلىسىپىت ۋە يېڭى كىيىم - كېچەك ئالغىلى، ئانامغا ئۆي ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ بانكىغا پۇل قويغىلى بولاتتى. بۇ خىزمەت مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، ماڭا خۇشاللىق بولۇپ تۇيۇلغان بۇ خىزمەتنىڭ تېپىلغانلىقىدىن يايراپ سەكرەپ كەتتىم.

ناۋادا مۇشۇ خىزمەتنى قىلسام، يازلىق تەتىلدىكى كالتەك توپ مەشىقىدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم، مەشىققە قاتنىشالمايدىغانلىقىمنى ترېنېر كياۋسقا دېمىسەم بولمايتتى. ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن قورق- تۇم. بۇ ئىشنى ترېنېر كياۋسقا دېگەن ۋاقتىمدا، خۇددى مەن ئويلىغاندەك ئۇ مەندىن خاپا بولدى.

— ئۆمرۈڭدە ساڭا خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىت چىقىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىراق مەشىق قىلىدىغان ۋاقتىڭ چەكلىك. بۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتسەڭ بولمايدۇ.

مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ئانامغا ئۆي ئېلىپ بېرىش ۋە پۇللۇق بولۇش ئارزۇيۇم ئۈچۈن قىلىۋاتـ- قانلىقىمنى، مەندىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكىگە ئۆزۈمنىڭ توغرا قاراۋاتقانلىقىمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

— مۇشۇ خىزمەتنى قىلىپ قانچە پۇل تاپىسەن، بالام؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— سائەتكە ئۈچ دوللار يىگىرمە بەش سېنىت تاپىمەن، — دېدىم.

— ھە، — ئۇ مەندىن، — سېنىڭچە، سېنىڭ ئارزۇ - ئارمىنىڭنىڭ ھەر سائەتتى ئۈچ دوللار يىگىرمە بەش سېنىتقا ئەرزىمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ مەسىلە ئاددىي، ئاددىي بولغاندىمۇ شۇنداق ئاددىي مەسىلە ئىدى، ئۇ بۇ مەسىلىنى يالىڭاچ ئالدىمغا قويۇپ، ماڭا دەرھال ئېرىشكىلى بولىدىغان مەلۇم نەرسە بىلەن كۆزلىگەن مەنزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان پەرق- نى كۆرسىتىپ قويدى. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مەشىققە كىرىشىپ كەتتىم. شۇ يىلى پىستبورگ دېڭىز قاراقچىلىرى كوماندى- سىغا تاللاندىم، ئۇلار بىلەن يىگىرمە مىڭ يۈەنلىك توختام تۈزدۇم. كېيىن ئارىزونا شتاتىغا قاراشلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پۇتبول مۇكاپاتى پۇلىغا ئېرىش- تىم. ئۇنىڭدىن باشقا تەربىيىلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، پۇتكول ئامېرى- كىدىكى بېكلار ئارىسىدا مەن ئىككى قېتىم جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. ئامېرىكا دۆلەتلىك بىرلەشمە كوماندىسىنىڭ تاللاش مۇسا- بىقىسىدە يەتتىنچى ئورۇنغا ئۆتتۇم. 1984 - يىلى، دانخور ياۋا ئات كوماندىسى بىلەن بىر مىليون يەتتە يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق توختام تۈزدۇم. ئاخىر ئانامغا ئۆي ئېلىپ بېرىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇردۇم.

هەرقانچە چىرايلىق گۈلنىڭ سېتىلماي قالىدىغان چاغ-
لىرى بولغىنىدەك تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئۈلۈغ-
ۋار ئىرادىسى ئېتىبارسىز قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

# ئاخىرقى بىر دەستە كەترەن گۈلى

ما لى

شۇ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىل-گىرى - كېيىن بولۇپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىۋەتتى. ئەمما مەن كۆپ ئىدارىلەرنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرۇپ باقتىم، مېنى ھېچقايسىسى تەكلىپ قىلمىدى. شۇ كۈنلەردە مەندىكى چۈشكۈنلۈك چېكىگە يەتتى. تامامەن ئۆزگىرىپ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدىم، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ئەلەڭ - سەلەڭ يۈرىمەن. بىر بولسا ئورۇن - جاي تەسۋىرلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇيمەن، بىر بولسا كارىۋاتتا ئېغىناپ ئۇخلايمەن، كۈنلىرىم مانا مۇشۇنداق ئۆتەتتى. ئانام ھەر كۈنى يېنىمدىن كەتمەي، مېنى روھلۇق بولۇشقا ئۈندەپ:

— خىزمەت تاپالماي قالمايسەن، بۇ پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىشىغۇ، — دەيتتى.

ئانامنىڭ بۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، بەزىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇ-غىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپمۇ قالىمەن.

بىر كۈنى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانام ماڭا:

— يۈر، كوچا ئايلىنىپ كىرەيلى، ئەتىدىن - كەچكىچە بۇرۇختۇرما بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرساڭ، كېسەل بولۇپ قالىسەن، — دېدى.

كوچىغا پەقەت چىققۇم يوق ئىدى، ئانامنىڭ كۆزلىرىدىن يالۋۇرغاندەك بىر ئالامەت ئەكس ئېتەتتى، مەن كوچىغا چىقتىم.

بىر كۆكتات يايمىسىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، ئانام ئەتە ئىشلىتىش ئۈچۈن كۆكتات تاللىغىلى تۇردى. بۇ چاغدا، يېقىنلا بىر يەردە كۆركەم بىر دەستە كەترەن گۈلىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر قىزچاققا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ئۇ ماڭا قاراپ سەبىيلەرچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كەترەن گۈلىنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى ياكى ئوماق قىزچاقنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇمى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدىمۇ، بىلمىدىم. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ قولىدىكى پورەكلەپ

ئېچىلغان كەترەن گۈلىنىڭ غۇنچىلىرى بىر - بىرىدىن ئۇز ئىدى. خۇشبۇي پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قىزچاقتىن مۇشۇ بىر دەستە ئاخىرقى كەترەن گۈلىنى سېتىۋېلىپ، جاپاكەش ئانامغا سوۋغا قىلىش ئويىغا كەلدىم. قىزچاقتىن گۈلىنىڭ نەرخىنى سورىسام، قىزچاق نەرقىنىڭ گۈل دۇكانلىرىدىكى گۈلىنىڭ نەرخىدىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

باھا تالاشتىم، قىزچاق خاپا بولۇپ:

— ئىنساپ بىلەن گەپ قىلىڭە، گۈلۈم چىرايلىقمۇ، چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

مەن ئويلىنىپ تۇرماستىن:

— چىرايلىقلىقىغۇ چىرايلىق ئىكەن، تاللىنىپ قالغان گۈل بولغاندىكىن ئەرزانراق بەرسىڭىز بولاتتى ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

قىزچاق بۇ گېپىمدىن رەنجىدى بولغاي، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ:

— ئاكا، بۇ كەترەن گۈلىنى ئۆزىمىز ئۆستۇرگەن، ھەربىرىنى ئاتام كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان، ئاتام ماڭا: بۇ كەترەن گۈللىرىنىڭ ئاخىرقىسى، ئالدىراپ بىر تەرەپ قىلىۋەتمە، بۇ گۈلنىڭ قىسمىتى سەل تەتۈر بولۇپ قالدى، بالدۇرراق قولدىن چىقىپ كەتكەن بولسا بۇنداق بولۇپمۇ كەتمەيتتى، بۇ دېگەنلىك، بۇ گۈل چىرايلىق ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس! دېگەن، — دېدى.

قىزچاقنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن دەۋاتقان مارجاندەك سۆزلىرىدىن كۈلۈپ كەتتىم.

توغرا، مەنمۇ مۇشۇ بىر دەستە ئاخىرقى كەترەن گۈلى ئەمەسمۇ؟ پېشانەمنىڭ ئازراق ئوڭ بولماسلىقى مېنىڭ «يارامىلىق» ئەمەسلىكىمدىن، دېرەك بەرمەيدىغۇ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. بىر دەستە كەترەن گۈلىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، ئانامنىڭ يېنىغا ئالدىراش باردىم ۋە:


— ئانا، بۇ بىر دەستە كەترەن گۈلىنى ساڭا سوۋغا قىلدىم، — دېدىم.

— بالام، چوڭ بولۇپتۇ، — دېدى ئانام خۇشال بولغان قىياپەتتە مۇرەمگە شاپىلاقلاپ.

شۇ كۈندىن تارتىپ يەنە ئالىي مەكتەپ قويىنىغا قايتقاندەك بولدۇم. ئۆزۈمنى تەڭشىدىم. تىرىشىپ ئۆگەندىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەردىم. ئۆزۈمنى تولۇقلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئاخىر، شۇ يىلى

قىش كىرگۈچە تەقدىر ماڭا كۈلۈپ قارىدى. مەن چەت ئەل مەبلەغ سالغان بىر شىركەتكە تەكلىپ قىلىندىم. مائاشىممۇ يامان ئەمەس ئىدى.

قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلارمۇ بولىدۇ، كىشىلىك ھاياتتا تەقدىر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي كۆكتە ئۇچۇپ يۈرىدىغان ئۇچار قۇشلارغا ئوخشىتىدۇ. ھەتتا ئۆز قىممىتىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ. ئادەم مۇشۇنداق قىسمەتكە قالغانسېرى ئۆزىنى شۇنچە ھۆرمەتلىشى، ئۆزىگە شۇنچە ئىشىنىشى، ئۆزىنى داۋاملىق تەكشەپ ۋە تولۇقلاپ تۇرۇشى زۆرۈر. تەقدىر كۈلۈپ قارىغان، بېشىڭىزغا بەخت قۇشى قونغان چاغدا، بەختكە ئېنتىلىپ نەقەدەر ئاقىلانىلىك قىلغانلىقىڭىزنى، شۇ سەۋەب بىلەن سىزنى تەقدىرنىڭ نەقەدەر زور ئىلتىپاتى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بايقايسىز.



كەڭ قورساق بولماقلىق — بىھېساب دەريالارنى ئۆز قوينىغا ئالغان بىپايان دېڭىزدەك كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتماقلىق دېمەكتۇر. ئادەملەر ئارىسىدا پېشكەللىكلەرگە كۈلۈپ قارايدىغان، پايدا - مەنپەئەت بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان ئادەملەرمۇ ھەم بۇنىڭ ئەكسىچە ئادەملەرمۇ بولىدۇ.

## رەقىبىنى بىر بوتۇلكا سۇ بىلەن يەڭگەن ئادەم

جىك رۇڭ

داشەن ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى، قۇملۇققا يىگىرمە نەچچە چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرگەن چاغدا، تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان قارا بوراندا زېمىن دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى ... ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغلاردا بوران توختىدى.

داشەن قۇم يېغىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ، ئاقۇچ قۇياشنىڭ ئۇپۇق ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. قاراڭغۇ چۈشكۈچە قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، داشەن پۈتكۈل بەدىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئورنىدىن تۇرۇپ قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەمدىۋېلىش ئويىدا سۇدانىنى قولىغا ئالدى، سۇدان قۇرۇق ئىدى. بايام چىققان بوراندا سۇدانىدىكى سۇ تۆكۈلۈپ تۈگىگەنىدى.

داشەن بىردىنلا ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ قەدەم يىراقلىقتا ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇ گويا نىجاتلىققا ئېرىشكەندەك ھېلىقى ئادەم ئولتۇرغان يەرگە قاراپ يۈگۈردى — ئۇ ئادەم دەل ئۆزىنىڭ رەقىبى گاۋ چېڭ ئىدى! گاۋ چېڭمۇ بايام چىققان قارا بوراندا يىقىلغانىدى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى كۆك ئىدى. ئەسلىدە ئۇمۇ داشەنگە ئوخشاش كۆرۈنۈشكە ماسلىشىش ئۈچۈن رولغا چىقىشتىن ئاۋۋال نەق مەيدانغا كەلگەنىدى.

رەقىب بىلەن رەقىب ئۇچراشتى، ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ ھالى بىلەن بىر - بىرىگە گەپ قىلغۇدەك ماجالىمۇ يوق ئىدى. بىراق، گاۋ چېڭنىڭ ئەھۋالى داشەننىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى بوتۇلكا مىنېرال سۇ بار ئىدى. سۇنى كۆرۈپ داشەن ھاياجانلانغانلىقىدىن تىترەپ كەتتى! لېكىن، ئۇنىڭدىن سۇ سورىسا، ئۇنىڭ ئېغىر تەلەپ قويۇشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ماقۇل بولغىلى بولمايتتى. سېتىۋالاي دېسە، بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزىگە نىجاتلىق ئەكەلگەن سۇنى ئۇ ئۇنىڭغا ساتمايدۇ.

داشەن قۇرۇق سۇدانىنى پۇلاڭلىتىپ قېيدىغاندەك:

— سۇ يوق، ئۇسسۇزلۇقتا سۇيدۇكۇمنى ئىچىپ بولسىمۇ بەرداشلىق بېرىمەن! — دېدى ۋە باكىلاشكىنى كۆتۈرۈپ بىر ياققا قاراپ يول ئالدى.

ئەمما، ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنىدىكى قانلار قىزىپ ھورغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى نېمە بىلەن باسسۇن؟ سۇ بولمىسا، داشەن قۇملۇقتا ئۆلەتتى. ئۇ قورقتى، چۈنكى ئۇ ئاپئاق ئۇستىخانغا پۈتلىشىپ كەتكەندى! قارىغاندا، پەقەت …

داشەن بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ گاۋ چېڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەلدى. بۇ چاغدا، گاۋ چېڭ ئاخىر بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇنى ئاغزىغا ئاپارغانىدى. كىرپىك قاققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، داشەن گاۋ چېڭنىڭ قولىدىكى سۇنى تارتىۋېلىپ، يۈك - تاقىسىنى قولتۇقلاپ يۈگۈردى …

شۇ كۈنى كەچتە، داشەن ئاخىرقى قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتۈپ، ئوتلاقتىكى بىر گۈلخانىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ يىقىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە بىر پوپ ئۇنىڭدىن:

— يۈك - تاقاڭنىڭ ئارىسىدا بىر بوتۇلكا سۇ تۇرسا نېمىشقا ئىچمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئەسلىدە گاۋ چېڭ بىر بوتۇلكا سۇنى تۇيدۇرماي ئۇنىڭ يۈك - تاقىسىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويغانىدى. پوپ مۇشۇ بىر بوتۇلكا سۇ بىلەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگەنىدى. داشەن باشتا ھەيران بولدى، كېيىن خىجىل بولۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى…

داشەن پوپ بىلەن تۆگىگە مىنىپ يەنە قۇملۇققا كىردى، ھەرقانچە ئىزدەپمۇ گاۋ چېڭنى تاپالمىدى. ئەتىسى كەچتە، گاۋ چېڭ مۆجىزىدەك ئۆزى تۇرۇشلۇق يەرگە كەلدى، قالتىس بىر ئىش - دە بۇ، بۇ مۆجىزىنى قانداق ياراتقانلىقى توغرۇلۇق داشەن گاۋ چېڭدىن سوراشقا پېتىنالماي، شىركەتتىن ئاستىلا كېتىپ قالدى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىنو - تېلېۋىزىيە ساھەسىگە قايتا ئاياغ باسمىدى. بۇ راست بولغان ۋەقە. ۋەقەلىكتىكى باش قەھرىمان مېنىڭ ئاغىنەم ئىدى. ئۇ:

— ئاشۇ بىر بوتۇلكا سۇ ماڭا ئاشۇ قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئويناشقا گاۋ چېڭنىڭلا لايىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. مەن ئەزەلدىن باشقىلارغا ئۆتتۈرۈپ باققان ئەمەس، لېكىن شۇ قېتىم ئۆتتۈرگىنىمگە قايىل بولدۇم! — دېدى.

قارىغاندا، مۇھەببەت ئۆچمەنلىكنى تۆگىتىپلا قالماستىن، يەنە رەقىبلەرنى يېڭىشتىكى ئۆتكۈر قورال ئىكەن!

كىشىلىك ھاياتنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنى كۆپ بولىدۇ.
لېكىن سەن ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىكى ئاشۇ قىممەتلىك قېرىنداش-
لىق مېھرىنى ئۇنتۇپ قالما، پات ـ پات ئويلاپ تۇرساڭ،
ھېس قىلىپ تۇرساڭ، ئۇنىڭ ئىگرىلەش يولۇڭدىكى ھەرى-
كەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

# قەلب قېتىدىكى ھاياجان

دەن دەن

مېنىڭ ئائىلەم چەت ـ ياقا تاغلىق كەنتكە جايلاشقان، ھازىر ئويلىسام، ئائىلىمىز بەكمۇ ناللىق ئائىلە ئەمەس ئىدى. بەش ياشقا كىرگەن بىر ئىنىم بار ئىدى. بىر قېتىم، گۈللۈك ياغلىق كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئاتامنىڭ تارتمىسىدىن بەش مو ئېلىپ قويدۇم. ئاتام شۇ كۈنى تارتمىدىكى پۇلنىڭ كەملەپ قالغانلىقىنى بىلىپ، بىزنى تام تۈۋىدە يۈكۈندۈرۈپ قويدى، قولىدا بامبۇك تاياق، پۇلنى زادى كىم ئالدى، بىزنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولدى. مەن بەك قورقۇپ كەتتىم، گەپ قىلىشقا پېتىنالماي بېشىمنى سىلىپ ئولتۇردۇم. ئاتام ئىككىلىمىزنىڭلا ئىقرار قىلمىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، ھەر ئىككىلىمىزنى ئۇرماقچى بولدى. ئۇ تاياقنى كۆتۈرۈشىگە، ئۇكام ئاتامنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئاتا، مەن ئالدىم، ئاچامنى ئۇرما، — دېدى.

ئاتامنىڭ قولىدىكى تاياق شەپقەتسىزلەرچە ئۇكامنىڭ دۈمبىسىگە، يەلكى-سىگە تەگكىلى تۇردى.

— مۇشتتەك تۇرۇپ ئۆيدىكىنى ئالساڭ، چوڭ بولغاندا بالا ـ قازا بىرنېمە بولماسمەن؟ — دەپ تىللاپ كەتتى ئۇكامنى ئاتام ھاسىراپ تۇرۇپ.

شۇ كۈنى كەچتە، ئاپام ئىككىمىز تاياق زەربىسىدە بەدىنى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن ئۇكامنى قۇچاقلاپ ئولتۇردۇق. ئۇكام بىر تامچىمۇ ياش تۆكمى-دى. يېرىم كېچىدە، مەن بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدىم، ئۇكام قولى بىلەن ئاغزىمنى ئېتىپ يىغلىماسلىقىمنى، ئۆزىنىڭ تاياقنىمۇ يېگەنلىكىنى ئېيتتى. ئەينى چاغدا ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمغا ھازىرغىچە ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن. شۇ ئىشقا تالاي يىللار بولغان بولسىمۇ، ئۇكامنىڭ

مېنى دەپ تاياق يېگەن قىياپىتى ھېلىھەم كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

ئۇكام ئىككىمىزلا ئۆگىنىشتە ياخشى، ئەخلاقلىق ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدۇق. ئىككىمىز ئوخشاش بىر يىلدا ئىمتىھان بېرىپ، مەن ئالىي مەكتەپكە، ئۇكام ئۆلكىلىك نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتتى. بۇ گەرچە خۇشاللىنارلىق ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇش خىراجىتىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىم بولۇپ قالدى. ئۇكام ئۆزىنىڭ ئوقۇمايدىغانلىقىنى دېۋىدى، ئاتام ئۇنىڭ تەستىكىگە بىر شاپىلاق سالدى-دە:

— نېمانداق يارىماس نەرسە سەن، ئۆيدىكى جىمى بىساتنى سېتىپ بولسىمۇ ئىككىڭلارنى ئوقۇتىمەن، — دېدى.

ئاتام شۇنداق دەپ پۇل قەرز ئالغىلى چىقىپ كەتتى. مەن ئۇكامنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۇنىڭ ئوقۇشى كېرەكلىكىنى، ئوقۇمىسا بۇ جىلغىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېدىم. مەن شۇ چاغدا ئوقۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەنىدىم.

ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇكامنىڭ بىرنەچچە قۇر كىيىم - كېچەك ۋە بىرنەچچە مومىنى ئېلىپ تۇيدۇرماستىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇ ماڭا ئىككىلىك خەت قالدۇرۇپ قويغانىدى. خەتتە: «ئاچا، قايغۇرۇپ كەتمە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئاسان ئەمەس. مەن سىرتلاردا مەدىكارچىلىق قىلىپ سېنى ئوقۇتىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. ئىككىلىك خەتنى سىقىمدىغان پېتى ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.

شۇنىڭدىن بۇيان، ئۇكام مېنى دەپ نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەردىن ۋاز كەچتى.

ئۇكام يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن يىلى ئۆيلەندى، توي مۇراسىمىدا رىياسەتچى ئۇنىڭدىن:

— سەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماستىن:

— ئاچام، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇكام مېنىڭمۇ يادىمدا قالمىغان بىر ئىشنى سۆزلىدى:


— مەن ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن يىلى ئىدى، مەكتەپ قوشنا كەنتتە بولغاچقا، ئاچام ئىككىمىز مەكتەپتىن ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن بىر سائەت يول ماڭاتتۇق. بىر كۈنى، پەلىيىمنىڭ بىر پېيىنى يىتتۈرۈپ قويدۇم. ئاچام

بىر پاي پەلىيىنى ماڭا بېرىپ، بىر قولىدا پەلەي يوق ھالدا شۇنچە ئۇزۇن يولنى باستى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاچامنىڭ قولى مۇزلاپ چوكىنىمۇ تۇتالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاچام بىلەن بىر ئۆمۈر ئەپ ئۆتىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم.

پەستىكلەر ئالقىش ياڭراتتى. مېھمانلارنىڭ نەزىرى ماڭا ئاغدۇرۇلدى. مەن:

— ئۇكام مەن ئەڭ رەھمەت ئېيتىدىغان ئادەم، — دېدىم.

بۇ مەن ئەڭ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك پەيتلەر ئىدى، لېكىن كۆز ياشلىرىمنى تۇتۇۋالالمىدىم.



پۇلنى ھەرقانداق نەرسىدىن مۇھىم دەپ قارىماسلىق كېرەك، پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بار. كۆپ ھاللاردا ئەڭ بىباھا نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى پۇل بىلەن تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

## بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيى

لى خەنبىڭ

تۆت سودىگەر ۋە ئۇلارنىڭ پارچە ـ پۇرات ئىشلىرىنى قىلىدىغان بىر ياش ئۈسمۈر بەشەيلەن قۇملۇقنى ئاتلىق كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قۇم بورىنىغا ئۇچراپ قالدى. سۇ ۋە يېمەكلىك ئارتىلغان بەش ئات قۇم بورىنىدا كۆزدىن غايىب بولغان، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ يولدىن ئادىشىپ قالغانىدى.

ئوتتەك قۇياش كۆكتە يالقۇنجاپ تۇراتتى، قۇملۇق تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئازابلىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن بەشەيلەن قۇم دۆۋىسىدە يېتىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، تىللىرى تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدى بارا ـ بارا يىگىلەپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ھەربىرى «سۇ!» دەپ خىرقىرايتتى.

سېمىز سودىگەرنىڭ يېنىدا بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيى بار ئىدى، بەش يۈز گرام چىقاتتى. ئۇ قۇملۇقتىن كېسىپ ئۆتكۈچە چۆگۈنگە هاراق قاچىلىۋال-غانىدى. سەپەرداشلىرى چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭغا بىلىندۈرمەي چۆگۈندىكى هاراقنى تۆكۈۋېتىپ ئورنىغا سۇ قاچىلاپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي قالدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ بىر چۆگۈن سۇ بىر چۆگۈن هاراقتىن نەچچە ھەسسە قىممەتلىك بولۇپ قالدى. بەش يۈز گرام سۇنى بىر ئادەم ئىچسە، شۇ ئادەم قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىپ، خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلغان بولاتتى. ناۋادا بەشەيلەن ئۆلەشتۈرۈپ ئىچسە، ھەربىرىگە يۈز گرام سۇ تېگەتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرالماي قۇملۇقتا يېتىپ قېلىشى شەك ـ شۈبھىسىز ئىدى. بۇ ھالقىلىق بىر مەسىلە ئىدى.

ئۈچ سودىگەرنىڭ نەزىرى سېمىز سودىگەرنىڭ يېنىدىكى بىر چۆگۈن سۇغا ئاغدۇرۇلدى، ئۇلار ئاشۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى ئىچىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈم-لۈك چارىسى— پۇل خەجلەپ سېتىۋېلىش دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن،

ئورۇق سودىگەر ئالدىراپ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىگە ئون تىللا باھا قويدى. قالغان ئىككى سودىگەرمۇ دەرھال باھا تالاشتى. بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنىڭ نەرخى ناھايىتى تېزلا يۈز تىللاغا چىقتى. ئاخىر ئۈچ سودىگەر بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يانلىرىدىكى بارلىق تىللالىرىنى سەرپ قىلىشقا رازى ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان ياش ئۆسمۈر گەپ قىلماستىن قۇمدا ياتاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئۇلارنىڭ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان غوۋغالىرىغا قۇلاق سالاتتى. يېنىدا بىرەر تىللا بولمىغاچقا، چۆگۈندىكى قۇدۇق سۈيىنىڭ بىرەر تېمىممۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايتتى.

بۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى ئۈچ سودىگەرنىڭ بىرەرىمۇ سېتىۋالالمىدى. بۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنىڭ ئىگىسى بولغان سېمىز سودىگەر تىللالار ئالدىدا تەۋرەنمىدى. ئۇ ناھايىتى سەگەك ھالدا:

— مۇشۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى كىم ئىچسە، شۇ مۇشۇ قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلەيدۇ، بۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى سىلەرگە سېتىپ بەرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ تىللانىڭ قىممىتى شۇ تاپتا نۆلگە تەڭ، ئەجەبا مۇشۇنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ — دېدى.

ئۈچ سودىگەر چەكچىيىپ قېلىشتى.


ئاشۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىنى تالىشىش سەۋەبلىك تۆت سودىگەرنىڭ ئارىسىدا ھايات - ماماتلىق جەڭ باشلاندى. جەڭ تىللاش ۋە مۇشت كۆتۈرۈشتىن باشلىنىپ، ناھايىتى تېزلا خەنجەر ۋە تاسمىلار ئىشقا سېلىندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي جەڭ بېسىقتى، سودىگەرنىڭ تۆتىلىسى يىقىلدى، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىدىن ئاققان قويۇق قانلار ئوتتەك قۇياش نۇرىدا قېتىپ كەتتى.

تۆت سودىگەرنىڭ ھېچقايسىسىغا نېسىپ بولمىغان بۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيى قاتتىق - قۇرۇق ئىش قىلىدىغان ھەم يېنىدا بىر تىيىن پۇلى يوق ياش ئۆسمۈرگە نېسىپ بولدى. بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن ياش ئۆسمۈر دەمال نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان تىللالارنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. بۇ تىللالار بۇرۇن ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىللالار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلچىلىك رىشتە يوق ئىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئىگىلىسىلا ئۇ مۇشۇ تىللالارنىڭ يېڭى ئىگىسى بولۇپ

قالاتتى. لېكىن بۇ ياش ئۆسمۈر ئىگىلىمىدى. ئۇ ھېلىقى قۇدۇق سۈيى قاچىلانغان چۆگۈننى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇراتتى. شۇ قېتىملىق ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش ئۇنىڭ يۇمران يۈرىكىنى لەرزىگە سالغانىدى. بىر تىللانى ئالسا، يەنە بىرىنى ئېلىشقا، ئاندىن كېيىن يەنە بىرىنى ئېلىشقا، شۇنداق قىلىپ ھەممىنى ئالغۇسى كېلىدىغانلىقى، قۇملۇقتا ئېغىر يۈك بىلەن ماڭغاندا ئادەمنىڭ يەنىمۇ ئۇسساپ كېتىدىغانلىقى ئەقىللىق بۇ ياش ئۆسمۈرگە ناھايىتى ئېنىق ئىدى. گەرچە ئۇ بىر چۆگۈن قۇدۇق سۈيىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاشلا قۇملۇقتا يىقىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ياش ئۆسمۈر تىللالار چېچىلىپ ياتقان يەردىن كېتىپ قالدى. كەچكى شەپەق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھال رەڭ نۇرلارنى بەخش ئەتتى، ئۇنىڭ ھاياتلىق دەرىخى قايتىدىن ياشىرىشقا باشلىدى.

ياش ئۆسمۈر قۇملۇق ئۈستىدىن ھەم ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكتىن ئاخىر قۇملۇق ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى.

دۇنيادا پۇلنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق، ئەمما پۇلنىڭ بەزىدە ئازراقمۇ قىممىتى بولماي قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغانلار ھەقىقەتەن يوق ئەمەس.



بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىنىڭ يۈز-
گە سوۋغا قىلىنغان گۈلدىن لەززەتلەنگەن چاغلىرى ئە-
مەس، بەلكى ئۇن - تىنسىز كۆرەش قىلىپ تەقدىرىنىڭ
سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن چاغلىرى كىشىلىك ھاياتى-
نىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا چۈشۈپ قالدىم

ياڭ جيەنكوي

1994 - يىل 7 - ئاي مەن ئۈچۈن كۆڭۈلسىز 7 - ئاي بولدى، ئەسلىدە ئۆگىنىشىم ئىنچىل ياخشى ئىدى. سىنىپ مۇدىرىمۇ مېنى ئىمتىھاندا تولۇق كۇرسقا ئۆتۈپ كېتىدۇ دېگەنىدى، لېكىن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالدىم، بۇنداق بولارىنى ئۆزۈممۇ ئويلىمىغانىدىم.

ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، ئارزۇ - ئارمانلىرىم يوققا چىققانىدى، بۇ دۇنيا ماڭا بەكمۇ ئادالەتسىزلىك قىلدى دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. شۇ كۈنى قانداق ئۆيگە بېرىشىمنىمۇ بىلەلمىدىم. ئۆيگە بېرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا ئاتتىم، بىر كۈن تاماق يېمىدىم ھەم ھېچكىمگە گەپ قىلمىدىم. ئۆلۈۋالغۇم كەلدى، بېشىمدىن قوپماي ئولتۇرغان ئاتا - ئانام ماڭا بۇ پۇرسەتنى بەرمىدى. ئۇلار مېنى ئەيىبلىمىدى، كۆپ نەسىھەت قىلىپمۇ كەتمىدى، ئۇلار ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ ماڭا بىر ئاخشام ھەمراھ بولدى.

ئەتىسى ئانام ماڭا:

— كېۋەز غوزىسىنىڭ ئۈچىنى ئۈزگىلى مەن بىلەن بىللە ئېتىزغا بار! كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى. ئانامنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئانامنىڭ يۈرىكىنى زىيادە قىلىشنى خالىمىدىم - دە، تەكلىپنى ئۈنسىز قوبۇل قىلدىم. ئانام كېۋەز غوزىسىنىڭ ئۈچىنى ئەپچىل ئۈزۈۋاتاتتى (كېۋەز غوزىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى)، مەن ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى كۆپ قىلمىغاچقا، ئانامنىڭ بولۇق ئۆسكەن كېۋەز غوزىلىرىنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈشى ماڭا بىر قىسىم تويۇلدى. مەن سەۋرسىزلىك بىلەن ئانامدىن:

— شۇنداق غوزىلىغان كېۋەزنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈۋەتسەڭ غوزىسى يەنە ئۆ-سەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئانام ماڭا:

— ئۈچىنى ئۈزۈۋەتسە، غوزا شاخلىرى تېخىمۇ ياخشى ئۆسىدۇ، جىق

غوزا تۇتىدۇ. ئۇچىنى ئۇزۇۋەتمىسە، كېۋەز ھە دەپ بوي تارتىدۇ ـ دە، غوزىسى جىق بولمايدۇ، — دېدى.

ئانامنىڭ بۇ گېپىدىن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. ئانام يەنە:

— ئىشەنمىسەڭ، ئىككى تۈپ كېۋەزنى سىناق قىلىپ باق، بىر تۈپ كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۇزۇۋەت، يەنە بىر تۈپنىڭكىنى ئۈزمە. قايسى تۈپنىڭ غوزىسى جىق بولىدۇ، كۆرۈپ باق، — دېدى.

مەن كېۋەزلىكتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئىككى تۈپ كېۋەزنى تاللاپ، بىر تۈپىنىڭ ئۇچىنى ئۇزۇۋەتتىم.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ئانام بىلەن بىللە يەنە ئېتىزغا بېرىپ قارىسام، ئۇچى ئۈزۈلگەن بىر تۈپ كېۋەزنىڭ ھەربىر غولىدا بەشتىن ـ ئالتىگىچە غوزا تۇراتتى، ئۇچى ئۈزۈلمىگەن يەنە بىر تۈپ كېۋەز گەرچە ئېگىز، خېلىلا بوي تارتقان بولسىمۇ، لېكىن غولىدا بىرنەچچە تال غوزا بار ئىدى.

مەن شۇ چاغدىلا ئانامنىڭ مېنى كېۋەز غوزىسىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈشكە ئېتىزغا باشلاپ چىققانلىقىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئۇ ماڭا: ئوقۇشلۇق بولغان ئىشلارنىڭ مۇكەممەل بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئوقۇش-سىزلىق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ بايلىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى دېمەكچى بولغانىكەن.

شۇ ئىشتىن كېيىن، مەن پىشىپ يېتىلدىم. شۇ يىلى، قىسىم ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا چۈشۈپ قالغانلاردىن بىر تۈركۈمنى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسكەرلىكىگە ئالدى. مەن تىزىملاتتىم، ياندۇرقى يىلى ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. ھەربىي سەپتىمۇ كۆپلىگەن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق-لارغا ئۇچرىدىم. ئۇچى ئۈزۈۋېتىلگەن ئاشۇ كېۋەز غوزىسىنى ئويلاپ، ئىشەن-چىم ھەسسىلەپ ئاشتى، قىيىنچىلىقلارنى ئىلگىرىلەش يولۇمدىكى ھەرىكەتلەن-دۈرگۈچى كۈچ دەپ بىلىپ، بارغانسېرى جاسارەتكە تولدۇم. مەن ھازىر ئورگان خادىمى، ئۆتكەن ئۆتكەن ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق خېنەن ئۆلكە-لىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم.

ئۆزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى خۇلاسىلەپ، ئۆزۈمگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا چۈشۈپ قالغان ساۋاقداشلارغا: «قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىق ئاجىزلارنىڭ قەبرىسى ھەم غالىبلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدىكى ۋاستە» دېگەن سۆزنى قىلغۇم كېلىدۇ.

# ئۈستىنى قىروۋ باسقان قارىغاي

ياپپېشىل قارىغاي تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى قارشى ئېلىپ، تىك ھەم ئېگىز يارلاردا كۆك بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدۇ. ئۈستىنى قىرو قاپلىغان چاغلاردىمۇ قارىغاي تەمكىن ھەم قەيسەرلىك بىلەن ئۆز خىسلىتىنى ساقلاپ قالىدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا، بىز يا ئالدىغا يا كەينىگە يانالمايدىغان ئەھۋاللار- غا دۇچ كېلىمىز؛ كىشىلىك ھايات يولىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچ- رايمىز؛ ياكى ھىجران ئازابى بىلەن ھەسرەت چېكىمىز … مۇشۇ قىسمەتلەر ئالدىدا نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالىمىز. ئۈستىنى قىرو قاپلىغان قارىغاي مەنۋىيىتىمىزگە ماكان بولالايدۇ، سەرگەردان روھىي دۇنيايىمىز مۇشۇ ماكاندا ئەقىل - پاراسەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى ھېس قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا دىشۋارچى-لىققا چىشىگىنى چىشلەپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئالغا ئىنتىلىپ، جاسارىتىگىنى ئىشقا سالالىساڭ، كىشىلىك ھا-ياتىنىڭ تەبەسسۇملىرىغا نائىل بولالايسەن.

# ئۈمىدلىك ياشاش ئىنسانىنىڭ ئىشى

جىك كىنىڭ

1974 - يىلى قەھرىتان قىشتا، مەن «بايراقدار» جىياڭ چىڭغا قارشى تۇرغان جىنايەت بىلەن يىگىرمە يىللىق كېسىلدىم. ئېگىز تام ئىچىدىكى سىياسىي جىنايەتچى دەپ سانالغان زىيالىيلار ئارىسىدا بەزىلەر ئېغىر ئەمگەك-كە، بەزىلەر تەتۈر پەلەك كەلتۈرگەن ئار - نومۇسقا، بەزىلەر ئائىلىنىڭ خانىۋەيران بولۇشىغا ۋە بەزىلەر روھىي يىمىرىلىشكە چىدىماي، تۈرمۈشقا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭدى.

قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئىنژېنېر بولغان بىر مەھبۇس بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ، ئۆلۈۋالالمىدى. ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى بۇ يول-دىن تارتماقچى بولدۇم. قانداق قىلسام يۈرەك - باغرى ئاللىقاچان ئۆلگەن بۇ كىشىنىڭ يۈرىكىدە ئۈمىد شامىنى ياندۇرالايمەن؟ ئىچىمدە شۇنداق ئويلى-دىم. ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىش پۇرسىتىنى تاپتىم. ئۇنىڭ بىلەن تۆۋەن-دىكىدەك پاراڭلاشتىم:

— بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئوتتۇز بەش ياشقا كىردىم، — دېدى ئۇ.

— مەن ئەللىك يەتتە ياشقا كىردىم، — دېدىم ھەم ئۇنىڭدىن، — نەچچە يىل كېسىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ئون بەش يىل، — دېدى ئۇ.

— مەن يىگىرمە يىل كېسىلدىم، — دېدىم.

— قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن يەنە.

— مەن ئىنژېنېر، — دېدى ئۇ.

— مەن ئالىي مەكتەپتە پروفېسسور ئىدىم، — دېدىم.

ئۇ ھەيران بولدى، مەن دىققەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئەتەي:
— سىز نەچچە يىل ئوقۇغان؟ — دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ:
— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، — دېدى.
— ناھايىتى ياخشى، — شۇنداق دەپ گېپىمنى سەل توختىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن، — دېمەك، سىز ئون ئالتە يىل ئوقۇپسىز، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالتە يىل، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالتە يىل، ئالىي مەكتەپتە تۆت يىل، جەمئىي ئون ئالتە يىل، — دېدىم. ئاندىن كېيىن ئىنتايىن قاتتىق تەلەپپۇزدا، — ئەمدى، ماڭا قاراڭ، مېنى ئويلاڭ، ئۆزىڭىزگە قاراڭ، ئۆزىڭىزنى ئويلاڭ! قەلبىڭىزدىكى كىتاب، سىز ئون ئالتە يىل ئوقۇغان كىتاب، سىز ئون ئالتە يىل ئۆگەنگەن بىلىم، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىت يەپ بولدىمۇ؟ ئۆلۈۋېلىشتىن نومۇس قىلمامسىز؟ — شۇنداق دەپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ كەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن كارىممۇ بولمىدى.
لېكىن، بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. كۆڭلۈمنى بېسىپ تۇرغان تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى ـ دە:
— ئەركەك دېگەن كۆزگە ئاسان ياش ئالمايدۇ! — دېدىم.
دەرۋەقە، شۇ قېتىمقى پاراڭلىشىشتىن كېيىن، ئۇ ئۆلۈۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش پۇرسىتى ماڭا يەنە بىر قېتىم نېسىپ بولدى. بۇ قېتىم ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلاشتۇق. مەن ئۇنىڭدىن:
— سىز نېمانداق ئەخمەق؟ نېمىشقا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن يالتايمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.
— بۇ يەردىكى ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆلۈۋالماقچى بولغىنىم يوق، خوتۇنۇم ماڭا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويىدى، بۇ ماڭا ئېغىر كەلدى ھەم بۇ ئىش كاللامدىن ئۆتمىدى، — دېدى ئۇ.
مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنى تەبرىكلىدىم.
— بۇ ياخشى گەپقۇ، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشكەن، — دېدىم.
— بۇ ئىشنىڭ نەرى ياخشى، تەبرىكلىگۇدەك نېمىسى بار؟ — دېدى ئۇ.
— سىز نېمىشقا ئويلاپ باقمايسىز، مۇشۇ ئەھۋالىمىزدا ئائىلىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز ئۇچۇن كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر تۆھپىمىز ھەم بىردىنبىر ياردىمىمىز — ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇش. ئويلاپ بېقىڭ، جەمئىيەتتە

«ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئائىلىسى» گە بولغان بېسىم شۇقەدەر قورقۇنچلۇق، نېمىشقا ئۇلارنى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق بېسىمدىن خالاس قىلمايسىز؟ سىز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزغا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە قىلىپ بېرەلەيسىز؟ — دېدىم.

ئۇ بۇنى ئويلىمىغاندەك قىلاتتى، بىر نەرسە دېگۈسى كەلدى، مەن ئۇنى گەپ قىلدۇرمىدىم، گېپىمنى داۋام قىلىپ:

— مەن يىگىرمە يىللىق كېسەلگەندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشىم — دەرھال خوتۇنۇمغا خەت يېزىپ ئۇنىڭغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدۇم. مۇشۇ ئەھۋالدا مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش — ئۇلارنى قورقۇنچلۇق بېسىمدىن ئازاد قىلىش ئىدى ...

خوتۇنۇم خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ بالامنى باشلاپ تۈرمىگە كەلدى. قوبۇلخانىغا كىرسەم، خوتۇنۇم بىر ياقتا ئولتۇراتتى، ئۈچ بالام ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. مەنمۇ ئولتۇردۇم، خوتۇنۇم ئاجرىشىش توغرۇلۇق يېزىلغان خەتنى ئالدىمغا قويۇپ، بالىلىرىمغا: «يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇڭلار، ئاتاڭلاردىن بۇ خەتنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىڭلار» دېدى. ئۈچ بالام ئېسەدەپ يىغلىغان پېتى يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. خوتۇنۇم باشقا گەپ قىلماي، ئاغزىمغا قاراپ جىممىدە ئولتۇراتتى ...

خوتۇنۇمغا، ئالدىمدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بالىلىرىمغا قاراپ گەپ قىلماستىن، ئۈستەلدىكى خەتنى ئېلىپ خوتۇن - بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا يىرتىپ يەرگە تاشلىدىم. بىر - بىرىمىزگە يالۋۇرمىدۇق، چۈشەنچە ھەم تەسەللى بەرمىدۇق. چۈنكى، شۇ دەقىقىدە، بىزنىڭ ئارىمىزدا بىر ئېغىز گەپ ئارتۇق ئىدى! ...

شۇ چاغدا خوتۇنۇم يامغۇردەك يىغلاپ قولۇمنى تۇتتى، بۇ جاپا تارتىپ ئىنتايىن يىرىكلەشكەن، ئەمما ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھېسسىياتىغا تويۇنغان بىر جۈپ قول ئىدى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم، ئىسسىق ئېقىم يۈرەك قېتىمىزدىن ئۇرغۇپ تاشتى، كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئۇنىڭغا:

«ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، ئۈمىدلىك ياشاش ئىنساننىڭ ئىشى!» دېگەن سۆزنىلا قىلالىدىم.

مېنىڭ بۇ بايانلىرىمنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئىنژېنېرنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن خىرەلەشتى.

ئادەم ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن نىشان بەلگىلەپ ياشىسا، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ، مۇقىم بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

# نىشان بەلگىلەشتىن باشلانغان ھايات

لىيۇ بەنمېي

بېسار سەھرايىكەبىردىكى بىر مەرۋايىــــت، ھەر يــــىلى بۇ يەرگە مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ساياھەتچى كېلىدۇ. كېن. لەيۋىن بايقاشتىن بۇرۇن بۇ يەر تاشقى دۇنيادىن ئايرىلغان ھەم قالاق بىر يەر ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ بىرەرىمۇ بۇ قۇملۇقتىن سىرتقا چىقىپ باققان ئەمەس، يەرلىكلەرنىڭ بۇ بىر پارچە تاقىر يەردىن ئايرىلغۇسى يوقمــــىش، تالاي قېتــــىم ئۇرۇنۇپ قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلمىگەنمىش.

كېن. لەيۋىن بۇنداق قاراشقا ئىشەنمىدى. ئۇ قول ئىشارىتى ئارقىلىق بۇنىڭ سەۋەبىنى يەرلىكلەردىن سورىدى، ھەربىرى ئوخشاش جاۋاب بېرىشتى: بۇ يەردىن مەيلى قايسى تەرەپكە ماڭسۇن، ماڭغان ئادەم يەنىلا ئۆزى يولغا چىققان يەرگە كېلىپ قالاتتى. بۇ قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كېن. لەيۋىن سىناق قىلىپ، بېساردىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئۈچ يېرىم كۈندە قۇملۇقتىن چىقىپ كەتتى.


بېسارلىقلار نېمىشقا قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ؟ كېن لەيۋىننىڭ بۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى پۇشتى. ئاخىر ئۇ بۇنىڭ زادى قانداق ئىشلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بېسارلىقتىن بىرنى ياللاپ، ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلدى. ئۇلار يېرىم ئايلىق سۇ تەييارلاپ، ئىككى تۆگىنى يېتىلىدى، كېن لەيۋىن كومپاسقا ئوخشاش زامانىۋى ئەسۋابلارنى يىغىشتۇرۇپ، بىر تال تاياقنى ئېلىپ تۆگىلەرنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار تەخمىنەن سەككىز چاقىرىم يول يۈردى، ئون بىرىنچى كۈنى ئەتىگەندە، دەرۋەقە بېسارغا قايتىپ كەلدى، شۇ قېتىم كېن لەيۋىن ئاخىر چۈشەندى. بېسارلىقلارنىڭ قۇملۇقتىن چىقىپ

كېتەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنى ئەسلا بىلمەيتتى.

چەكسىز كەتكەن قۇملۇقتا بىر ئادەم سەزگۈسىگە تايىنىپ ماڭسا تولىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى، ئاخىر قۇملۇقتا ئۇنىڭ قەدىمىدىن ئورالما مېتىرنىڭ شەكلى ھاسىل بولاتتى. بېسار كەنتى جايلاشقان قۇملۇقتا ۋە شۇ قۇملۇقنىڭ مىڭ كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئارىلىقتا نام - نىشان بولغۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. ماڭغان كىشى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزنى بىلمىسە ياكى كومپاس بولمىسا، قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كېن لەيۋىن بېساردىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ئارگوتېر ئىسىملىك بىر ياشنى ئېلىۋالدى. ئۇ كېن لەيۋىن بىلەن بىرىنچى قېتىم ھەمكارلاشقان ياش ئىدى. كېن لەيۋىن ئۇنىڭغا كۈندۈزى ئارام ئېلىپ، كېچىسى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزىنى نىشانلاپ ماڭسا، قۇملۇقتىن چىقىپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارگوتېر كېن لەيۋىننىڭ دېگىنى بويىچە مېڭىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇملۇقنىڭ چېكىگە يەتتى. ئارگوتېر شۇنىڭدىن تارتىپ بېسارلىقلار ئۈچۈن يول ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇنىڭ مىس ھەيكىلى ئورنىتىلدى. مىس ھەيكەلنىڭ ئاستىغا: «يېڭى ھايات تاللاپ بېكىتىلگەن مۇشۇ نىشاندىن باشلانغان» دېگەن بىر قۇر خەت چېكىلگەندى.



هايات قىممەتلىك، ئۇنىڭدىن يەڭگىلتەكلىك بىلەن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، كىشىلىك هايات هاياتقا بولغان مۇھەببەتتىن يورۇقلۇق تاپىدۇ.

# كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ

ليەن تاۋ

كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ! بەرداشلىق بېرىڭ، كۆزىڭىزنى ھەرگىز يۇمۇۋالماڭ.

2003 - يىل 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، تاڭ سەھەر سائەت تۆت يېرىم ئەتراپىدا، كاھىش قاچىلانغان بىر قارا ماشىنا نەنجىڭ شاگۇەن رايونى يۇەنمىن تەۋەسىدىكى ئۈچ ئېغىزلىق بىر ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، ماشىنىدىكى كاھىشلار ئەتراپقا چېچىلىپ، ئۆي ئۆرۈلدى، ماشىنىدىكى بىرنەچچە ئادەم نەق مەيداندا ئۆلدى، ئۆيدىكى بەش ئادەم تام ئاستىدا قالدى.

تاڭ سەھەر ۋاقتى بولغاچقا، ئادەملەر تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى، ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چۇقچۇپ ئويغىنىپ كەتكەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر بۆلەك ئاھالە بۇ پاجىئە ئالدىدا ئامالسىز تۇراتتى. قۇتقۇزۇش خادىملىرى يېتىپ كەلگۈچە، ئەتراپتا تۇرغانلار تام ئاستىدا قالغان بىر ئادەمنىڭ بېشى سىرتتا، بەدىنى تام ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايقىدى. قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، نەپەسى ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەم كۆزلىرىنى ئاچالمايۋاتاتتى. بۇ چاغدا، بىر ياش بېشى سىرتتا قالغان بۇ ئادەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

— كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ! بەرداشلىق بېرىڭ، ماڭا گەپ قىلىڭ، ھەرگىز كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ! — دەپ توۋلايتتى.

تام ئاستىدا قالغان ئادەم كۆزلىرىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇش ۋە مىننەتدارلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى.

ھېلىقى ياش تام ئاستىدا قالغان ئادەمدىن:

— بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ قەيەردە، نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ ... — دەپ سورىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تام ئاستىدا قالغان ئادەمنىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇل-

دى، ھېلىقى ياش:


— كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! — دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

تام ئاستىدا قالغان ئادەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالمايۋاتقاندەك ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئىنكاس يوق ئىدى. ھېلىقى ياش دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى، ئوكسىگېن بېرىلگەندىن كېيىن، تام ئاستىدا قالغان ئادەم كۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى …

قۇتقۇزۇش خادىملىرى ئاخىر يېتىپ كەلدى، تام ئاستىدا قالغان ئادەم دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلدى. بىرەيلەن ھېلىقى ياشتىن تام ئاستىدا قالغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى سورىدى. ھېلىقى ياش:

— مەن ئۇنى تونۇمايمەن، مەن تاكسى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، — دېدى.

ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تونۇمايتتى، قانداشلىق مۇناسىۋىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ھاياتىنى قەدىرلىگەچكە، مۇھەببەتنىڭ دەۋىتى بىلەن شۇنداق قىلغانىدى. شۇ قېتىملىق ئاپەتتە يەتتە ئادەم قازا قىلدى. ھېلىقى ياش تاكسى شوپۇرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى شۇ كۈندىكى تاڭ سەھەردە، پۈتكۈل نەنجىڭ شەھىرىدە ياڭراپ، بۇ شەھەردىكى ئەڭ يېقىملىق ئاۋازغا ئايلىنىپ قالدى.



جاھىللىق بىلەن ئېتىلغان ئىت، قەيسەرلىكىنى، چىدامچانلىقىنى، سادىقلىقىنى ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ئىت، باتۇر ۋە جاسارەتلىك ئىت، كۆكۈل ــ كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ ئىت.

# ئاشۇ يىل، ئاشۇ ئاي، ئاشۇ ئىت

جاڭ لېي

1950 ــ يىل يازدا بوۋام تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مومامنى ئېلىپ بېيجىڭغا كېلىپ خىزمەتكە چۈشتى. ئەينى چاغدا ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئاتام بوۋاملار بىلەن بىللە داخې كەنتىگە ئورۇنلاشتى. بوۋام يىراق ــ يېقىندا نام قازانغان تېۋىپ. ئاتام بوۋامنىڭ ئەتىۋارلىق چوڭ نەۋرىسى ئىدى. بوۋام نەۋرىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن كىشەل كۆرگىلى سىرتلارغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كەم تېپىلىدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئاتامغا بېرەتتى. ئەكەلگەن نەرسىلىرى پاتېفون، چىرايىنى كۆرگىلى بولىدىغان پلاستىنكا، خەت يازغىلى ھەم رەسىم سىزغىلى بولىدىغان دوسكا ۋە رەڭلىك بور، ياتقىلى ھەم ئولتۇرغىلى بولىدىغان بامبۇك كارىۋات ھەم يۆلەنچۈكلۈك بامبۇك ئورۇندۇق قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى. ئۇ بىر قېتىم شىرنىڭ ئاسلىنىغا ئوخشايدىغان كۈچۈكتىن بىرنى ئەكەلدى. ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان كۈچۈك ئىدى، ئائىلىدىكىلەردە بېقىلىدىغان، ھويلا ــ ئارامغا قارايدىغان ئىتلار بىر ــ بىرىگە ئوخشايتتى. كىشىلەر ئىت دېگەن شۇنداق بولىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ كۈچۈكنى بوۋام كەنتكە ئەكەلگەندە، پۈتكۈل كەنت لەرزىگە كەلدى. ئۇششاق باللار بىر ــ بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ «شىر ئاسلىنى» ئوينىتقىلى ھويلىمىزغا يىغىلىپ سانجاق ــ سانجاق تۇرۇپ كېتىشتى.

ئاتام شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ ھېلىقى كۈچۈكنى غەربىي دىيار ياكى جىڭبا كۈچۈكلىرىگە ئوخشاش زوق ئېلىش تىپىغا مەنسۇپ ئوماق كۈچۈك ئىدى دەيتتى. ئۇنىڭ ئىسمى يوق ئىدى، ئاتام تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭغا «شىرچاق» دەپ ئات قويدى.

زىرائەتلەر پىشقان كۈز پەسلىدە، «شىرچاق» چوڭ بولدى. «شىرچاق» قانجۇق ئىدى، يىراق ــ يېقىن كەنتتىكى ئەركەك ئىتلار كەينى ــ كەينىدىن

بوۋامنىڭ هويلىسى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۇرىدىغان بولۇشتى. بۇ ئىتلار توختى-
ماي هاۋشىشاتتى، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن ياغاچ دەرۋازىنى تاتىلاپ چوڭقۇر
ئىز قالدۇراتتى، بەزى ئىتلار ئېگىز تامغا ئارتىلىپ، كاهىشلارنى چۇشۇرۇۋېت-
ەتتى، يەنە بەزى ئىتلار كېچىچە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقاندەك پىغان چېكەتتى ...
بۇنداق ئەھۋال ھەر كۈنى يۈز بېرەتتى. بوۋام «شىرچاق» تىن بىزار بولۇشقا
باشلىدى. «شىرچاق» ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈندى. ئۇ كۈنلىرىنىڭ خاتىر-
جەمسىزلىك بىلەن ئۆتۈشىگە «شىرچاق» نىڭ كۈنسايىن يېتىلىشى سەۋەبچى
دەپ قارايتتى. بولۇپمۇ ئۇ بۇزۇلغان تام توپىسىنى ۋە ئىتلارنىڭ چوڭقۇر تىرناق
ئىزلىرى قالغان دەرۋازىنى ئوڭشىغاندا «شىرچاق» قا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېت-
ەتتى. بىر ئۆمۈر تېۋىپلىق قىلىپ ساۋاب تېپىپ كەلگەن بوۋام «شىرچاق»
نى ئەڭ شەپقەتسىز جازالاش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپتى. ئۇ بولسىمۇ «شىرچاق»
نى ئۆينى تېپىپ كېلەلمەيدىغان يىراق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىش ئىدى.
قىش يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇراتتى، بوۋام ۋە كەنتتىكىلەر قىشنىڭ
تەييارلىقىدا ئىدى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي، كەنتتىكىلەر ئەللىك
نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ۋوگزالغا كۆمۈر ئالغىلى هارۋىلىرىنى هەيدىشىپ
يولغا چىقىشتى.
كەچ كۈزنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، بوۋام ئاتامغا تۇيدۇرماي «شىرچاق» نى
بىر تاغارغا سېلىپ، ئاغزىنى بوش باغلاپ، هارۋىغا تاشلاپ، هارۋىكەشكە
«شىرچاق» نى قانچە يىراققا تاشلىۋەتسە شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
«شىرچاق» ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى،
باققۇسى يوقلۇقىنى بىلمەي، بازارغا بارىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقى-
دا ئىگىسىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇندى.
گۇدەك ئاتام كۈنلىرىنى «شىرچاق» سىز زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە
باشلىدى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئۇ «شىرچاق» نى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ
كەتتى. ئۇ يېڭى نەرسىلەرگە داۋاملىق ئىگە بولۇپ تۇراتتى.
قار ياغقان بىر كۈننىڭ ئەتىسى، ئەيتاۋۇر 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنلىرى،
پۈتكۈل كەنت هېيتلىق تەييارلىغان تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىغا تولغانىدى.
بوۋام قىزىل قەغەزگە يېزىلغان مەسنەۋىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، قېلىن
قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، دەرۋازىنى ئېچىپ
هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. كىچىككىنە بىر گەۋدە قاردا تۇگۇلۇپ ياتاتتى، قاردا

ئۇششاق ئىزلار تۇراتتى، سېرىق بىلەن ئاق ئارىلىقىدىكى تېرىنىڭ رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئاپئاق قاردا، تېرە قارىيىپ پاسكىنا يۇيغۇچقا ئوخشاپ قالغانىدى. بوۋامنى كۆرۈپ «شىرچاق» نىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئويناقشىغان پېتى بوۋامغا سۈركەلدى، ئۇ ئاخىر ئۆيگە كەلگەنىدى! ئۇ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ھەربىر ئۆيگە كىرىپ ئائىلە ئەزالىرىغا سالام بەردى. بوۋام ئۇنىڭ بىر پۇتىنىڭ مېيىپ بولغانلىقىنى بايقىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ بىر پۇتىنى ئاغمىخانىغا قويۇلغان قاپقان ئۈزۈۋەتكەندەك قىلاتتى. بوۋام «شىرچاق» نىڭ قەيسەر ھاياتىي كۈچىدىن تاڭ قالغانىدى، ئۇنىڭغا يەنىلا ئۆچلۈكى كەلدى، چۈنكى، ئۇ بۇ قېتىم توكۇر بولۇپ قالغانىدى. بوۋام كېلەر قېتىم ئۇنى يەنىمۇ يىراق يەرگە تاشلىۋېتىشنى ئويلىدى.

بوۋام ھەرھالدا باغرى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا، ئۇنى دەرھال تاشلىۋەتمىدى، بەلكى ئوبدان باقتى. ئىككى ئايدىن كېيىن باھار كەلدى، كەنتتىكى ئىتلار كۈرسىغا كىرگەندە، بوۋام «شىرچاق» نى يەنە تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ قېتىم بۇ ئىشنى يىراق بىر تۇغقىنىمىزغا ھاۋالە قىلىپ «شىرچاق» نى سەكسەن نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى چەت بىر كەنتكە ئاپىرىپ تاشلاتقۇزۇۋەتتى. ئۇ كەنتكە بېرىش ئۈچۈن دەريادىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بوۋام «شىرچاق» ئاشۇ دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ دەپ قارايتتى. لېكىن، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە «شىرچاق» يەنە قايتىپ كەلدى.

بوۋام تەرسا مىجەزلىك ئادەم ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ «شىرچاق» نى تاشلىۋېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «شىرچاق» نى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىم تېخىمۇ يىراق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. لېكىن «شىرچاق» قانچە يىراق يەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتسە شۇنچە تېز يېنىپ كەلدى. ئۇ مىجەزى تەرسا بىر بوۋاي بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ سادىقلىقى ۋە چىچەنلىكىگە تايىنىپ تەقدىر بىلەن قارشىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەر قېتىم غەلىبە جەزمەن «شىرچاق»قا مەنسۇپ بولاتتى. ئۇ قانداق جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، «ئۆيگە قايتىش» ئىشەنچىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغاندۇ، دەپ ئويلايمەن ئۆزۈمچە. بۇنى باشتىن ـ ئاخىر چۈشەنمىدىم ھەم بىلىشكىمۇ ئامالسىز قالدىم.

1954 ـ يىلى، يەنە بىر ياز يېتىپ كەلدى، بوۋام توققۇز ياشلىق ئاتامنى ئوقۇشقا بېيجىڭغا ئەكېلىپ، ئۆزى بېيجىڭدا يېرىم يىل تۇرۇپ قالدى. يولغا چىقىدىغان چاغدا، بوۋام «شىرچاق» نى پويىزغا سېلىپ، پويىز يولىدىكى

بېكەتلەردە توختىغاندا تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئاتام بوۋامدىن قورقىدىغان بولغاچقا، گەرچە ئۇنىغۇسى كەلمىسىمۇ، قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

پويىز غۇيۇلداپ مېڭىپ ئىككى بېكەتتىن ئۆتۈپ يېرىم كېچىدە ۋاقىتلىق توختىدى. بوۋام «شىرچاق» نى يەنە بىر قېتىم تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۆيىنى تېپىپ بارالمايدىغانلىقىغا، ئۆيىنى تېپىپ بارغان ھالەتتىمۇ دەرۋازا تۈۋ-دىن ياندىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى. بوۋام قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن ئاتامنى ئېلىپ چاغان ئۆتكۈزگىلى يۇرتقا قايتتى. ئۇلار نامازشام پەيتىدە پويىزدىن چۈشتى، ئۇ چاغلاردا ماشىنا، ۋېلىسىپىت يوق ئىدى. يۈز نەچچە چاقىرىم يولنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئاتام بىر ياقتىن توڭلاپ، بىر ياقتىن قورسىقى ئېچىپ ماڭالماي قالدى. ھېلىمۇ ياخشى يول تۆپىسىدە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، بوۋام ئاتام بىلەن شۇ مەكتەپتە تۈنەپ، تاڭ ئاتقاندا ئاندىن يولغا چىقماقچى بولدى. بوۋا ۋە نەۋرە ئىككىسى باشلانغۇچ مەكتەپكە يېقىنلاشقاندا، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن بىر ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى كەلدى. بوۋام ئاتامنى ئىت چىشلىۋالمىسۇن دەپ ئىشىكنى ئەتكەچ، ئۇنى يېنىغا تارتتى. خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىن بىر بوۋاي چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن بىر ئىت چىقىپ، بوۋام بىلەن ئاتامغا سۇۋاشتى، ئۇ ئۇلارنى چىشلەش تۈگۈل، ئۆزۈن ئايرىلىپ كەتكەن قەدىناس بۇرادىرىنى كۆرگەندەك قۇيرۇقىنى شىپاڭلى-تىپ خۇشاللىقىنى باسالماي بوۋام بىلەن ئاتامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۆرەت-تى. خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىكى بوۋاي قول چىراغنى ياندۇرۇۋىدى، بوۋام بىلەن ئاتام ئۇ ئىتنىڭ «شىرچاق» ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە شەپقەتسىزلىك قىلغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان — ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى.

خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىكى بوۋاي ئۆزىنىڭ «شىرچاق» نى بۇنىڭدىن يېرىم ئاي ئىلگىرى يامغۇر ئارىلاش بوران چىققان بىر كېچىسى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ شۇ چاغدا توڭلاپ ھەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، سامانلىقتا تۈگۈلۈپ يېتىپ قالغانىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا سۇ ۋە يېمەكلىك بەرگەن، ئۇ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىپ، دەرۋازىغا قارىغان. بوۋاي:

— بۇ ئىت ھەقىقەتەن مۈشكۈللۈكتە قالغانىكەن! — دېدى.

«شىرچاق» نىڭ مېيىپ پۇتىنى سۆرەپ دىڭگۇسلىغان پېتى ئاچلىقتا چىداپ ئۆيىنى، سەپەر ئۈستىدىكى ئىگىسىنى ئىزدەپ تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم ھەم تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتىم. مەن شۇنداق ئويلىدىم، ئۇ دەرۋەقە ئۆيىنى تېپىپ بارغان، لېكىن ئىگىسىنى تاپالمىغان، ئىگىسى يوق ئۆيىنى قانداقمۇ ئۆي دېگىلى بولسۇن؟ ئۇ نائىلاج تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ ئاشۇ ئىللىق ماكانىنى ئىزدەپ جاپا تارتقان، ئۇنىڭ جەننىتى ئاشۇ ماكان ئىدى! بۇ جەرياندا، ئۇنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشىغا، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشىگە ۋە ئادەملەرنىڭ قوغلاپ دۇمبالىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا توغرا كەلگەندۇر - ھە! ئۇ نەقەدەر جاھىل ھەم نەقەدەر جاپاكەش! ئۇنىڭ مۇشۇ كۈلپەتلەرنى تارتىشىغا بىز ئىنسانلاردىكى ياخشى بولمىغان خىيال ۋە يەڭگىلتەكلىك سەۋەبچى، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك!

بۇ نۆۋەت بوۋام بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، ئۇ «شىرچاق» نى تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئۇ ئەقىللىق ئىدى.

ئەتىسى تاڭ يېڭى يورۇغاندا، بوۋام بىلەن ئاتام خەۋەرلىشىش ئىشخانىسىدىكى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۇلارغا كىچىك، شوخ ۋە ئاقساقلىغان بىر سېيما قوشۇلغانىدى.

كېيىن، ئاتام بېيجىڭدا ئوقۇدى، بوۋام بىلەن «شىرچاق» بىر - بىرىگە تايىنىپ دېھقان ھويلىسىدا ياشىدى.

كېيىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، شۇنىڭدىن تۆت يىل كېيىن بولسا كېرەك، بېيجىڭدىكى بىر تېببىي تەتقىقات ئورنىدىكىلەر ئىت يىغقىلى كەنتكە كەلدى، ئۇلار كەنتتىكىلەرگە كۆپچىلىكنىڭ ۋەتەننىڭ تېببىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئاكتىپ قوللىشىنى مۇراجىئەت قىلىشتى. گەرچە بوۋام بىر ئۆمۈر تېۋىپلىق قىلغان، تېبابەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بولغان مۇھىملىقىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، «شىرچاق» يەنە بىر قېتىم تاغارغا سېلىنغان چاغدا، بۇ تەرسا بوۋاي گويا ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئۇزىتىپ قويىۋاتقاندەك ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. «شىرچاق» نىڭ ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

«شىرچاق» ئاخىر ئۆزىنى ۋەتەننىڭ تېبابەت ئىشلىرىغا ئاتىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن «شىرچاق» توغرۇلۇق رىۋايەت تۇسىنى ئالغان ھېكايىلەر شۇ ئەتراپتا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تارقىلىپ يۈردى، بۇنىڭدىن


بوۋام، ئاتام ۋە مەن چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. مەن بۇ ھېكايىلەرنى دوستلىرىمغا ۋە بالىلىرىمغا سۆزلەپ بېرىمەن.

جەننەتتە تۇرۇۋاتقان «شىرچاق» نىڭ بامبۇك كارىۋاتىنىڭ ئاستىدىن چىقى- دىغان - چىقمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئاتامنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ سەكرىگەن، ئويناقشىغان ۋە ئاقساقلىغان چاغدىكى سىيماسىنى كۆز ئالدىغا ئەكېلىشكە كىشىنىڭ كۆڭلى چىدىمايدىكەن. ئۇ ئاتامغا شان - شەرەپ، شادلىق ھەم رەھىمدىل ئىنسان تەبىئىتى چۈشەنچىسى ئاتا قىلغان بولسا، ماڭا چوڭقۇر ئويلىنىش ئاتا قىلدى.

ئويلىنىپ باقايلى، بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى يېزىدا ياشىغان بىر ئىت ئۆزىدە جەلپكار خاراكتېر ھازىرلىغان، ئۇ قەيسەر، سەۋرچان، ساداقەتمەن ۋە ئاق كۆڭۈل ··· مۇشۇلارنى ئويلىغاندا مەن بىر ئادەم تۇرۇپ خىجىل بولى- مەن. مەن قاتمۇقات جاپا - مۇشەققەت ۋە مەۋجۇتلۇق كرىزىسىغا يۈزلىنىپ قالسام «شىرچاق» قا ئوخشاش باتۇرلۇقنى، قەيسەرلىكنى ئىپادىلىيەلەمدىمەن، يوق؟ بىرى مېنى مۇشكۈل ئەھۋالدا قالدۇرۇپ قويسا ھەم شۇ مۇشكۈل ئەھۋال- دىن قۇتۇلۇپ كېتەلىسەم «شىرچاق» قا ئوخشاش كەڭ قورساقلىقنى ئىپادىلى- يەلەمدىمەن - يوق؟ يۈكسەك بىر ئىشقا بارلىقىمنى قۇربان قىلىش توغرا كەلسە، «شىرچاق» قا ئوخشاش ھەق يولدىن قايتالامدىمەن، يوق؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ.

مەن ئويلايمەن — تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر بىر - بىرىگە ئوخشاش، بارلىق جانلىقلار يارىلىشىدىن باراۋەر يارالغان. قىممەتلىك ھاياتقا غەمخورلۇق قىلساق بولمامدۇ؟ ئۇ مەيلى يېزىدا ياشىغان ئىت بولسۇن.

ئاشۇ يىل، ئاشۇ ئاي، ئاشۇ ئىت توغرىسىدىكى تەسىراتلار كۆڭلۈمدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.



ھەرقانداق بىر مىللەتتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل روھ بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ مىللىي ئىنتىپاقلىق روھى، بۇ روھ ھەرقانداق بىر ئادەمنى مىللىي ئىنتىپاقلىقنى قوغداشقا ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا ھەتتا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

# كەمتۈك ھورنان

ساۋ دېچۈەن

قان رەڭگىنى ئالغان گۈگۈم، جاھاننى ئىس - تۈتەك قاپلىغان.

ياپون ئارمىيىسىنىڭ 56 - شىتۈەنى شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يۈننەن - بىرما خەلقئارا تاشيولىنى بىراقلا ئۈزۈۋېتىپ، نۇجياڭ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنى ئىگىلەش مەقسىتىدە، خۈەيتۇڭ كۆۋرۈكى ئەتراپىدا دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى، جۇڭگو ۋە ياپونىيە تەرەپنىڭ نەچچە ئون مىڭ ئەسكىرى ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى.

نۇجياڭ قوغداپ قېلىنمىسا، كۈنمىڭگە خەتەر يېتىپ قالاتتى، پۈتكۈل ئارقا سەپ ئۇرۇشىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

خۈەيتۇڭ كۆۋرۈكىگە ئەللىك چاقىرىم كەلمەيدىغان پاتقاقلىق يولدا ئېغىر تىپتىكى بەش قارا ماشىنا پەيدا بولدى، ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىدا مايورلۇق ھەربىي فورما كىيگەن «ساقاللىق» بىرى ئولتۇراتتى.

ئىككى سائەت بۇرۇن، «ساقاللىق» مايور گورۇپپىۋۇي ئارمىيە باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. بۇيرۇقتا: «ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانماي، ئوق - دورا ۋە يېمەكلىك خۈەيتۇڭ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىزلىككە يەتكۈزۈلسۇن» دېيىلگەنىدى. بۇ چاغدا، گېڭ جىنخۈەنىڭ دىۋىزىيىسىدە ئوق - دورا ۋە يېمەكلىك تۈگەپ قالغان، ئۇرۇشتا بىر دىۋىزىيە ئەسكەردىن بىر پولكقىمۇ يەتمەيدىغان ئەسكەر قالغانىدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ئاغزىغا گىياھ چاغلىق نەرسە سالمىغىنىغا تۆت كۈن بولغانىدى. ئۇلارنىڭ مىلتىق كۆتۈرگۈدەكمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى، ئۇلار يىگىرمە تۆت سائەت قەتئىي بەرداشلىق بېرىڭلار دېگەن مەزمۇندا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغانىدى.

قارا ماشىنىلار يولدا سىلكىنىپ ئىلگىرىلەيتتى، «ساقاللىق» مايورنىڭ قولىدا يېنىك پىلىموت بار ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغانىدى. بىر

مىنۇت كېچىكسە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بۇ يېتەكچى باشلىقنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئىش يۈز بەردى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنا زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ ھاسىل بولغان ئورەككە تىقىلىپ، ماتورنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالدى. كەينىدە كېلىۋاتقان تۆت ماشىنا توختاشقا مەجبۇر بولدى. ئالدىدىكى يولدا زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ ھاسىل بولغان ئورەكلەر تولا ئىدى. ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنىدىن چۈشۈپ، تاش يۆتكەپ ئورەك تىندۇرۇش، ماشىنىنى ئىتتىرىش بىلەن ئاۋارە بولۇشتى، ئۇلار ھېرىپ ھاسىراپ كېتىشكەندى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئاچلىق دەستىدىن ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان كىشىلەر يولغا يىغىلىپ قورققان ھالدا ماشىنىلارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى، كىمدۇر بىرى: ماشىنىدا ئاق ھورنان بار ئىكەن دەپ سالدى، ئاچ قالغان كىشىلەر قۇۋۋەت ئوكۇلى ئۇرۇلغاندەك بىردىنلا روھلىنىپ، ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئېتىلىپ موملارنى تالاشقا كىرىشتى.

«ساقاللىق» مايور پىلىموت كۆتۈرگەن پېتى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى، ئۇنىڭ جاۋغايلىرى تارتىشقان، كۆزلىرى قانغا تولغانىدى. ئۇ پىلىموتنى ئاچ قالغان كىشىلەرگە قاراتتى، زاتورىنى شاراقلاتتى، ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر قوراللىرىنى تەڭلەپ ئاچ قالغان كىشىلەرنى قورشاۋغا ئالدى.

دەل شۇ چاغدا «ساقاللىق» مايورنىڭ مىختەك تىكىلگەن كۆزلىرى ھەسرەت بىلەن يۇمۇلدى. ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئاچلىق دەستىدىن كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىر قولىدا بىر ھورناننى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدىكى بىر ھورناننى چىشلەپ تۇراتتى. يەۋاتقان ھورنان ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىنى توسۇۋالغانىدى. چۆچۈش ۋە بىچارىلىك ئەكس ئەتكەن كۆزلىرى «ساقاللىق» مايورغا تىكىلگەنىدى.

«ساقاللىق» مايورنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ئىككى خىل كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئالمىشىپ تۇراتتى. بىر كۆرۈنۈشتە ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن ئاچ قورساق جەڭ قىلىۋاتقان دۆلەت ئارمىيىسىدىكى قېرىنداشلار، يەنە بىر كۆرۈنۈشتە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان، ئاچلىق دەستىدە ئاخىرقى تىنىقى قالغان قىزچاق ئەكس ئەتتى. ئۇ قولىدىكى پىلىموتنى تاشلىۋېتىپ،

ئاچ قالغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى مۆشتلاپ:
— يۇرتداشلار، نۇجياڭ دەرياسىنى ساقلاۋاتقان قېرىنداشلار تۆت كۈندىن بۇيان ھېچنېمە يېمەي، ئالۋاستىلار بىلەن ئاچ قورساق نەيزىلىشىۋاتىدۇ، سىلەر…، — دېدى.
تاشيولدا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، كىشىلەر ھەيكەلدەك قېتىپ قېلىشقانىدى.
قىزچاق ئەيمەنگەن ھالدا «ساقاللىق» مايورنىڭ ئالدىغا باردى. قولىدىكى ھورنانىنى «ساقاللىق» مايورنىڭ قولىغا بېرىپ، يەپ قويغان ھورنانىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:
— تاغا، ھورنانىلارنى ئالدى تەرەپكە ئېلىپ ماڭغىنىڭلارنى بىلمەپتىمەن. بۇ ھورنانىنى چىشلەپ قويدۇم. ئالدى تەرەپتە ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تاغىلارغا دەپ قويۇڭ، ئۇلار كۆڭلىگە ئالمىسۇن، ھورنانىنى جىق يەپ ئالۋاستىلارنى كۆپرەك ئۆلتۈرسۇن… بولامدۇ؟ — دېدى.
«ساقاللىق» مايور قىزچاقنى باغرىغا بېسىپ، توختىماي بېشىنى لىڭشىتتى، يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ ئۈنىگدىن:
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.
قىزچاق:
— يۇ شاۋسۇي، — دەپ ئارانلا جاۋاب بەردى.
«ساقاللىق» مايور تىترىگەن ئاۋازدا:
— ئوبدان سىڭلىم، ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مەن سىزگە چوقۇم ئاق ھورنان ئەكېلىپ بېرىمەن، تويغۇچە يەيسىز، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.
قىزچاق بېشىنى تەستە لىڭشىتتى، چىرايىدا سەبىي كۈلكە كۆرۈلدى. ئاچ قالغان كىشىلەر قوللىرىدىكى ھورنانىلارنى ئۈن - تىنسىز ماشىنىغا ئاپىرىپ قويۇشۇپ، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ تاش بىلەن ئورەكنى تىندۇرۇشقا باشلىدى.
ماشىنا ئەترىتى ئاخىرى نۇجياڭ دەرياسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى…
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، «ساقاللىق» مايور بىلەن دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش… كومانىدىرى گېڭ جىنخۇا بىر ھەپتە ئىلگىرى ماشىنا پېتىپ قالغان يەرگە كەلدى، «ساقاللىق» مايورنىڭ قولىدا بىر سومكا ھورنان بار ئىدى، ئۇلار يۇ شاۋسۇي ئاتلىق

قىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

بىر موماي ئۆلارنى يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. موماي:


— يۇ شاۋسۇينىڭ ئائىلىسىدە يەتتە جان بار ئىدى، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئاچلىق دەستىدە كېتىپ قالدى! — دېدى.

«ساقاللىق» مايور بىلەن دۈيزىيە كوماندىرى گېڭ جىنخۇا «گۈپ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يېڭى قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— شاۋسۇي سىڭلىم، بارلىق جۇڭگو ئارمىيىسى سىزنىڭ ئىنتىقامىڭىزنى ئالىدۇ! ياپون پاكارلىرى، بىز جۇڭگولۇقلار قىرىلىپ تۈگەپ كەتمەيمىز! — دېگەن پىغانلىق سادا تاپانچا ئاۋازىغا جور بولدى.

ئوتتۇز تۆت يىلدىن كېيىن، ھەقىقەتكە قايتقان بىر ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال سەكرات ئۈستىدە چىشلەنگەن ھەم قۇرۇپ قارىيىپ كەتكەن بىر ھورناننى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ ھورناننىڭ ھېكايىسىنى ··· قېرىنداشلارغا ··· سۆزلەپ بېرد-
مەن، — دېدى.



رېئال تۇرمۇشتا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھايات يولى كۆپ ھاللاردا ئوڭۇشسىزلىقلارغا تولغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار تەقدىر بىلەن تىرىشىپ قارشىلىشىدۇ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات ناخشىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. گەرچە ئازاب بىلەن شادلىق قوشكېزەك بولسىمۇ.

# شال پاخىلى

فاڭ بەيىۋ

ھازىر بىر قىسىم ياشلار ئىلمىي نۇجۇم تۇرىدىكى نەرسىلەرگە ئىشىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭدىن تالاي يىللار ئىلگىرى كىشىلەر پەقەت پالغىلا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلاتتى. تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان ۋەقە مىنگو دەۋرىدە يۈز بەرگەن.

بىر كەنتتە بىر ئەما بوۋاي بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمىشەرىپى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ. كىچىك بالىلار ئۇنى ئەما بوۋاي دەپ ئاتايتتى. ئەسلىدە ئۇ پۇتۇنلەي ئەما ئەمەس ئىدى، كۆزىگە ئېغىر دەرىجىدە ئاق چۈشكەنىدى، يېقىندىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلەيتتى.

كىمنىڭ دېگەنلىكى نامەلۇم، ئەما بوۋاي كېسەل كۆرۈپلا قالماستىن، پالمۇ ئاچالايدىكەن، سالغان پېلى كۆزى روشەن پالچىلارنىڭكىدىنمۇ توغرا چىقىدىكەن دېگەن گەپ تارقالدى. كەنتتىكى ئۇششاق بالىلار ئەما بوۋايدىن ئۆزلىرىگە پال سېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى، بىراق، بالىلار مەيلى قانچىلىك يالۋۇرسۇن، بۇ ئىشقا كەلگەندە ئەما بوۋاي زادىلا ئۇنىماي قويدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بالىلارنىڭ بىرقانچىسى بىر يەرگە يىغىلىپ بىر ئامال ئويلاپ تاپتى: ئەما بوۋاي بالىلار بىلەن ئويناشقا ئامراق ئەمەسمىدى؟ ئۇنى جازالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىماسلىق، ئۇنى تۆت - بەش كۈن يالغۇز قالدۇرۇش. دەرۋەقە، ئۈچ كۈن بولمايلا، ئەما بوۋاي زېرىكىشلىككە چىدىماي بالىلارنى چاقىرىپ كەلدى، بالىلارنىڭ بىردەك تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇ ئاخىر بالىلارغا پال سېلىشقا ئاران كۆندى، لېكىن بىر شەرت قويدى.

شۇ كۈنى قوشنا كەنتتە چاڭچىلە قويۇلاتتى، ئەما بوۋاي بالىلارنى يېنىغا چاقىرىپ ھەربىرىگە بىر تالدىن شال پاخىلى بېرىپ ئاندىن كېيىن رەسمىي يوسۇندا:

— بۇ بىر تال شال پاخىلىنى ئالسىلەر، يادىڭلاردا بولسۇن، قولۇڭلاردا

تۇتىسىلەر، يانچۇقىڭلارغا سېلىۋالساڭلار، ئىشتان بېغىڭلارغا قىستۇرۇۋالساڭلار بولمايدۇ. چاڭچىلىنى كۆرۈپ قايتقاندىن كېيىن، ناۋادا شال پاخلىنى كىم چۈشۈرۈپ قويمىسا، شۇنىڭغا پال سالىمەن، — دېدى.

بالىلار شال پاخلىنى ئېلىپ چاڭچىلە كۆرگىلى مېڭىشتى. قوشنا كەنتكە بېرىش ئۈچۈن نەچچە چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. قوشنا كەنتكە بارا - بارمايلا ئون نەچچە بالىلارنىڭ قولىدىكى شال پاخلىنىڭ يېرىمى يولدا چۈشۈپ قالدى. چاڭچىلە كۆرۈۋاتقان چاغدا يەنە بىرنەچچە بالا شال پاخلىنى يىتتۈرۈپ قويدى. قايتقان چاغدا، ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئەما بوۋاي بىزنى كەنت ئاغزىدا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ بالىلار پال سالدۇرىدىغان ئىشنى ئېسىگە ئېلىشتى.

ئەما بوۋاي بىرنەچچە بالىنىڭ قولىدىكى شال پاخلىنى سىلاپ:

— كىم سىلەرنى مەن بەرگەن شال پاخلىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ شاللىقتىكى پاخال بىلەن مېنى كولدۇرلاتسۇن دەپتۇ؟ — دېدى.

ئۆزىنى ئەقىللىق چاغلىغان بىرنەچچە بالا يەرگە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلار بىر پەستىن كېيىن ئۆزلىرىگە بۇ ئۇسۇلنى ئۆگەتكەن ئېرماۋغا قاراشتى. ئەما بوۋاي چۈشىنىپ خۇرسىنغان هالدا ئېرماۋنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— بالام، قارىغاندا سەن ئەمەلدار بولۇشقا مۇناسىپ بالىكەنسەن، گەرچە چوڭ ئىشلار قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈڭدە جاپا تارتىپ كەتمەيسەن، — دېدى.

ئاندىن كېيىن ئەما بوۋاي شال پاخلىدىن بىر تالنى سۇغۇرۇۋېلىپ:

— بۇ كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى بىر چەتتە تۇرغان سەنۋا غودۇڭشىپ.

ئەما بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ، شال پاخلىدىن سىلىغاچ:

— سەن بۇ شال پاخلىنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ ئەكەلگەن ئوخشىمامسەن؟ قارىغاندا سەن سودىگەر بولىدىغان ماتېرىيال ئىكەنسەن، جاپاغىمۇ چىدىغۇدەكسەن، — دېدى - دە، يەنە، — بۇ قولىدىن چۈشمەي كەلگەن بىردىنبىر شال پاخلى، بۇ خېيزىنىڭكىغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

بىر چەتتە تۇرغان خېيزى مەيدىسىنى كېرىپ كۆرەڭلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئەما بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— قائىدە بويىچە ئېيتقاندا سەن ئەڭ يارامىلىق، قولۇڭدىن چوڭ ئىشلار كېلىدۇ، ئەپسۇس يارىلىشىڭدىنلا پېشانەڭ تەتۈر ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى

ئۆمرۈگىدە بەك جاپا تارتىپ قالىدىغاندەك تۇرىسەن، — دېدى.
ئەما بوۋاي شۇنداق دەپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ بېشىنى چايقاپ:
— پالىنىمۇ توغرا چىقىشى ناتايىن، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئاساسەن ۋەزىيەت ھەم ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلەيدۇ، ئاز قىسمى ئۆزىدىكى سەۋەبكە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق ھېچكىم توغرا پال سالالمايدۇ. سىلەرمۇ مېنىڭ گەپلىرىمنى كۆڭلۈڭلەرگە ئېلىپ كەتمەڭلار، — دېدى.
گەرچە ئەما بوۋاي شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گېپى كۆپچىلىك-نىڭ كۆڭلىگە ئورناپ قالدى.
ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەما بوۋاينىڭمۇ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە نۇرغۇن يىل بولدى. لېكىن ئۇنىڭ گېپى بىر - بىرلەپ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى: ئېرماۋ يېزا باشلىقى بولدى، ئەمىلى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، كۈنلىرى ئوبدان ئىدى، شۇ يەرلىك تۇز سودىگىرىنىڭ چوڭ قىزىنى ئالدى، ئەپچىل بىنا سېلىۋالدى، گۈلدەك ياشاۋاتاتتى.
سەنۋا شەرقىي شىمالغا بېرىپ نەچچە يىل ھامال بولدى، خىش توشۇدى، شاگىرت، ئۇستا ۋە ئىش بېشى، ئاخىر بېرىپ خوجايىن بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدۇق سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ يىغقان پۇلىغا چوڭ بىر گۈرۈچ دۇكىنى ئاچتى. بىرەر يۈزدەك ئىشچىنى ئىشقا سالدى، ئىگىلىكى كۈنسايىن روناق تاپتى.
خېيزىنىڭ تەقدىرىدىن كىشى خۇرسىنەتتى، ئۇ كەنتىمىزدىن چىققان بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ باشتا بېيجىڭدىكى داڭلىق بىر ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىردى، ئاندىن يەنە ئىمتىھان بېرىپ ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن بىرنى ئاچتى. ئۇ بەختلىك بولالمىدى، ئۇ ھەمىشە ناھايىتى ئېغىر روھىي بېسىم ھېس قىلاتتى. كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ بىرى ئۈچۈن دەۋاغا چۈشكەنلىكىنى، كەسىپ ئەخلاقى ۋە ۋىجدان نۇقتىسىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپلىگەن ھوقۇقدارلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى، تەھدىت ھەم ئاگاھلاندۇرۇشلار ئالدىدا لەۋزىدىن قايتماي، نەتى-جىدە قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىللىق كېسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.
ئەينى چاغدا شال پاخىلىنى يىتتۇرۇپ قويغان باللار گەرچە قەدىر ئەھۋال كۆن ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، كۈنلىرى ئاددىي ھەم شادلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى، خۇددى ئەما بوۋاي ئېيتقاندەك، ئۇلار ئاسان قانائەتلىنىدىغان ھەم بارىغا شۈكۈر قىلىدىغان ئاددىي ئادەملەر ئىدى.

باتۇر كىشى ھامان ياشايدۇ، نومۇسسىز كىشى ھامان نام ـ نىشانسىز غايىب بولىدۇ. دوختۇرنىڭ قەلبى بەبا-ھا، دوختۇرنىڭ قەلبى تەڭداشسىز.

# دورا ھىدى

لۇڭ خۇيىن

تاغدىكى دورا ئۆسۈملۈكىدىن تارقىغان نۇر شى بوۋاينىڭ بېشى ئۈستىدە چىمىرلاپ ئويناۋاتتى، ئۇنىڭدىن قازاندا قورۇلۇۋاتقان پۇرچاقتەك پاسىلداپ ئاۋاز چىقاتتى. ھاسىراپ كەتكەن شى بوۋاينىڭ يۈز - كۆزى ۋە مەيدە - دۈمبىسىدىن شۇرقىراپ تەر ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەرلىرىنى ئېرتىشقا چولىسى تەگمەيتتى. پىژ - پىژ ئىسسىقتا ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرەتتى. يەنە بىر ئۆسۈملۈك دورا كەم ئىدى، شۇ بولمىسا تەييارلانغان دورىنىڭ كۈچى بولمايتتى.

شۇ تاپتا كەنت بېشىدا ئولتۇرىدىغان ئېرباۋ زەھەرلىك ئىششىق ياندۇرىدىغان دورىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئېرباۋنىڭ تىزىغا زەھەرلىك ئىششىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. كۆرۈنمىگەن دوختۇرى، بارمىغان دوختۇرخانا قالمىدى، كېسەلگە شىپا تېپىلمىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈز ئاغرىق ئازابىدا ئىڭرايتتى، ئۇنىڭ ئايانچلىق نالىسى پۈتۈن كەنتكە ئاڭلىناتتى. ئۆيىدىكىلىرى شى بوۋاي-نىڭكىگە باردى ۋە ئۇنىڭ زەھەرلىك ئىششىقنى ئۆسۈملۈك دورا بىلەن ئەملەپ بېقىشنى ئۆتۈندى. ئۆسۈملۈك دورىنى شى بوۋايلا تاپالايتتى. شى بوۋاي ئېرباۋ-نىڭ تىزىغا بىردەم قارىدى، زەھەرلىك ئىششىقنى ئىككى قېتىم بېسىپ باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلاشقان، قولىدىكى كۆك تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىققانىدى. ئۇ گەپ قىلماي، ھاۋانىڭ تونۇردەك قىزىپ كەتكىنىگە قارىماي تاغقا ئىچكىرى-لەپ كىردى. شى بوۋاينىڭ كۆزى تازا ياخشى كۆرمەيتتى. قالايمىقان ئۆسكەن چاتقاللىقتىن دۈمچىيىپ دېگۈدەك ئۆسۈملۈك دورا ئىزدەيتتى. ئاساسەن بۇرنى-نىڭ سېزىمىغا تاينىناتتى. ئۇ ئوتتەك قىزىق ئاپتاپتا قاقلاپ پىشۇرۇلغان راكقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

شى بوۋاي ئاخىر ئۆسۈملۈك دورىنى تاپتى. ئۇ ئولتۇرۇپ ئۆسۈملۈك دورىنى ئاغزىغا سېلىپ خۇددى كۆشەۋاتقان كالىدەك قايتا - قايتا چايندى.

يىراق ـ يېقىندىكى تاغ مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ ئاغزىدىكى ئۆسۈملۈك دورىنى چايناشتىن توختاپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۈلكە جىلۋە قىلغان كۆزلىرىنى سەل يۇمۇۋالدى. ئۇ ئۆسۈملۈك دورىنى بىر هازا چايناپ، ئۇنىڭدىن شەربەت چىقاردى. ئۆسۈملۈك دورىنى چاينىغاندا چېكە تومۇرلىرى سازاڭدەك ئۆزىراپ يىغىلاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئۆسۈملۈك دورىنىڭ هىدى ئەتراپقا تارقالدى. ئۇ ئاغزىدىكى شەربەتنى تۆڭگۈ دەرىخىنىڭ ئالىقانچىلىك ياپىېشىل يوپۇرمىقىغا تۈكۈرۈپ، ئورىدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەنتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈك دورا چاينىغان ئاغزى، چىشلىرى كۆكۈچ بولۇپ كەتكەنىدى، ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ئۆسۈملۈك دورىنىڭ هىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۆسۈملۈك دورا چاپلانغاندىن كېيىن، ئېرباۋنىڭ تىزىدىكى زەهەرلىك ئىششىق گويا ئەۋلىيالارنىڭ قولى تەگكەندەك مۆزدەك بولۇپ شۇ زامات ئاغرىقى توختىدى. ئۇنىڭ ئايانچلىق نالىسىمۇ ئۈچتى. ئېرباۋنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ شى بوۋاينى تاماققا تۇتتى، ئۇ ئۇنىمىدى. تاماق ۋاقتىغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى، ئۇنىڭ تاماقنىڭ پىشىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. ئېرباۋ پۇل ئۇزاتتى، ئۇ قولۇم ـ قوشنا تۇرۇۋقلۇق پۇل ئېلىشتىن ئۇيالدى. دورا ئالماشتۇرغان ئۈچلا قېتىمدا شى بوۋاي ئۇلاردىن پۇل ئالمىدى.

شى بوۋاي ئېرباۋلارنىڭكىگە تۆتىنچى قېتىم بارغاندا دەل چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغان چاغ ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم دورا ئالغاچ بارمىغانىدى، دورا ئوغلىدا ئىدى. ئۇ ئەتىگەن ئۆيىدىن چىققاندا ئوغلىغا ئۆسۈملۈك دورىنى ئوبدان چايناپ، ئاندىن كېيىن ئېرباۋغا ئاپىرىپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى. ئۇنىڭ چىشلىرى بوشىشىپ قالغاچقا، ئۆسۈملۈك دورىنى كۈچەپ چاينىيالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغلىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىش نىيىتى بار ئىدى. ئۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئېرباۋنىڭ كېسەل ئەهۋالىنى بىلگىلى ئۇنىڭكىگە كىرگەنىدى. ئېرباۋنىڭ ئۆيىدىكىلەر چۈشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى، تاماق جوزىسىغا توخۇ، ئۆردەك گۆشى ۋە بېلىق تىزىلغانىدى. ئۇلار يېزا باشلىقى بىلەن كەنت باشلىقىنى مېهمانغا چاقىرغانىدى. ئېرباۋ يەرگە چۈشۈپ ماڭالايدىغان بولغانىدى. قىپقىزىل يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ساقىيىپ كېتەيلا دەپ قالغان يارىسىنى شى بوۋايغا كۆرسەتتى، ئاغزى رەهمەت دېگىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن شى بوۋاي ئۆيىدىن چاققانراق چىقىپ كەتسىكەن دېگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

شى بوۋاي بۇنى ھېس قىلىپ، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئېرباۋنىڭ خوتۇنى:

— شى بوۋا، تاماق يەپ مېڭىڭ، — دېدى. ئېرباۋ خوتۇنىغا ئالىيىپ قاراپ:

— نېمىگە توۋلايسەن، ئاغزىدىن گۆپۈلدەپ دورا ھىدى پۇراپ تۇرسا، يېزا باشلىقى بىلەن كەنت باشلىقىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتەمدۇ؟ — دېدى.

شى بوۋاي بېشى ئۈستىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك، كاچىتىغا بىر شاپىلاق تەگكەندەك بولدى. ئۇ دىڭگۈسلاپ مېڭىپ، ئېرباۋنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئېقىن يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ماڭغۇدەك ھالى يوق ئىدى، ئىككى پۇتى يۇمشاپ ئولتۇرۇپ قالدى. سۇزۇك سۇدا ئۇنىڭ مۇكچەيگەن سىيماسى، ئېغىر تىنىۋاتقان ئاغزى — ئاغزىنىڭ شەكلى ئۆزگەر-گەندى — ئەكس ئېتەتتى. ئۇ دورا ھىدى پۇراپ تۇرغان، ئېرباۋ ئۈچۈن ئۈسۈملۈك دورا چاينىغان ھەم ئېرباۋ يېرگەنگەن دورا ھىدى كەتمىگەن ئېغىز ئىدى! شى بوۋاينىڭ كۆزلىرى ياشلاندى.

ئوغلى دورىنى ئەكەلدى. ئۇ بىر نەرسىنى بىلگەندەك قىلدى-دە، دورىنى ئېقىنغا تاشلىۋەتتى.

— ساراڭمۇ سەن، ئېرباۋنىڭ دورىسىنى ئالماشتۇرىدىغاننى بىلمەمسەن؟ — دەپ چىچاڭشىپ كەتتى شى بوۋاي.

— يوقنى ئالماشتۇرسۇن، ئۇ پالەچ بولۇپ قالسا مەن خۇش بولىمەن، — دېدى ئوغلى سوغۇق كۈلۈپ.

شى بوۋاي ئوغلىغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، بېشىنى چايقاپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىندى ۋە:

— ئوغلۇم، تېۋىپ بولغان ئادەمدە ھەر ۋاقىت مېھىر-شەپقەت بولۇش كېرەك، — دېدى.

ئۇ ئىسسىقتا كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ، مەز-مۇت قەدەم تاشلاپ تاغقا قاراپ ماڭدى. ئوغلى دورىنى ئېقىنغا تاشلىۋەتكەچكە، ئۇ ئۈسۈملۈك دورا تەرگىلى يەنە تاغقا ماڭغانىدى.

بىرىنىڭ بىر جۈپ قولى شى بوۋاينى تارتىپ، ئۇنى ئۈسۈملۈك دورا تەرگىلى تاغقا بېرىشتىن توستى. بۇ ئېرباۋنىڭ قولى ئىدى. خىجىل بولغان

هالدا بىر چەتتە تۇرغان ئېرباۋ:


— شى بوۋا، ســىــزگە يۈز كېلەلمەيــمــەن، سىزنى تاماققا چىللاپ كەلدىم! — دېدى.

شى بوۋاي ئېرباۋغا بىردەم قاراپ تۇردى، ئاندىن بېشىنى چايقاپ:

— ئېرباۋ، بولدى تۇزۇت قىلما، ئاغزىمدىن دورىنىڭ ھىدى پۇرايدۇ، يېزا باشلىقى ۋە كەنت باشلىقى بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېسەم ھەقىقەتەن بولمايدۇ، — دېدى.

— سىزنى يېزا باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ، سىز بارمىسىڭىز يېزا باشلىقىمۇ تاماق يېمەيدىكەن، ئۇ مېنى سەن ئادەم ئەمەس نېمىكەنسەن دەپ تىللىدى، سىزنى يېزا باشلىقى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئېرباۋ تىتىلداپ.

دەرۋەقە، بىرىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان قىزغىن ھەم مۇھەببەتكە تولغان ئاۋازى كەلدى. شۇئان كۆزلەرنى چېقىپ تۇرغان كۈن نۇرى توۋلىغان ئاۋاز بىلەن يېقىملىقلىشىپ كەتكەندەك بولدى.



ئادەم ھاياتىدا گۇناھلىق ئىشلارنى قىلماي سەمىمىي ياشىشى كېرەك.

# چوڭ جىن بىلەن كىچىك جىن

ئاسىي

بىر جىن بار ئىكەن، ئۇ كىچىك بولغاچقا تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. يەنە بىر جىن بار ئىكەن، ئۇ چوڭ جىن بولغاچقا، پۇللىرىنى خەجلەپ بولالمايدىكەن.

كىچىك جىن چوڭ جىندىن قانداق قىلغاندا نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپتۇ. چوڭ جىن دۆلەتمەن بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ بېيىش يولىدىكى ماھارىتىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— پۇل تاپماق بەك ئاسان، كەچتە قاراڭغۇ بىر چىغىر يولنى تاللاپ بىر ھەپتە ئولتۇر، ئادەم كەلسە پۇتلاپ يىقىت، ئۇ سېنىڭدىن قورقۇپ، خەجلىشىڭ ئۈچۈن پۇل كۆيدۇرىدۇ، — دەپتۇ.

كىچىك جىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ كېتىپتۇ. كەچ بولغاندا، ئۇ قاپقاراڭغۇ بىر چىغىر يولنى تېپىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ بەكمۇ چەتكە جايلاشقان چىغىر يول ئىكەن، ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. كىچىك جىن ئۇيقۇسى كېلىپ مۈگدەشكە باشلىغان چاغدا، بىردىنلا «گۇرس - گۇرس» دەسسەپ كېلىۋاتقان بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. ئادەم كەلدى! ئۇ شۇئان تېتىكلىشىپ ئوڭ پۇتىنى چىقىرىپتۇ.

بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يولدا كېلىۋاتقان ئادەم يىقىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، كىچىك جىننىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ، بىر ھېسابتا ھەيران قالارلىق ئىش بولۇپتۇ.

كىچىك جىن يىغلامسىراپ چوڭ جىننىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. چوڭ جىن ئۇنىڭدىن:

— ماڭغان ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. كىچىك جىن:

— ئاياغ تىۋىشىدىن «گۇرس - گۇرس» قىلغان ئاۋازى كەلدى، — دەپتۇ.

— ھەي، ساڭا دېمەي يامان قىپتىمەن، ئاياغ تىۋىشىدىن «گۇرس، گۇرس» قىلغان ئاۋاز چىقسا، دېمەك، ئۇ ساغلام ھەم كۈچلۈك ئادەم. بۇنداق ئادەملەر پۇتلىغانغا يىقىلمايدۇ. سەن پۇتلىساڭ قەدىمىنى ئاۋايلاپ ئالىدىغانلارنى پۇتلا، — دەپتۇ.

كىچىك جىن ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، ئەتىسى كەچتە يەنە ھېلىقى قاپقاراڭ- غۇ يولغا بېرىپتۇ. يېرىم كېچە ۋاقتى ئىكەن، يول ماڭسا ئايىغىنىڭ تىۋىشى چىقمايدىغان بىرى مېڭىپ كەپتۇ. قارىسا ھالسىزلىنىپ كېلىۋاتقان، كىچىك جىن دەرھال پۇتىنى چىقىرىپتۇ، ئۇ ئادەم دېگەندەك يىقىلىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم قاتتىق يىقىلغاچقا، ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ - دە، پۇتلاش- قان نەرسىنى ئىزدەپ يەرگە قاراپتۇ. كىچىك جىن قاقاقلاپ كۈلۈپ شەيتانلىق قىلغان ھالدا:

— قاراۋەرگىن، سەن مېنى كۆرەلمەيسەن! — دەپتۇ.

دېمىسىمۇ ھېلىقى ئادەم كىچىك جىننى كۆرەلمەيدىكەن، ئاۋازىنىمۇ ئاڭ- لىيالمايدىكەن. ئۇ يېڭى جىننىڭ يېنىدا تۇرغان بىر پارچە تاشنى كۆرۈپ، تاشنى يەردىن ئېلىپ ئۆزىچە:

— ھەممىنى قىلغان سەن، ساڭا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتۇم، — دەپتۇ - دە، ھېلىقى تاشنى بار كۈچى بىلەن يەرگە ئېتىپتۇ. تاش كىچىك جىننىڭ پۇتىغا چۈشۈپتۇ.

يارىلانغان كىچىك جىن يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ «ئۇھ» تارتىپ يىغلاپ- تۇ. ئۇ تۇيۇقسىز يەرنىڭ سىلكىنگەندەك بولۇۋاتقانلىقىنى، بىرىنىڭ «گۇرس، گۇرس» دەسسەپ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپتۇ، ئەلپازى يامان بىرى كېلىۋاتقانىكەن. كىچىك جىن كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەت- مەسلىكى ئۈچۈن يىغلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئاپتۇ. كىم بىلسۇن ھېلىقى ئادەم كىچىك جىنغا پۇتلىشىپ ئەمەس، ھېلىقى بىر پارچە تاشقا پۇتلىشىپ، «گۇپلا» قىلىپ كىچىك جىننىڭ يېنىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. كىچىك جىن قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى ئادەم كىچىك جىننى كۆرەلمەپتۇ، تاشتىنمۇ ھېساب - كىتاب ئالماي ئۇستۇۋېشىدىكى توپا - تۇماننى قېقىۋېتىپ، ئالدىراش يولىغا مېڭىپتۇ.

كىچىك جىن يىغلامسىراپ چوڭ جىننىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى

ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. چوڭ جىن خۇشال بولغان ھالدا:
— سەن بېيىپ كېتىدىغان بولدۇڭ ئەمدى، ئەتە كەچتە مەن بىلەن پۇل يىغقىلى بار، — دەپتۇ.
كىچىك جىن دەرگۇمان بولۇپ قاپتۇ.
ئەتىسى كەچتە، كىچىك جىن چوڭ جىن بىلەن ھېلىقى يولغا بېرىپتۇ، دېگەندەك بىرەيلەن بىر سومكا پۇلنى كۆيدۈرگىلى كەپتۇ. كەلگەن ئادەمنىڭ ئالدىدىكى ئاۋايلاپ ماڭغان ئادەم بولماي، كەينىدىكى «گۇرس، گۇرس» دەسسەپ ماڭغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كىچىك جىن ھەيران بولۇپتۇ.
كىچىك جىن بۇ ئىشنى چۈشەنمىگەن تەرزدە چوڭ جىندىن:
— ئەجەب بۇ ئادەم كەپتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئالدىدىكىسى ئاۋايلاپ ماڭغان، لېكىن جىنغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇ ساڭا پۇتلىشىپ يىقىلغان بولسىمۇ، تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلدىم دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا تاشنى يولدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىپ كەتمىدىمۇ؟ «گۇرس - گۇرس» قىلىپ ماڭغان ئادەمنىڭ قاتتىق تىۋىش چىقىرىپ ماڭغىنىنى ھېسابقا ئالما، ئۇ ئاشۇنداق مېڭىپ ئۆزىنى قورقماس قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەم بەك قورقۇنچاق بولىدۇ. تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلغان بولسىمۇ، يىقىلىپ كەتكىنىنى بىزدىن كۆرىدۇ. ئۇ جىننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا مانا بۈگۈن كەچ ئالدىراش قەغەز پۇل كۆيدۈرگىلى كەلدى، — دەپتۇ.
كىچىك جىن يەنىلا ئاڭقىرالماي:
— بىر ئادەمنىڭ بىزگە ئىشىنىدىغان - ئىشەنمەيدىغانلىقىغا قانداق باھا بېرىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ چوڭ جىندىن.
— بۇ سېنىڭ كۆزىتىشىڭگە باغلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ جىن.
— ئەسلىدە جىن بولماق ئادەم بولماقتىنمۇ قىيىن ئىكەن! — دەپتۇ كىچىك جىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئادەم ھاياتىدا دوك گۇلۇدەك ياشىشى، ياخشى كۆن كۆرسە كېرىلىپ، يامان كۈن كۆرسە ئۆزىنى تاشلىۋەتسە، نام - ئاتاق ئالدىدا ئۆز پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلاشسا بولمايدۇ.

## دوك گۇلۇنىڭ كۆچەت تىكىشى

ۋەن ۋېنشېڭ

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، كۆچەت تىكىشكە ماھىر دوك گۇلۇ ئىسىملىك بىرەيلەن بار ئىكەن.

دوك گۇلۇنىڭ بوۋىسى، ئاتىسىمۇ كۆچەت تىكىشكە ھېرىسمەنىكەن. ئۇ ئەسلىدە دوك ئەمەس ئىكەن، كىچىكىدە بوۋىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ كۆچەت تىككەنلىكىگە قاراۋېرىپ، ئالدىغا ئېگىلىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. بەك ئېغىر دەرىجىدە دوك بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى يەنىلا «دوك گۇلۇ» دەپ ئاتايدىكەن.

دوك گۇلۇ نۇرغۇن كۆچەت تىككەنىكەن، ئۇنىڭ تىككەن كۆچەتلىرى ياخشى ئەي بولىدىكەن، يوپۇرماقلىرى قويۇق، غولى توم ھەم تۈز بولۇپ ئۆسىدىكەن. ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينى، ئېتىز بېشىغىمۇ كۆچەت قويۇلغان، دەريا ساھىلىدىمۇ بىر پارچە دەرەخلىك بەرپا قىلىنغانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆچەت قويۇشى ھەم پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئەي بولغانىكەن.

دوك گۇلۇ كۆچەت تىكىپ نام چىقىرىپتۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىڭدىن تەلىم ئاپتۇ، بەزىلىرى ئوبدان ئۆگىنىپتۇ، بەزىلىرى ئۆگىنەلمەپتۇ. ئۇنىڭ بىر قوشنىسى بار ئىكەن، كۆچەت تىكىشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ ئۇنىڭدىن قايتا - قايتا:

— كۆچەت تىكىشتە قانداق سىر بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆچەت تىكىش تەس ئەمەس. بىرىنچى، ئۇسۇل مۇۋاپىق بولسۇن، ئىككىنچى، تىكىلگەن كۆچەتنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىش كېرەك. كۆچەت تىكىدىغان چاغدا، ئورەكنى چوڭقۇرراق كولاش، كۆچەتنى تۈز قويۇش؛ كۆچەت تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەتراپىغا يۆلىگەن توپىنى دەسسەپ چىڭداپ ئاندىن سۇ قۇيۇش كېرەك؛ ئاندىن كېيىن كۆچەتنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىش،

مىدىرلاتماسلىق، داۋاملىق سۇ قۇيۇۋەرمەسلىك، قۇرت چۈشكەن بولسا، قۇرتنى يوقىتىش كېرەك. مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، بۇنىڭدا قانداقمۇ سىر بولسۇن! — دەپتۇ ئۇ.

قوشنىسى دوك گۇلۇ دېگىنى بويىچە كۆچەت تىكىپتۇ. لېكىن تىككەن كۆچەتلىرى دېگەندەك ئەي بولماپتۇ. بەزى كۆچەتلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى شۇ پېتى بوي تارتماپتۇ. بەزىلىرى ئۆلۈپ قاپتۇ. كولاپ قارىسا يىلتىزى سېسىپ كەتكەنىكەن. ئەسلىدە، قوشنىسى ئالدىراڭغۇ ئادەم بولغاچقا، تىككەن كۆچەتلىرىنىڭ شۇ زامان ئەي بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. كۆچەت تىكىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۈگۈنى بېرىپ كۆچەتنىڭ شاخلىرىنى تۇتۇپ باقىدىكەن، ئەتىسى بېرىپ قۇرۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆچەتنى پات - پات سۇغىرىكەن.

— كۆچەتنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەگمە، كۆپ سۇ قۇيما. كۆپ سۇ قۇيساڭ يىلتىزى سېسىپ كېتىدۇ. قۇرغاقچىلىق بولمىسىلا، كۆچەتنىڭ ئايىنىشىغا يامغۇر سۇيىلا كۇپايە، — دەپتۇ دوك گۇلۇ.

قوشنىسى دوك گۇلۇنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. دەرۋەقە كۆچەتلىرىنىڭ تولىسى تۇتۇپ، بۇرۇنقىدىن ياخشى ئەي بولۇپتۇ.

دوك گۇلۇ بارغانسېرى نام قازىنىپ، نامى ناھىيە بازىرىغا تارقىلىپتۇ. ھاكىمنىڭ فامىلىسى جىن ، بېشى كىچىك، پۇتلىرى كالتە، بادام قورساق، تەقدىرىنى يەر شارائىتىغا باغلىۋالىدىغان خۇراپاتراق ئادەم ئىكەن. بىر پالچى ئۇنىڭغا پال سېلىپ:

— جانابلىرىنىڭ فامىلىسى جىن ( ئالتۇن) ئىكەن. سۇبھى دەمدە تۇغۇلغانىكەنلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى يارىلىشىدىنلا خورازنىڭ خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ يارالغانىكەنلا، بەش زات تادو تەلىمات بويىچە ئېيتقاندا، ئالتۇن سۇنى تەقەززا قىلىدۇ، گىياھنى يەكلەيدۇ. سۇبھى دەم مەزگىلى خوراز چىللايدىغان مەزگىل. خوراز ئېگىزدە تۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن چىللاپ تاڭدىن خەۋەر بېرىدۇ ھەم قۇياشنى چىللايدۇ. جانابلىرى ياغاچ تاشنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، يامۇلنى ئېگىزرەك قىلىپ سالسىلا، كەينى ھويلىغا بىر كۆل چاپتۇرۇپ، كۆلگە جانلىقلارنى باشلىسىلا، سىلى چوقۇم مەنسەپ ئەمەللىرى ئۆسۈپ، قالتىس دۆلەتمەن بولۇپ كېتىدىلا، — دەپتۇ.

جىن ئامبال پالچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ دەرھال

قۇرۇلۇش باشلاپتۇ. يامۇلنى پۇختا سېلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ياغاچلارنى تاللاش نىيىتىدە پۈتكۈل ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئۇلارغا دوك گۈلۈ سازلىقتىكى دەرەخلىرى ياراپ قاپتۇ. جىن ئامبالنىڭ ئادەملىرى كېلىپ دوك گۈلۈغا نەچچە تىزىق يارماق تاشلاپ قويۇپ، غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشىغا يول قويماي، سايازلىقتىكى دەرەخلەرنى تامام كېسىپ بولۇپتۇ. دوك گۈلۈ بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپتۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر دوك گۈلۈ ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىپتۇ. بەزىلەر بولسا ئىچىدە كۈلۈپ:

«كۆچەتنى ياخشى تىككەننىڭ، ئوبدان ئەي قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى بولدى ئۇ كۆچەتنى ئامبالغا تىكىپ بەرگەنىكەن» دەپتۇ. كۆچەتنى ياخشى تىكەلمەيدىغان ھېلىقى قوشنىسىمۇ سوغۇق گەپ قىلغانلارنىڭ بىرى ئىكەن.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېلىقى جىن ئامبال خىيانەت قىلىپ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن كىملەرنىڭدۇر پاش قىلىشى بىلەن مەنسەپتىن ئايرىلىپ، جىنايەتچى سۈپىتىدە ئېغىر ئەمگەككە بۇيرۇلۇپ يىراق يەرگە پالىنىپتۇ. ئوردا ناھىيىگە يەنە بىر ئەمەلدار ئەۋەتىپتۇ. يېڭى ئەمەلدارنىڭ فامىلىسى خۇ ئىكەن، قول - پۇتلىرى ئۇزۇن، گەۋدىسى كىچىك، ياداڭغۇ، تەقدىرىنى يەر شارائىتىغا باغلىۋالىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بىر پالچىغا پال سالدۇرۇپتۇ. پالچى ئۇنىڭغا:

— جانابلىرىنىڭ فامىلىسى خۇ ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بەش كۈن بىر ھېسابلايدىغان ۋاقىت بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان خۇ خېتى مايمۇندىكى خۇ خېتى بىلەن ئاھاڭداش، جانابلىرىنىڭ يارىلىشىدىنلا مايمۇننىڭ خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكلىرى شۇنىڭدىكەن - دە، مايمۇن ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ، دەل - دەرەخكە يامىشىشقا ئامراق، دۆڭگە چىقىشقا خۇشتار. جانابلىرى كۆچەت تىكىپ، تاغلارنى دەل - دەرەخ بىلەن باراقسان قىلىۋەتسىلە، ئەمەل - مەنسەپلىرى قەدەممۇقەدەم ئۆسىدۇ، ئىلتىپاتلىق ئەمەلدارلاردىن بولۇپ قالىلا، — دەپتۇ.

خۇ ئامبال پالچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قەۋەت خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. دەرھال كۆچەت تىكىپ تاغلارنى كۆكەرتىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ دوك گۈلۈنىڭ كۆچەت تىكىش ماھىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىراش ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ناھىيىگە ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا «كۆچەت تىكىش

ئۇستازى» دەپ نام بېرىپتۇ. ئۇنى پۇتكۇل ناھىيىنىڭ كۆچەت تىكىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ، ھەر ئايدا مائاش ئالىدىغان ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن قىلىپتۇ. دوك گۇلۇ كۆچەت تىكىشكە ئەزەلدىن ھېرىسمەن، ئۇ ئەمدى مەخسۇس ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلىدىغان، ھەر ئايدا مائاش ئالىدىغان تۇرسا، ئۇ نېمىشقا خۇرسەن بولمىسۇن؟ دوك گۇلۇ خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي ئىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

تالاي كىشىلەر دوك گۇلۇنى قۇتلۇقلاپ:

«دوك گۇلۇ كۆچەتنى ئوبدان تىكىدۇ. ياخشى ئادەم يەنىلا تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدۇ، ئۇ كۆچەت تىكىش ئۇستازى بولدى، پۇتكۇل ناھىيىنىڭ كۆچەت تىكىش ئىشلىرىنى شۇ باشقۇرىدۇ. ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەنسە، بۇنىڭدىن ئاۋاممۇ مەنپەئەتدار بولىدۇ. بىز دوك گۇلۇدىن ئۆگىنىپ، كۆچەتنى ياخشى تىكەيلى» دېيىشىپتۇ. كۆچەتنى تىكمەيدىغان ھېلىقى قوشنىسىمۇ كۆڭلىنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

دوك گۇلۇ كۆچەت تىكىش ئۇستازى بولغان ئاشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، پۇتكۇل ناھىيىدىكى ئورمانلىق ئايىنىپ كېتىپتۇ، قويۇلغان كۆچەتلەرمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپتۇ. دوك گۇلۇنىڭ نامى ئاستانىگە يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئاستانىگە ئەكەلدۈرۈپ خانلىق باغدىكى گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويۇش قارارىغا كەپتۇ. خۇ ئامبال بۇ خەۋەرنى دوك گۇلۇغا دەپتۇ.

— مەن ياشىنىپ قالغان ئادەم، يۇرتۇمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دوك، ئاستانىگە بېرىپ قالسام، خەقلەر تۇرقۇمغا قاراپ ئۆزلىرىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ دوك گۇلۇ.

دوك گۇلۇ زادىلا ئۇنىماپتۇ. خۇ ئامبالمۇ ئامال قىلالماي، نائىلاج پادىشاھقا دەستەك سۇنۇپ، دوك گۇلۇنىڭ كېسەلچان ئىكەنلىكىنى، خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئاستانىگە بارالمايدىغانلىقىنى دەستەككە ئوچۇق يېزىپتۇ. پادىشاھمۇ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالماپتۇ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن جىم بولۇپتۇ.

بەزىلەر دوك گۇلۇنى ئەمەلدار بولۇشنى بىلمەيدىغان، دۆلەت ياراشمايدىغان ئادەم دەپ زاڭلىق قىپتۇ. ھېلىقى قوشنىسى:


— ئۇ يارىلىشىدىنلا يالاڭ تۆش بولۇپ يارالغان، — دەپتۇ.

دوك گۇلۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاپا بولماي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي «ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى» پارتلاپ، ئاسىي قوشۇنلار ھۇجۇم بىلەن تۇڭگۇەننى ئىشغال قىلىپ، پايتەخت چاڭئەننى بېسىۋاپتۇ. پادىشاھ ۋە باشقا كاتتا ئەمەلدارلار سىچۇەنگە قېچىپ كېتىپتۇ. توپىلاڭچى قوشۇننىڭ كاتتىۋېشى ئۆڭلۈك چاڭئەندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپتۇ. ئوغلى باشچىلىقىدىكى «ياساۋۇللار قوشۇنى» خانلىق باغقا ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ «ياساۋۇللار قوشۇنى» ھەددىدىن ئاشقان شەپقەتسىز ئەبلەخلەر ئىكەن، ئۇلار خانلىق باغدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، كېنىزەك - چۆرە قىزلار-نىڭ بەزىلىرىنى خوتۇن، بەزىلىرىنى چاكار قىلىپ، خانلىق باغدىكى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ھېچنېمىسىنى قويماپتۇ.

بۇ خەۋەر دوك گۈلۈنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بارغاندا، كىشىلەر دوك گۈلۈنىڭ دانالىقىغا قول قويۇشۇپتۇ. ئۇ:

— مەن دانا ئەمەس! ئادەمنىڭ ھاياتى مېنىڭ كۆچەت تىككىنىمگە ئوخشاش بىر ئىش، ئامەتمۇ، ئاپەتمۇ، كىم بىلەلەيدۇ! — دەپتۇ.



چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىگەن بىلەنلا مەسىلە ھەل بولامدۇ؟ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يولى نەدە؟

# ئۆسمۈرنىڭ قەلبى

يې لىنخۇا

جاۋ ئىدارە باشلىقى نەۋرىسىگە ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. قەدىمكى زاماندا بىر رەھىمسىز پادشاھ بولغانىكەن. ئۇ كەم ئۇچرايدىغان دېڭىز قۇلۇلىسى يېيىشكە ئامراق ئىكەن. پەرمان چۈشۈرۈپ ئادەملەرنى دېڭىز قۇلۇلىسى تۇتۇپ كېلىشكە دېڭىزغا ئەۋەتىدىكەن. دېڭىز قۇلۇلىسىنى ئارىدىن بىر كۈن تۇتالمىسا، پادشاھ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بىر ئادەمنى قەتلە قىلىدىكەن. بىر كۈنى، كۆپچىلىك دېڭىز قۇلۇلىسى تۇتالماپتۇ. ئۇلار بەك قورقۇپ كېتىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئاپئاق ساقاللىق بىر ئەۋلىيا پەيدا بولۇپتۇ، ئۇ بىر پاقىنى ئۆيدەك چوڭلۇقتىكى دېڭىز قۇلۇلىسىگە ئايلاندۇرۇپتۇ ۋە بۇنى پادشاھقا سوۋغا قىلىشنى تاپىلاپتۇ. كۆپچىلىك خۇشال بولۇشۇپ دېڭىز قۇلۇلىسى قىلىپ قويۇلغان پاقىنى پادشاھقا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن قەلئەگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ ... دەپ تۇرۇشىغا ... ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىپتۇ.

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، كەلگەنلەر تونۇشلار ئىكەن. ئەسلى باقمىچىلىق مەيدانىدىكى شياۋ ۋاڭ بىلەن شياۋ ما ئىككىسى قائىدە بويىچە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى سوۋغا قىلغىلى كەلگەنىكەن.

ئۇ ئىككىسى قولدا توقۇلغان ئۈچ قارا خالتىنى كۆتۈرۈپ قارا تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. جاۋ ئىدارە باشلىقى ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، ئادىتى بويىچە سىرتقا قارىۋېتىپ ئادەم يوقلۇقىنى بىلىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ نەۋرىسىگە:

— ئوبدان بالام، تاغىلىرىڭ بىلەن دېيىشىدىغان ئازراق گەپ بار، سەن سىرتقا چىقىپ ئويناپ تۇر، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى سەل تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟ — دېدى. نەۋرىسى بوۋىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئويناقلىغىنىچە ئويىنىغىلى سىرتقا چىقىپ كەتتى.

جاۋ ئىدارە باشلىقى ئىشىكنى ئېتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جاپا چەكتىڭلار، قېنى ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭلار. سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار ھەقىقەتەن تەلەيلىك، ئۇنىڭ ئىشىنى يۇقىرى ئۇنۇم بىلەن قىلىدىغان سىلەردەك ئادەملىرى بار، — دېدى.

شياۋ ۋاڭ بىلەن شياۋ ما پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— جاۋ ئىدارە باشلىقى، تۇزۇت قىلماڭ، بۇ بىزنىڭ تېگىشلىك ئىشىمىز. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزگە غەمخورلۇق قىلمىغان بولسىڭىز، باقمىچىلىق مەيدانىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنى نەدىن بولاتتى، — دەپتۇ.

ئىدارە باشلىقى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قولدا توقۇلغان ئۈچ خالتىنى كۆرسىتىپ:

— لاۋ جاڭ بۇ قېتىم ماڭا نېمىلەرنى ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

— بىر خالتا يىراق شەرق تاشپاقىسى، بىر خالتا چوڭ راك، بىر خالتا گىرىبېشوك ئەۋەتتى، — دېدى شياۋ ما.

ئۇ ئىككىسى نەرسىلەرنى قويۇپ خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئىدارە باشلىقى جاۋ ئۇ ئىككىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ تۇرۇشىغا، نەۋرىسى يېنىپ كىرىپ، بايىقى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن بوۋىسىغا يېپىشتى.

ئىدارە باشلىقى جاۋ نەۋرىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ مېھرىبانلىق بىلەن ھېكايە-سىنىڭ داۋامىنى باشلىدى:

پادىشاھ كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك چوڭ دېڭىز قۇلۇلىسىنى ئەكەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خويمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تۆمۈرچىلەرنى ناھايىتى يوغان قازان ياساشقا بۇيرۇپ، بۇ قۇلۇلىنى شۇ قازاندا دۇملەپ پىشۇرۇپتۇ. قۇلۇلىنى يوغان ئارا بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۇرۇپ يەپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە يەپ تۈگىتىپتۇ. كىشىلەر پادىشاھنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ سىرتتا تۇرۇپتۇ. ئۇلار ساقلاپ تۇرۇۋېرىپتۇ، بىر چاغدا ئوردىدىن يوغان ھەم بەتبەشىرە بىر پاقا چىقىپتۇ. ئەسلىدە ئاچ كۆز پادىشاھ پاقىغا ئايلىنىپ قالغانىكەن، كىشىلەر بۇنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ پاقا مەيلى نەگە بارسۇن، كىشىلەر ئۇنىڭغا تۈكۈرىدىغان ھەم تاش ئاتىدىغان بولۇپتۇ.

ھېكايىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىدارە باشلىقى جاۋ پاقىغا ئايلىنىپ قالغان پادىشاھنىڭ كۈلكىلىك سىياقىنى نەۋرىسىگە دوراپ بەردى. نەۋرىسى خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىپ:

— پاقىنى ئۇرۇش كېرەك، پاقىنى ئۇرۇش كېرەك، — دەپ چۇقان كۆتۈردى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، قارىسا نەۋرىسىنىڭ چىرايى بىر قىسىم، ئۇ تۇيۇقسىز بوۋىسىدىن:
— بوۋا، تاشپاقا دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى توغرىدىن - توغرا.
ئىدارە باشلىقى جاۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:
— ھەي ئەخمەق بالا، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تاشپاقا ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.
— ئۇھ، — نەۋرىسى شۇنداق دەپ ھەيران بولغان ھەم چىرايى تاتارغان ھالدا داستىخان ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تەخسىدىكى تاشپاقا شورپىسىغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.
ئىدارە باشلىقى جاۋ چوكىسى بىلەن بىر پارچە تاشپاقا گۆشىنى قىسىپ نەۋرىسىنىڭ قاچىسىغا سالدى. نەۋرىسى ئۇنى شۇ زامات قاچىسىدىن ئېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى.
— يېگۈڭ يوقمۇ، قوزام؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن بوۋىسى ئالدىراش.
نەۋرىسى ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى داستىخان ئوتتۇرىسىدا تۇرغان تەخسىدىكى تاشپاقا شورپىسىدا ئىدى.
— بۇ بەك يېيىشلىك، سەن بۇرۇن داۋاملىق يەيتىڭغۇ؟ — دېدى ئىدارە باشلىقى جاۋ.
ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزى يەپ كۆرسەتمەكچى بولغاندەك چوكىسى بىلەن بىر پارچە تاشپاقا گۆشىنى قىسىۋېلىپ ئاغزىغا ئاپاردى.
— بوۋا، يېمە! — نەۋرىسى «ۋارلا» قىلىپ يىغلاپ، ئىدارە باشلىقى جاۋنىڭ چوكىسىدىكى تاشپاقا گۆشىنى قولى بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن ئۆزىنى قۇچىقىغا ئېتىپ ۋە بويىنىنى قۇچاقلاپ، — بوۋامنىڭ تاشپاقىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايمەن، تاشپاقىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى كۆرگۈم يوق! — دەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى تۆكۈلەتتى.
ئىدارە باشلىقى جاۋ ھاڭۋېقىپ نەۋرىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.
نەۋرىسى ياشلىرىنى ئېرتىپ تۇرۇپ:
— بايامقى تاغىلار ئەسكىكەن، ئۇلارنىڭ دېگەن گېپىنى ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم. ئۇلار بىز ئەكەلگەن نەرسىلەرنى كىم يېسە، شۇ تاشپاقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ! دېيىشتى، — دېدى.
نەۋرىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئىدارە باشلىقى جاۋنىڭ چوكا تۇتقان قوللىرى ھاۋادا قېتىپ قالدى، ئۇ قوللىرىنى ئەمدى چۈشۈرەلمەيتتى …

ئوڭۇشسىزلىقتا يولۇققاندا، قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىدىغان، تۇرمۇشقا باتۇرلارچە جەڭ ئېلان قىلىدىغان ئىرادىنى تىكلەش، ھاياتنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئىرادە ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

# ئىرادىنىڭ كۈچى

چېن يۈن تەرجىمىسى

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى پەيدا قىلغان بىر قېتىملىق سەرسانلىق ـ سەرگەردانچىلىقتا، تېنى ئاجىز بىر ئانا ئۈچ ياشلىق بالىسىنى يېتىلەپ مۇساپىرلار ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى.

مۇساپىرلار پىيادە مېڭىپ چېگرا تەرەپكە ئاستا سىلجىشتى. يالقۇنجاپ تۇرغان قۇياش ئۆتكۈر نۇرلىرىنى ھەربىر مۇساپىرنىڭ بېشىغا چاچاتتى. مۇساپىرلار قەدەملىرىنى تولىمۇ تەستە يۆتكەپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. يولدا كېتىۋېتىپ قاچان يىقىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى.

تېنى ئاجىز ھېلىقى ئانا ئاخىر چىداشلىق بېرەلمىدى، ئۇ بالىسىنى قۇچاقلاپ مۇساپىرلار ئارىسىدىن بىر پوپنى تاپتى، بىچارە ئانا ئۆزىنىڭ چېگرىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بالىسىغا باشپاناھ بولۇشنى ئېيتىپ، پوپقا يېلىنىپ ـ يالۋۇردى.

پوپ بۇ بىچارە ئانىغا قارىدى، ئۇنىڭ دوختۇرلۇقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بولغاچقا، بۇ ئانىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ ھەرھالدا بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئانىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ:

— بالا ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى، ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك، مەن باشپاناھىمغا ئالالمايمەن! — دېدى.

پوپنىڭ ئۆز تەلىپىنى شەپقەتسىز رەت قىلىشىدىن ئىختىيارسىز ئىنتايىن غەزەپلەنگەن تېنى ئاجىز بۇ ئانا بالىسىنى قۇچاقلىغان پېتى كەينىگە ئۆرۈلۈپ مۇساپىرلار قوشۇنىغا قايتتى.


كۈنلەر كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ، مۇساپىرلار ئاخىر بىر كۈنى چېگرىغا

يېتىپ باردى، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن مۇساپىرلار لاگېرىدا ھەربىر مۇساپىر خاتىرجەم ماكانغا ئېرىشكەن بول-دى. شۇ چاغدا، پوپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ھېلىقى تېنى ئاجىز ئانىنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ ھېلىقى ئانىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا:

— بالىڭىزنى باشپاناھسىز غا ئالـمـاي ياخشى قىلغانىكەنمەن، مانا بۇ-گۈن ئانا - بالا ئىككىڭلارنى ئامان - ئېسەن كۆرەلىدىم، — دېدى.

ئەقىللىق پوپ ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە، بىچارە بىر ئانىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. ھاياتلىق ئېنېرگە-يىسى كۆپىنچە ھاللاردا ئىرادىگە كەلگەن چاغدا پۈتۈنلەي قوزغىلىدۇ.

سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ كۈچىنى بىلىشىڭىزنى ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا يو-لۇققاندا، ھاياتىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، بېسىپ ئۆت-كىلى بولمايدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.



گەرچە ھايات قىسقا بولسىمۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ دولقۇنلۇق دېڭىز سەپىرىدە رول ھامان سىنىڭ قولۇڭدا بولىدۇ، ۋاقىت بۆرىسىگە ئېرەنسىزلىك قىلىپ سالما، ھاياتىڭغا تۇتقان پوزىتسىيەڭ ھاياتىڭنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ.

# جانغا تېگىلگەن خەۋپ

لى گۋاڭجى

بۇ ھايات يولىدىكى ئەڭ قاراڭغۇ كۈنلەر ئىدى — بۇنى ئاددىي پۇقرالارمۇ ھېس قىلالايدۇ — مەن شۇ كۈنلەردە تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، قوي گۆشى شورپىسى ئۇسسۇلغان گەردىن چىنىلەرگە قوتۇرماچ چىلاپ ساتىدىغان ئاشخانىلارنى تاپالماي تىمىسقىلاپ يۈرگەن تېرىككەك ئىتنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغانىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالتايدىن كەلگەن بىر قازاق ئۆۋچى بوۋاي يادىمغا يېتىپ قالدى. گەرچە ئۇ بوۋاي ھازىر مىلتىق كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ، تۇرمۇش تەجرىبىسى مول ئادەم ئىدى. شۇنىڭ يېنىغا بارسام كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالار دېگەن ئوي بىلەن چاقىرمىغان بولسىمۇ، كۆڭلۈم تارتىپ ئۆيىگە باردىم. ئۆۋچىنىڭ بالىلىرى ئىشقا كېتىشكەنىدى. مەن ئۆۋچى بوۋايىنىڭكىدە ساق بىر كۈن قالدىم. ئىككىمىز ئىككى بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقىنى ئىككى لېگەن گۆش بىلەن قۇرۇقداپ قويدۇق. دېرىزىدىن قاراڭغۇ چۈشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما مېنىڭ قوزغالغۇم كەلمىدى. ئۆۋچى بوۋاي ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ قىزارغان يۈزى پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىگە ئاللادىن پاناھلىق تىلىدى، مېنى «بالام» دەپ تۇرۇپ، ماڭا قارلىق دالىدىكى بۆرە توپى ھەققىدە، ئادەمنىڭ قارلىق دالىدا مەستلىكتىن تېز يېشىلىپ كېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى.


ئۇ چاغلار ئۆۋچى بوۋاينىڭ تازا قىران مەزگىلى ئىكەن. ئۇ تۆت ھەمراھى بىلەن مۇرىسىگە مىلتىقنى ئېسىپ، بىپايان دالىدا ئاتلىق كېتىۋاتقانىكەن. قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە، ئۆۋچى بوۋاي ئىختىيارسىز كەينىگە قاراپ يىراق يەردە پىلىلداپ يانغان كۆكۈچ نۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تەكشى يېيىلىپ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۆرە توپى! ئۆۋچى

بوۋاي چۆچۈپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ مەستلىكتىن شۇئان يېشىلىپ كېتىپتۇ.
ئوتتۇز ـ قىرىق بۆرىدىن تەشكىل تاپقان بۇ بۆرە توپى ئوۋچىلار ئۇچۇن
«بالايىئاپەت» ئىكەن، بۇ بۆرىلەرنى ئاتقىلى بولمايدىكەن، ئوۋچىلارنىڭ
بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.
هايات قېلىش ـ قالماسلىق ھەرقايسىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بىلەن جاسارى-
تىگە باغلىق ئىكەن. كىرپىك قاققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، كۆكۈچ نۇرلار
كۈچلۈك قان ھىدىنى ئېلىپ، ئۇلاردىن يۈز مېتىر يىراقلىقتا يېتىپ كېلىپ
تەڭلا ھۇۋلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى كىشىگە پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان
قانلىق ۋەقەنى ئەسلىتەتتىكەن. ئوۋچى بوۋاي ئېتىنى تىقىمدىۋاپتۇ، ئات شۇئان
ئالدىغا قاراپ ئوقتەك چېپىپ كېتىپتۇ. ئەھۋال بەك جىددىي ئىكەن، ئوۋچى
بوۋاي ھەربىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىدا كۆك نۇرلاردىن ھاسىل بولغان «قۇيرۇقلار»
نىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كىمكى بۇ «قۇيرۇق»لارنى تاشلى-
ۋېتەلمىسە، شۇ كىشىگە ھاياتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئېتىك بولىدىغانلىقى ئوۋچى
بوۋاينىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىكەن. ئۇ چۇلۋۇرنى تارتقانىكەن، ئېتى يېنىچە
چېپىشقا باشلاپتۇ. لېكىن كەينىدىن كېلىۋاتقان «قۇيرۇقلار» يېرىم ياي شە-
كلىدە «ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «لىككىدە» كۆتۈرۈلۈپ ئوۋچى بوۋاينىڭ
دۈمبىسىگە چاپلىشىپتۇ. توك سوققان چاغدا پەيدا بولىدىغان ئاغرىققا ئوخشاش
بىر ئاغرىق دەستىدىن دۈمبىسى شۇئان بىر پارچە گۆشى كېسىلىپ كەتكەندەك
چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىپتۇ. كۆكۈچ نۇرلار يەنە ئۇنىڭ پۇتىغا، يەلكىسىگە
ۋە بىلەكلىرىگە يامىشىپتۇ. ئوۋچى بوۋاي يالتىرىغان كۆكۈچ نۇرلار يورۇقىدا،
ئاپئاق چىشلار بىلەن قان-تېمىپ تۇرغان تىللارنى كۆرۈپتۇ. كۆكۈچ نۇرلارنىڭ
ئاتنىڭ بېشى تەرەپتىمۇ ئەلەكلەشكە باشلاپتۇ. ئوۋچى بوۋاينىڭ قولىدىكى
ئايلاندۇرۇلۇپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق توختىماي ئايلىنىۋاتقان تۈگمەنگە ئوخشاپ
قاپتۇ. ئوۋچى بوۋاي قولىنى بىكار قىلىپ خەنجىرىنى چىقىرىپ ئاتنىڭ كاسى-
سىغا زەربە بىلەن سانجىپتۇ. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئات تۆت پۇتىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپتۇ ـ دە، قۇيۇندەك چېپىپ كېتىپتۇ. مۇز تۇتقان دەريا، تىك قىيا
ۋە چاتقاللىقلار كەينىدە قاپتۇ. ئارىلىق بارا ـ بارا ئۇزىراپ، بۆرە توپى ئاخىر
غايىب بوپتۇ. ئامان قالغان ئوۋچى بوۋاينىڭ دۈمبىسىدىن ئىككى سۇيام تېرە
سويۇلغان، پۇتىدىن بىر پارچە گۆش ئۈزۈۋېتىلىپتۇ. ئۇنىڭ بىرلا ھەمراھى
هايات قاپتۇ. يەنە بىرەيلەننىڭ ھەرىكىتى ئاستا بولغانلىقتىن بۆرىلەر ئۇنى مىڭ
مېتىر دائىرە ئىچىدە ئاتتىن يىقىتىپ يەۋېتىپتۇ. شۇ ئىشتىن كېيىن، ھەتتا

ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ تېپىلماپتۇ. ھايات قالغان يەنە بىرى يۈرىكى چىقىپ كەتكۈدەك قورقۇپ كەتكەچكە، شۇ كېچىسى تۈن يېرىمىدە جان ئۈزۈپتۇ.

مەن پېشانەمنى ئېرتتىم، پېشانەمدىكى تەردىن قولۇم ھۆل بولۇپ كەتتى. بەك قورقۇنچلۇق ئىش بولغانلىقىنى، ھېلىمۇ ياخشى شەھەردە تۇرۇپ قالغاچقا، قورقۇنچلۇق بۆرە توپىنى كۆرمىگەنىكەنمەن، مەن شۇنداق دېدىم، ئوۋچى بوۋاي سۇس كۈلۈپ قويدى، ئۇ مېنى يەنە «بالام» دەپ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆرە توپىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى، ۋاقىت بۆرىنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى، ھەربىر ئىشقا يولۇققاندا، جەزمەن يۈگۈرۈپ ۋاقىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوۋچى بوۋاي ئاخىرىدا روھىمنى كۆتۈرۈشۈمنى، قانداق ئىش قىلىش توغرا كەلسە شۇ ئىشنى قىلىشىم، بۇ ھالدا يۈرسەم ھاياتىمغا خەۋپ - خەتەر يېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مېنى يەنە «بالام» دېدى.

ئوۋچى بوۋاينىڭكىدىن چىقتىم. ئۈستۈمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. توغرا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ھېچكىم ۋاقىتتىن ئىبارەت ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئەڭ قانخور بۆرە توپىنىڭ قوغلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ، مەيلى سەن دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ بەگزادىسى ياكى نامرات ئائىلىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بالىسى بول، ۋاقىت بۆرىلىرى سېنى رەھىمسىزلىك بىلەن يېۋېتىدۇ، ھەتتا سۆڭەكلىرىڭنىمۇ قويمايدۇ. سەن يارىلاندىڭ، «يارىلانغان» لىقىڭ تۈپەيلى ھاياتىڭغا خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان مەخلۇق بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىشتىن ۋاز كېچەلەمسەن؟ مەن مۇشۇلارنى ئويلىدىم، داۋاملىق ئويلاشقا پېتىنالمىدىم. مەن چۈشەندىم، مەن مەيلى نېمە ئىش قىلاي ياكى قانداق يولدا ماڭاي، دەرھال يۈگۈرۈشۈم كېرەك ئىكەن، بولمىسا ۋاقىت بۆرىلىرى كۆكۈچ نۇر چېچىپ، ئۈچلۇق چىشلىرىنى چىقىرىپ، قىپقىزىل تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ يا ئوقىدەك يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىدىكەن ...



مۇھەببەت رومانتىك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەيدىغان گۈل ياكى ئېسىل شاراب ئەمەس؛ بۇزۇلماس ۋەدە ھەم تولۇن ئاينىڭ كۈمۈش نۇرلىرىغا پۈركەنگەن گۈلزارلىق ئەمەس؛ ئۇ خىيالىي نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەت.

# سېنى ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ قالسام

شۈي ليەنشاڭ

ئۇ ئەسلىدە سىر دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئىدى، خوتۇنى بىلەن ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا توي قىلغان، ئوماققىنە بىر قىزى بار، بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان بىر ياش ئىدى.

ئۇنىڭ دۇكىنىغا تەرەپبال ئوت كەتتى، ئۇ بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغانىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە، دۇكاندىكى يۈز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى سىر ۋە ئون مىڭغا يېقىن نەرسە ـ كېرەك كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى. خوتۇنى ئىككىسى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت دېڭىزىدىن چىققۇچە، كۆيۈك بىلەن ئېغىر يارىلاندى، بەختكە يارىشا، ئۇلارنىڭ بىر ياشتىن ئاشقان قىزىنى قوشنىسى ئويناتقىلى ئاچىقىپ كەتكەنىدى. قىزى بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ توقسان پىرسەن قىسمى كۆيگەن، ئىككى پۇتىنىڭ تېرىلىرىلا ساق ئىدى، خوتۇنىنىڭ بەدىنى ئاتمىش پىرسەنت ئەتراپىدا كۆيگەنىدى.

دوختۇرخانىنىڭ كۆيۈك داۋالاش بالنىتسىدا ياتقان ياشنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىيتتى. دوختۇرخانىدا ياتقان بەش كۈندىن بېرى ئاتمىش مىڭ يۈەن چىقىپ كەتتى. بۇ پۇللار ئائىلىسىدىكىلەر يېقىن ـ يورۇقلىرىدىن قەرز ئالغان پۇل ئىدى. جەمئىيەتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئاز ـ تولا ئىئانە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ كۆيۈك يارىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كېتىدىغان نەچچە يۈز مىڭ يۈەنگە قارىغاندا، يىغىلغان پۇل ياماق بولمايتتى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى يېزىدا ئىدى، ئائىلىسىدە ئەڭ پۇلغا يارايدىغان بىسات — دۇكان كۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا كېتىدىغان راسخوت ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى، بۇنى ھەرقانداق بىر دېھقان ئائىلىسى كۆتۈرەلمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تالالاشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئىككىلىسى ئۆلگەندىن كۆرە،

ئىككىسىگە كېتىدىغان چىقىمنى خوتۇنىغا ئىشلىتىپ، خوتۇنىنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. قىزى كىچىك ئىدى، ئۇنىڭغا ئاپا بولمىسا بولمايتتى، ئۇ شۇنى ئويلىدى ···

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ياش دوختۇرلارغا داۋالاشنى توختىتىپ، ئۆزىنى ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى، بۇ ئىشنى خوتۇنىنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى دەپ ئۇلارغا يېلىنىپ يالۋۇردى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پۇل غەملەش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى بولمىدى، دوختۇرلار ئامال يوق ماقۇل بولدى، ئۇلارمۇ چارىسىزلىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ياش بىردىنلا ئۆلۈمگە يۈزلەندى. ياخشى كۆرگەن خوتۇنى بىلەن قىزىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كەلدى، لېكىن ئامال قانچە! ئۇ كۆيۈكتە مۇسكۇللىرى ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن خوتۇنىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقىدىن خۇش بولدى. ئۇ خوتۇنى ئۈچۈن مۇشۇ ئىشنىلا قىلالايتتى!

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئالدىدا، ئۆيىدىكىلىرى بىلەن دوختۇرخانىدىكىلەرگە ئاخىرقى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن خوتۇنى بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋالسا، ئۇنىڭ قولىنى بىر قېتىم، پەقەت بىر قېتىملا تۇتۇۋالسا قانائەت تاپاتتى.

ئېغىر كۆيۈك يارىسى بىلەن ناسىلكىدا ياتقان ئۇ ياش تىترىگەن قولىنى سۇندى — ئۇنىڭ كۆيگەن ئاشۇ قولى خوتۇنىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان قولىنى تۇتالمىدى، كىشىنىڭ ئىچىنى سىرىلدۇرۇۋېتىدىغان كۆرۈنۈشكە قاراپ تۇرۇشقا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلى چىدىمىدى.

ئۇ ياشنىڭ ئالدىنئالا كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خوتۇنى ئېرىنى دوختۇرخانىدىن يۆتكىلىپ داۋالىنىدۇ، بۇ پەقەت قىسقا مۇددەتلىك ئايرىلىش دەپ بىلدى. شۇنداقتىمۇ خوتۇنى ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ئۇ ياش ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىنلىك بىلەن خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ:


— يىغلىما، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. سەنمۇ ساقىيىپ كېتىسەن. ئىككىلىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يەنە دۇكان ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىمىز ··· — دېدى.

ئۇ ياش دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، يول بويىقان يىغلاپ ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

ئۇ ياش تۆت كۈندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن بىمەزگىل كېتىپ قالدى، ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال خوتۇنىنى ساقايتىش، قىزىنى چوڭ قىلىش توغرۇلۇق ئەل - ئاغىنىلىرىگە يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلدى …

ئۇنىڭ خوتۇنى داۋالىنىۋاتاتتى. ئۇنى سەللىمازا ساقايتىش ئۈچۈن، يەنە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن راسخوت كېتىدىكەن. ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، «كۆيۈك يارىسى ياخشىلىنىش باسقۇچىدا» دەپ بىلىدىكەن. خوتۇنى ئېرى بىلەن قايتىدىن باشلىنىدىغان يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇن توغرىسىدىكى ھەقىقىي ۋە ئېچىنىشلىق مۇھەببەت ھېكايىسى. بالا - قازا يېتىپ كەلگەندە، نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان ئاددىي كىشىلەر كۆپچىلىككە ھايات - ماماتقا بېرىپ تاقىلىدىغان سەلتەنەتلىك ھەم قايغۇلۇق مۇھەببەتنى نامايان قىلدى. ئۇلار بىزگە، ئېغىر پەيتلەردە مۇھەببەتنىڭ رومانتىكلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گۈل ۋە ئېسىل شاراب ئەمەس، بەلكى مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. ئەر ھاياتىدىن ۋاز كېچىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاخىرى ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى. ئۇ ناھايىتى ياش كېتىپ قالدى، لېكىن مۇھەببەتنى قۇتۇلدۇردى.



قاراڭغۇ كېچە ماڭا قارا كۆزەينەك بەردى، مەن مۇشۇ كۆزەينەك بىلەن يورۇقلۇقنى ئىزدەيمەن.

# ئەر - خوتۇن ئەمالار

بېي شۇمېي

ھەر قېتىم يامغۇر ياغقان چاغدا، يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپ ئالدىدا كىشىلەر بوران چىقىشتىن بۇرۇن ئۇۋىسى ئالدىدا غۇژمەكلىشىۋالغان چۈمۈللەردەك غۇژمەك بولۇشۇپ تۇرۇپ كېتىشەتتى.

ئادەملەر توپىدىن يىراق يەردە بىر ئادەم ئەزەلدىن مەكتەپ دەرۋازىسىغا قارىماي تېرەك دەرىخىگە يۆلىنىپ تىۋىش چىقارماي تۇراتتى. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن بىر بالا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ: ئۆيگە قايتايلى دېگەندىلا، ئۇ ئادەم ئورنىدىن قوزغىلاتتى. ئۇ سول قولىنى ئوغلىغا بېرەتتى، ئوڭ قولىدا ھاسا، ئوغلى بىللە يولنى كېسىپ ئۆتەتتى.

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى، ئۇ ئەما ئادەم يولنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ غېجەكنى مۇڭلۇق كۈيگە چالاتتى. ئۇ غېجەكنى تۈزۈك چالالمايتتى، غېجىكىمۇ ناچار ئىدى، غېجەكنىڭ ئاۋازى قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. غېجەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا پارچە - پۇرات پۇل سېلىنغان كونا كونسېرۋا قۇتىسى قويۇلغانىدى. كونسېرۋا قۇتىسىنىڭ ئاستى داتلىشىپ كەتكەنىدى. مەن بەزىدە كونسېرۋا قۇتىسىغا پارچە پۇل تاشلاپ قويۇپ، قۇلىقىمنى ئېتىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئالدىراش كېتىپ قالاتتىم.

كېيىن، ئۇ يايما يايدى، قولياغلىق، پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتاتتى، سودىسى بەك سۇس ئىدى. بىر كۈنى كەچتە، ئۆيگە ئاپتوبۇستا قايتتىم، ئاپتوبۇستىن چۈشسەم ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئەسلىدە بۇ ئەتراپتا توك توختىغانىكەن، يول چىراغلىرىمۇ ئۆچۈك ئىدى. سىم تاناب تۈۋرۈكى يېنىدا يورۇقلۇق بىگىز قولدەك يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكلىنىپ تۇراتتى. سىم تاناپ تۈۋرۈكى يېنىغا بېرىشىمغا ئەما قولچىراغنى ياندۇردى، ئۇ شام سەرەڭگە سېتىۋاتقانىكەن، باھاسىمۇ بەك ئەرزان ئىدى، مەن دەرھال شام سېتىۋېلىپ،

ئۆيدىكىلەرگە يورۇقلۇق ئەكىتىۋاتقاندەك ئۆزۈمدىن خۇرسەن بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈندۈزى ھېلىقى ئەمانى يول ياقىسىدا كۆرۈپ قېلىپ، ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاچچىقىمدا ئۆزۈمچە: سەن توك توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هارام پۇلغا ئېرىشسەڭ بولامدۇ! ھېلىقى سەندىن ئالغان شام قانداق شام ئۇ؟ شامنىڭ مايلىرى ئېقىپ قولۇمنى كۆيدۈرۈپ قويدى. شامنۇ دېگەندەك يورۇقلۇق بېرەلمىدى، خۇددى يالتىراق قوڭغۇزغا ئوخشاش، دەپ غودۇڭشىدىم.

ئۇ ھاڭۋاققان هالدا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى ـ دە، بىر هازادىن كېيىن:

— كەچۈرۈڭ، مەن ··· شام يورۇقى ··· قانچىلىك بولۇشى كېرەك ··· بىلمەيمەن. يالتىراق قوڭغۇزنىڭ قۇيرۇقى ··· قانچىلىك يورۇقكىن، بىلمىدىم. شۇ كۈنى توك توختايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر توپ شام سېتىۋالدىم ··· جاهان قاراڭغۇ، بىئارام بولدۇم، — دېدى.

مەن تۇرۇپ قالدىم. شۇ قاراڭغۇ كېچىدە، شام پۇرچاقچىلىك يورۇق بەرسىمۇ، قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرغاندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى. بىر ئەما كۆزى روشەن كىشىلەر ئۈچۈن غەم يېسە، مەن ئاق ـ قارىنى پەرقلەندۈرمەي ئۇنى ئەيىبلىگىنىمگە بەك پۇشايمان قىلدىم.

كېيىن، مەن تالاي كۈنلەرگىچە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى ئۇنىڭ يايمىسىغا بارمىدىم. بىر كۈنى، ئۇنى ئاۋازىمنى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن بىر دۆۋە ژۇرنال سېتىۋېلىپ ئەللىك يۈەن پۇلنى ئالدىغا قويۇپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا پۇل قايتۇرماسلىقنى ئېيتتىم.

مەن ژۇرناللارنى كۆتۈرۈپ، نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭماستىنلا، ئۇ مېنى چاقىردى.

— هەدە، سىز ماڭا نەچچىلىك پۇل بەردىڭىز؟ — دېدى ئۇ.

— ئەللىك يۈەن، — دېدىم.

— مەن ئەزەلدىن بۇنچىلىك چوڭ پۇلنى ئېلىپ باقمىغان، — دېدى ئۇ.

ئۇ ئاۋۋال پۇلنى تۈز پېتى، ئاندىن ئۆرە تۇتۇپ، ئالدى ـ كەينىنى توختىماي سىلىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— بۇ پۇل راست پۇل، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدىم.

— مېنىڭ قولۇمغا يالغان پۇل چۈشۈپ باقمىدى. كىمكى ئەما كىشىنى

بوزەك قىلسا، شۇنىڭ يۈرىكى كور بولۇپ كېتىدۇ. ماڭا ئارتۇق پۇلنىڭ كېرىكى يوق، مەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر قېتىم خاتالاشقانلىقىمنى بىلدىم.

ئۇ ئۇۋۇلاشنى نەدىن ئۆگەنگەنلىكىنى بىلمىدىم، ئۇنىڭ هال - كۈنى ياخشىلىنىپ، يېزىلىق بىر ئەما قىزنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. بىر كۈنى باغچىغا بېرىپ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە ياندىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار گۈللۈكنى بويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى كۆل ۋە تاغلارنىڭ مەنزىرىسى شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى. مەن ئىچىمدە، كۆل بىلەن تاغلارنىڭ مەنزىرىسى ئۇلار ئۈچۈن بىر شەپقەتسىزلىك دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ هېلىقى ئەمانىڭ ماختىنىپ تۇرۇپ خوتۇنىغا:

— قانداق ئىكەن؟ سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم، مەنزىرىسى يامان ئەمەستۇ؟ ئوبدانىراق كۆرۈۋېلىڭ! — دېدى.

— بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ — دېدى خوتۇ-نى يوشۇرمايلا ئۇنىڭغا.

— مەن كۆرگەن، پات - پات كېلىپ كۆرۈپ تۇرىمەن، — دېدى ئېرى.

بىر ئەما كىشىنىڭ ئاغزىدىن بىرنەچچە رەت «كۆردۈم» دېگەن گەپنى ئاڭلاش بىر تەرەپتىن كىشىگە هەسرەتلىك، يەنە بىر تەرەپتىن قىزىق تۇيۇلىدىكەن.

— باشقىلار كۆزى بىلەن كۆرسە، بىز كۆڭۈل، قۇلاق، قول ۋە بۇرنىمىز بىلەن كۆرىمىز ... كۆرىدىغانلىرىمىز باشقىلارنىڭكىدىن ئاز ئەمەس، — دېدى خوتۇنى.

ئېرى خوتۇنىنىڭ بارماقلىرىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا دەرەخنىڭ يىرىك قوۋزىقى-نى تۇتقۇزدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قولى ناهايىتى كىچىك بىر يوپۇرماققا تەگدى. ئېرى:

— كۆردىڭىزمۇ؟ نېمىدېگەن قېرى دەرەخ بۇ، شېخى نېمانچە يۇم-ران، — دېدى.

شۇ دەقىقىدە، مەن هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. بىز دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سالىدىكەنمىز. كۆرۈپ تۇرۇپمۇ دىققەت قىلمايدىكەنمىز. يادىڭىزدا بولسۇنكى، بىلىشكە تېگىشلىك هەقىقىي نەرسە كۆڭلىڭىزدە غوزەكلىشى كېرەك.

كېيىن بۇ ئەر - خوتۇن ئەمالار مۇھەببەتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ كۆزى
روشەن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ ئاستا - ئاستا چوڭ بولۇپ، باشلانغۇچ
مەكتەپكە كىردى. ئەما ئاتىسى ئۇنى مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ ئۆزى ئەكېتەتتى.

ئوغلى باشتا ئەما ئاتىسىنىڭ كەينىدە، هاسىغا ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ
يۈرىكى بارا - بارا چوڭىيىپ، يېشىل چىراغ يېنىشى بىلەن يولدىن ئۆتۈشكە
ئالدىرايتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، هاسىنى سېمونت يولغا
سانجىپ ئوغلىغا:

— ماشىنا چاقىنىڭ ئاۋازى بولمىسا، ئاندىن ئۆتەيلى ··· —دېدى. ئاخىر
بىر كۈنى ئوغلى ئاتىسىغا:

— ئاتا، مەن ساڭا يول باشلاي، — دېدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئىككى تەرىپىگە قارىۋېتىپ ئاندىن ئويناقلى-
غىنىچە ئالىبۇلىماچ سىزىقتىن ئۆتەتتى. ئاتىسى بىرىنچى قېتىم هاسا ئىشلەت-
مەي، كۆزلىرى روشەن ئوغلىغا ئەگىشىپ قەدەملىرىنى ئېگىز هەم يەڭگىل
كۆتۈرۈپ غەم - ئەندىشىسىز كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئوغلى چوڭ بولدى. كۆزى
روشەن كىشىلەر چوڭ بولۇپ قالغان باللىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكېتىش-
نىڭ هاجىتى قالمىغان چاغدىمۇ، هېلىقى ئەما يەنىلا مەكتەپنىڭ يېنىدىكى
تېرەك تۈۋىدە كىمنىدۇر ساقلاپ تۇراتتى.



كۆڭۈل شامىنى ياندۇرغانىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۆچۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرما. ئۇ داۋاملىق يېنىق تۇرسۇن. چۈنكى ئۇ ئۈمىد، چۈنكى ئۇ كۈنۈش، چۈنكى ئۇ مۆجىزە.

# كۆڭۈل شامى

### گاۋ شىڭ

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلى، بۇلۇتلۇق ھەم ھاۋا خۇنۇك چۈش ۋاقتى.

ئەنگلىيىلىك يازغۇچى سىشېر روبېرس ئادىتى بويىچە شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قەبرىستانلىققا بېرىپ، بىمەزگىل قازا يەتكەن ياش بىر كەسپدىشىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ئىختىيارسىز كۆزلىرى شۇ قەبرە تېشىنىڭ يېنىغا يېڭىدىن ئورنىتىلغان قەبرە تېشىغا چۈشتى، قەبرە تېشىغا مۇنداق بىر جۈملە سۆز ئويۇلغانىدى:

«پۈتكۈل دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇق كىچىككىنە شامنى يورۇقلۇق بىلەن ئەتراپىنى يورۇتۇش شان ـ شەرىپىدىن مەھرۇم قىلالمايدۇ!»

يالقۇنلۇق بۇ بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ پەرىشان كۆڭلىنى ئىللىتتى، ھاياجانغا سالدى ھەم خۇشال قىلدى. روبېرس شۇئان يېنىدىن قەلىمىنى ئېلىپ، بۇ بىر جۈملە سۆزنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. ئۇ مۇشۇ قەبرىگە ئويۇلغان بۇ بىر جۈملە سۆز قايسىدۇر بىر مەشھۇر زاتنىڭ «ھېكمەتلىك سۆزى» بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئىگىسىنى ئىمكان بار تېززەك تېپىش ئۈچۈن، ئۇ ئالدىراش تۇرالغۇسىغا قايتىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن بىر تالاي كىتابلارنى ۋاراقلىدى. لېكىن، ئۇ شۇنچە ئىزدەپمۇ بۇ «ھېكمەتلىك سۆز» نىڭ ئىگىسىنى تاپالمىدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە قەبرىستانلىققا يەنە باردى. ئۇ قەبرىستانلىقنى باشقۇرغۇچى خادىمدىن بۇ قەبرىدە ياتقان مەرھۇمنىڭ ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن ئۆسمۈر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەچچە كۈن ئىلگىرى نېمىسلارنىڭ لوندونغا ھاۋا ھۇجۇمى قوزغىغاندا پارتلاشتا قازا قىلغانلىقىنى ئۇقتى. ئۆسمۈرنىڭ ئانىسى ئېغىر مۇسىبەت ئازابىدا ئوغلىنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ، بېشىغا قەبرە تېشى ئورناتقانىدى.

بۇ تەسىرلىك ۋەقەلىك ئۇنى قولىغا قەلەم ئېلىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇنىڭ قەلىمىدىن بەكمۇ تەسىرلىك بىر ماقالە پات ئارىدا يورۇقلۇققا چىقتى.

بۇ ماقالە نەچچە كۈندىن كېيىن ئېلان قىلىندى. ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ھېكايە ھەش - پەش دېگۈچە جەمئىيەتكە تارىلىپ، كىشىلەرنى غەلىبە ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە مەدەتلەندۈرىدىغان ئۈمىد ئۇچقۇنىغا ئايلاندى.

ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىروئوك ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، ماقالىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھېلىقى بىر جۈملە سۆزنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەندى. بىروئوك ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يۇقىرى مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىغان بىرنەچچە كارخانىدىن ۋاز كېچىپ، نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن پەننى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى بىلەن ئافرىقىغا بېرىشنى قارار قىلدى.

— ئۇ يەرگە بېرىپ، ئىسسىققا چىدىيالماي قالسىڭىز، قانداق قىلىسىز؟

— ئافرىقىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىدۇ، قانداق قىلىسىز؟

— ناۋادا ئۇرۇش پارتلاپ كەتسە، قانداق قىلىسىز؟

دوست - يارەنلىرى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلدى. بىروئوك قەتئىي ھالدا:

— مەن قاراڭغۇلۇقتا قېلىشتىن قورقمايمەن، ئۆزۈمنىڭ شامىنى ياندۇرىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇلارغا.

بىروئوك بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، تولۇپ - تاشقان ئۈمىد بىلەن ئافرىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. بىروئوك ھەمراھلىرى بىلەن بىللە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئافرىقىدا ئۆزلىرىنىڭ شاملىرىنى ياندۇرۇپ، ئاخىر ئاسمانغا تۇتاش يورۇقلۇققا پۈركىدى. ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «نامراتلارنى يۆلەش ئەلچىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

شام گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنىڭدىن تارقالغان نۇر ئوراپ تۇرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ھەربىرىمىز ئەنە ئاشۇنداق بىر تال شام. بىر ئادەم مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئۈمىدسىزلىككە پاتقاندا، كۆڭۈل شامىنى ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسە، بۇنىڭ يامىنى يوق. قاراڭغۇلۇق يوقىلىدۇ، يېنىپ تۇرغان شامدىن ھەيران قالارلىق مۆجىزە قالىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر : تۇرغۇن داۋۇت ، دولقۇن قادىر
مەسئۇل كوررېكتور : خۇدابەردى خېلىل

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھاياجانغا سالغان ھېكايىلەر

# ئوڭ قول بىلەن باھا تالاشقان سول قول

تەرجىمە قىلغۇچى : ياسىن سېيىت ئارچىن

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى : 100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 787×1092م م. 16كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.25 |
| سانى | : | 0001 ـ 2000 |
| باھاسى | : | 24.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-08408-1/I. 1843（维 268）

责任编辑：图尔贡，多鲁洪
责任校对：胡达拜的

**图书在版编目(CIP)数据**

感动中学生的故事：维吾尔文/刘海涛主编；亚森·色依提译.
—北京：民族出版社，2007.7
（托起明天的太阳———民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-08408-1

Ⅰ.感... Ⅱ.①刘...②亚...Ⅲ.故事—作品集— 世界—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.114

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 099958 号

---

**出版发行**：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　　**邮编**：100013
**电　　话**：010-64290862（维文室）
**印　　刷**：北京迪鑫印刷厂
**版　　次**：2007 年 7 月第 1 版　2007 年 7 月北京第 1 次印刷
**开　　本**：787×1092 毫米 16 开
**印　　张**：16.25
**印　　数**：0001-2000 册
**定　　价**：24.00 元
ISBN 978-7-105-08408-1/I.1843（维 268）

---



ISBN 978-7-105-08408-1

9 787105 084081 >

定价：24.00元